ISSN 1002-9044

# تارىم

2

1995

ISSN 1002-9044

02>
9 771002 904009

# مەرھۇم ئابلىز نازىرىنىڭ ھاياتىدىن كۆرۈنۈشلەر



ئارامگاھتا



ياسىن خۇدابەردى، زۇنۇن قادىرلار بىلەن



قەلەمداشلار ئارىسىدا



ئەلقەم ئەختەم، ئابدۇكېرىم خوجالار بىلەن



ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە

باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام تۇختى، ئابدۇروسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي. ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن. زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.

## ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

45 - يىل نەشرى

2

1995

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


باغراش ............ يۈرەكتاغ (پوۋېست) ............ 17
ئەنۋەر مۇھەممەت ............ لاي سۇ ئىچكەن جانلار (پوۋېست) ............ 50
ياسىنجان سادىق ............ ئەتە يەنە پوچتالىيون كېلىدۇ (ھېكايە) ............ 78


## شېئىرلار


تۇمۇر داۋامەت ............ شېئىرلار ............ 4
مۇھەممەتجان سادىق ............ شېئىرلار ............ 6
ئىمىن ئەھمىدى ............ ئەكس سادالار ............ 9
ئوسمانجان ساۋۇت ............ سۆيگۈ ئەمەس تۇتۇق بەرگەن سەزگۈلەر ............ 11
ماخمۇتجان ئىسلام ............ ئانا يۇرت ئىشقى ............ 14
بۇۋىھەجەر ئارمىيە ئېلى ............ ئىككى شېئىر ............ 16
ياسىن زىلال ............ سۆيگۈ ئېقىنلىرى ............ 39
ئەرشىدىن تاتلىق ............ خاتىرەمدىن تەرمىلەر ............ 41
جاببار ئەمەت ............ جەننەت ئانىلارنىڭ پۇتى ئاستىدا ............ 43
رەھمىتۇللا جارى ............ يۈرەك سۆزى ............ 45
ئابدۇكېرىم مەخسۇت ............ قاش بويىدا تۆكۈلگەن قەترىلەر ............ 46
ئەمەت جاپپار ............ قوشماق كۇپلېتلار ............ 47
تۇراپ ھەسەن ............ ھاكىمنىڭ قەلبى ............ 48
ئەھمەت ھامۇت ............ ئېمنى تەسراتى ............ 49


### ئۈمىد چېچەكلىرى (14)

(شېئىرلار)


ئابابەكرى توختى ............ پاكلىق كۆلگەن جەننەت سەن ............ 114
ئەركىن موساق ............ ئارزۇيۇم ............ 115
تۇراپ دايىم ............ سەھرا ئۇنىڭ بۆشۈكى ............ 116
ھەببە يارمۇھەممەت ............ ئويغاتما، ئانا ............ 116
ئابلەت ئەخمەت ............ كەچمىشكە باي سۆيۈملۈك سەھرا ............ 117
ئۆمەرجان شاۋۇدۇن ............ تاڭ تارايدۇ تاغلاردىن ھالقىپ ............ 117
ئابدۇلھېكىم مەخسۇم ............ سۆيگۈدۇر ياشناتقىنى بۇ دۇنيانى ............ 118
گۈلزار ئابلەت ............ تۇنجى سۆيگۈ ئىزلىرى ............ 119

**باللار ئەدەبىياتى**

ئەخمەتجان قۇربان........... كالتە قۇيرۇق چاشقاننىڭ سەرگۈزەشتلىرى (باللار چۆچىكى)................................. 83

**خاتىرە ۋە ئەسلىمە**

مەھەممەت شاۋۇدۇن...... يېنىپ تۈگىگەن شام.................. 120

**مۇھاكىمە ۋە تەقرىز**

مەھەممەت ئەيسا........... قاھار جېلىلنىڭ پىروزا ئىجادىيىتى توغرىسىدا..... 128

**دۇنيا ئەدەبىيات ئىقىملىرىغا نەزەر**

سىمۋولىزىم ھەققىدە سوئال-جاۋابلار.......... 138

**كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن**

پاتىگۇل سالى............... خىجىللىق (ھېكايە)........................... 148
مەتئىمىنھاجى مۇلجەرى..... ئىززەتتىقۇ (ھېكايە)................... 150
راھىلە توختى............... نەسىرلەر................................ 151
نۇرمۇھەممەت توختىنىياز، ئابدۇرېشىت تۇرۇپ، مەخمۇت سىدىق، ئىلياس ئابلىمىت، ئابدۇكېرىم ئابدۇخالىق، ئابلىمىت رەخمىتۇللا، مۇھەممەت ئىمىن تۇرسۇن، لۇتپۇللا روزى... (شېئىرلار)... 151

**ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار**

قاھار جېلىلنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى... 155
قايغۇلۇق خەۋەر........................ 156
مارك تۋېيننىڭ سودىگەرچىلىك قىلىشى......... 157
خاۋەرنىڭ «پارلاق يول» نىڭ يېڭىباشتىن نەشىر قىلىنىشى ئۈستىدە توختالدى.............. 159
يۈز يىل ئاۋۋالقى ھۆكۈما.............. 160


* * *

رەسسام ۋە خەتتات: **مەھەممەت ئايۇپ**

مەسئۇل كوررېكتور: **قەييۇم تۇرسۇن**

تۆمۈر داۋامەت

# شېئىرلار

## ۋەتەن مۇقەددەس

ۋەتەن مۇقەددەس ھەممىدىن ھامان،
ۋەتەندە كۈلەر ئارزۇ ۋە ئارمان.
دانالار ئېيتىشۇر ۋەتەنسىزلەرنىڭ
كۆڭلى پەرىشان، چىرايى سامان.

بۇ ھېكمەت تەكىتىگە يەتكەنلەرمۇ كۆپ،
ۋەتەنگە جان پىدا ئەتكەنلەرمۇ كۆپ.
ئۇلارنىڭ قان-تەرى سىڭگەن تۇپراقتىن
ئۈندى گۈل، ۋۇجۇدقا كەلدى بۇ زامان.

ۋە لېكىن بۇ بەختىن بىزىپ بەزىلەر،
شۇ قەدەر كەڭ يولدىن ئېزىپ بەزىلەر؛
تارىختىن ئۆزىچە قۇسۇر ئىزدىسە،
قانداقمۇ ئۆتكۈلۈك ئىناق ۋە ئامان.

مەن دەيمەن: قولۇڭغا قەلەم ئال تۆمۈر،
ۋەتەننى مەدھىيىلە سەنمۇ بىر ئۆمۈر.
مىڭ داستان يازساڭمۇ پۈتمەيدۇ يەنە،
قېنى سەن نەزەر سال بەش مىڭ يىل تامان.

جۇڭخۇانىڭ كەلگۈسى پارلاق ۋە نۇرلۇق،
ئاڭا يول باشلىغان پارتىيە ئۇلۇغ.
ئىسلاھات يەتكۈزەر ئۇنى مەنزىلگە،
باق، ئۇنىڭ قەدىمى شۇنچە تېز-راۋان.

## غايە ۋە شىجائەت

ئوڭ قانىتىڭ غايىدۇر، سول قانىتىڭ شىجائەت،
غايە بىلەن شىجائەت-ئىقبالىڭغا كاپالەت.
تىكلىمىسەڭ چىن غايە قاراڭغۇدۇر نىشانەڭ،
ماڭساڭ ئەگەر نىشانسىز باسار پېشكەل-پالاكەت.

غايەڭ ئۇچۇن غەيرىتىڭ، شىجائىتىڭ بولمىسا،
يېتەلمەيسەن مەنزىلگە، قوچالمايسەن سائادەت.
شۇڭقار كەبى ئۆرلىسەڭ قانات قېقىپ پەللىگە،
يۈز ئاچىدۇ ئالدىڭدا نى مۆجىزە-كارامەت.

چىڭ باغلىساڭ بېلىڭگە چىن ئىرادە كەمىرى،
باش ئېگىدۇ قول بولۇپ مۇشكۈل دېگەن قاباھەت.
دەشت-چۆللەرنى باغ قىلساڭ، ئەل-ئاغزىنى ياغ قىلساڭ،
ئۇنتۇمايدۇ، ئەجرىڭنى مەڭگۈ ئەسلەپ جامائەت.

1993-يىل 21-ئاپرېل، بېيجىڭ

## ئوغلۇمغا

ئوت يۈرەك يىگىت بولۇپ يېتىلدىڭسەن،
ئات سېلىپ كىرگىن كۈرەش مەيدانىغا.
بۆسۈپ ئۆت نى-نى مۇشكۈل ئۆتكەللەرنى،
پۈتۈلسۇن شانىڭ ئۆمۈر داستانىغا.

ئەجرىڭدىن باغ بىنا قىل، دەشت-چۆللەردە،
ئايلانسۇن ئۇ سائادەت ماكانىغا.
ئاستىڭدا قالسۇن ئېگىز، تىك چوققىلار،
زېھنىڭدىن رەڭ بەر ئىلىم بوستانىغا.

تاقسا تۆھپە قوشۇپ شەرەپ گۈلى،
تەشەككۇر دەيدۇ ئەل مەرد ئوغلانىغا.
ئۆتكۈزسە ھاياتنى پۇشايمانسىز
يەتكۈسى ئادەم بۈيۈك ئارمانىغا.

1994-يىل 5-مارت، ئۈرۈمچى

## قەدىرلىك

دۇنيادا ھەممىدىن ئىنسان قەدىرلىك،
ئىنسانغا پاك سۆيگۈ، ۋىجدان قەدىرلىك.
جان پىدا ئەيلىگىن پاك سۆيگۈ ئۈچۈن،
جانغا-جان ۋاپادار جانان قەدىرلىك.

ئەمەل، نەپ قوغلىشىپ ساتما ۋىجدانىنى،
ئادەمگە ئەخلاقىي مىزان قەدىرلىك.
قىلمىغىن ۋاپاغا ھەرگىزمۇ جاپا،
دوستقا يار-يۆلەك مەردان قەدىرلىك.

دۇنيانى ياراتقان ئىنسان ئەمگىكى،
ھالال تەر سىڭگەن نان، تالقان قەدىرلىك.
ۋەتەننىڭ نېمىتى چوڭ قىلدى سېنى،
ھەر كىمگە ئانا يەر-ماكان قەدىرلىك.

يۇرت ئامان، سەن ئامان، بولمايسەن ھېچ خار
ئەل-يۇرتنى قوغدىغان پالۋان قەدىرلىك.
ئېچىلغاي چىن سۆيگۈ، ۋاپا گۈللىرى،
دىلغا ئوت ياققان شۇ ئارمان قەدىرلىك.

1994-يىل 18-دېكابىر، بېيجىڭ.

## ئۈمىد

رەھبەر بولساڭ ئەل كۆڭلىگە ياقار بول ھامان،
مېھرىبانلىق قىل خەلقىڭگە شاپائەت بىلەن.
كەمتەر، پاك بول، ئەل ھالىغا يەتكىن ھەر زامان،
ئاۋام دىلى يايرىسۇن بەخت-سائادەت بىلەن.

كۆكسى-قارنىڭ بولسۇن تارىم دەرياسىدەك كەڭ،
قابىللارنى قوينۇڭغا ئال كاپالەت بىلەن.
پاك دىلىڭغا قونمىسۇن ھېچ ئىللەت داغلىرى،
ئاقلا ئەلنىڭ ئۈمىدىنى شىجائەت بىلەن.

ۋەتەن ئۈچۈن بارلىقىڭنى قىلىپ بەخشەندە،
ياشاپ ئۆتسەڭ ئېسىل ئەخلاق، پەزىلەت بىلەن.
ئۆچمەس قىلىپ يېزىلسەن تارىخ بېتىگە،
نام-تۆھپەڭنى يادلار ئەۋلاد چىن ھۆرمەت بىلەن.

1994-يىل 29-دېكابىر، بېيجىڭ

## ۋاپادارلىق قەسىدىسى

(ئالتۇن تويىمىز شەرىپىگە)

بۇنىڭدىن ئەللىك يىل بۇرۇن ئىككىمىز
مۇھەببەت پىرىنى ئەيلىگەن تاۋاپ.
بىزگە قۇت تىلىگەن ئاتا-ئانىمىز،
دوست-يارەن قۇتلۇقلاپ تۇتۇشقان شاراب.

ھالقىدۇق يىقىلساق ئۆز-ئارا يۆلەپ،
ھاياتنىڭ جاپالىق داۋانلىرىدىن.
جان تىكىپ ئاسرىدۇق سۆيگۈ گۈلىنى،
تەقدىرنىڭ شىددەتلىك بورانلىرىدىن.

مۇھەببەت، ۋاپانىڭ مەنىسى نېمە،
باشقا كۈن چۈشكەندە چۈشەندۇق ئوبدان.
كۆيۈنۈپ ئۆز-ئارا بەرگەندە مەدەت،
ھەسەلدەك تېتىدى ئىچسەكمۇ يوبدان.

مەڭگۈلۈك باغلاندى كۆڭۈل رىشتىمىز،
بىرىمىز پەرۋانە، بىرىمىز چىراغ.
ئاغرىنىش، ۋايساشنى بىلمىدۇق پەقەت،
بولسىمۇ يوك ئېغىر، مۇساپە يىراق.

چوغ كەبى يالقۇنجاپ تۇرغاچ ئىشقىمىز،
جۇت قىشمۇ باھاردەك ئىللىق تۇيۇلدى.
ئۆز-ئارا ھۆرمەتتىن، مېھر-ۋاپادىن
يالقۇنلۇق يۈرەككە ساپ قان قۇيۇلدى.

بەش جەسۇر شۇڭقارنى، ئىككى بۇلبۇلنى
ئىشقىمىز ئۇچقۇنى قىلدى تەۋەللۇت.
دىللارغا سىغمايدۇ ئىپتىخارىمىز،
شان قۇچۇپ شۇڭقارلار يارغاندا بۇلۇت.

بۇلبۇللار كۈيىدىن سۆيۈنگەندە دىل،
دەيمىزكى، ئەجرىمىز كەتمەپتۇ بىكار.
شادلىقتا ئۇنتۇلۇپ چەككەن جاپالار،
يايرابمىز گويا شاھ قىلغاندەك شىكار.

تەۋرەنمەي ۋاپادىن ياشىدۇق مەغرۇر،
ھەقىقىي ئىنسانىي پەزىلەت بىلەن.
ئادەمگە ياراشماس ئۇجمە كۆڭۈللۈك،
تۇرمۇشمۇ گۈزەل چىن مۇھەببەت بىلەن.

بۇنىڭدىن دەل چارەك ئەسىر ئىلگىرى
ئۆتكۈزدۇق كۈمۈش توي، كۈيلەپ ۋاپانى.

ئۇ چاغدا چىراينى باسمىغان قورۇق،
ئەسلىتىپ تۇراتتى چاچمۇ سىياھنى.

ئەسىرنىڭ چارىكى ئۆتۈپتۇ يەنە
مۇھەببەت قويندا، ساداقەتتە ھەم.
ھايات زەپ لەززەتلىك بىلىنەر ئىكەن
چىن سۆيگۈ قەدرىگە يەتكەندە ئادەم.

ھە، بۈگۈن ئالتۇن توي ئۆتكۈزمەكتىمىز،
ئالەمچە شادلىققا چۆمۈلۈپ، يايراپ.
بېشىمىز ئۈستىگە قونسىمۇ ئاق قار،
ئىشقىمىز ئۇلغىيىپ يانار لاۋۇلداپ.

دىللاردا يالقۇنجار يەنە بىر ئارزۇ:
ئۆتكۈزسەك ئالماس توي، يەتسەك مۇرادقا.
ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ۋاپادار شۇنداق،
قالسىكەن شۇ ئۇدۇم ئەۋلاد-ئەۋلادقا.

1994-يىل 6-ئىيۇن، بېيجىڭ

**مۇھەممەتجان سادىق**

# شېئىرلار

## ناخشا — گۈزەل يۈرەك

(ئاتاقلىق ناخشىچى ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپنىڭ 82 ياشقا كىرگەنلىكىگە بېغىشلاپ)

سەكسەندىن ھالقىغان
كۆرمەبسىمىش دوزاخ ئوتىنى،
سەن بۇ يىل
سەكسەن ئىككىدە.
سەۋەبىمنۇ زادى ياش
دوزاخ بىلەن جەننەتكە؟
ئىسمىڭ
ھۆرمەت ئىلكىدە،
قۇياش ھامان كۈندۈزدە.
كېچىدىكىنى
يۇلتۇزدە.
لەيلىگە كۆيمىگەننى
مەجنۇن دەمدۇق؟!
ئۈمىدسىز ھامان قايغۇدا،
قارىغۇ ھامان قاراڭغۇدا،
نۇر سۆيمىگەننى
ھاياتقا
مەپتۇن دەمدۇق؟!
نۇر بىلەن ناخشا
قوشكېزەكمىش،

كىچىكىمدە
شۇنداق دېگەن ئانام ماڭا.
بىلمىدىم، ئۇيغۇرلار
شۇڭلاشقا خۇشتارمىكىن ناخشىغا؟!
ناخشا ــ
هايات ماڭا!
پروُمېتى
ئوت بېرىپ ئىنسانلارغا،
ياندۇرغانمىش
قاراڭغۇلۇقنى
لاۋۇلدىغان گۈلخان بىلەن.
سەن
ناخشا بەردىڭ ئادەملەرگە،
كۆرۈشتۈق تاڭ ـ سەھەردە
يالقۇنلىغان چولپان بىلەن.
يادىمدا،
غېرىب بولۇپ
ئىنتىزار بولغۇنۇڭ،
دەشتى بالادا
سەنەمگە،
ناخشاڭ يىغلاتقان توغراقلارنى...
يادىمدا،
نۇر بولۇپ
كۆيگىنىڭ غۇنچەمگە،
ناخشاڭ تامچىلاتقان
ماڭلاي ئاستىدىكى بۇلاقلارنى...
كېچىلەردىن يۇلتۇز ئۈزۈپ
ياسىدىڭ قۇياش
بېشىڭدىكى
شۇ كۈن ئەمەسمۇ؟
ياق، قۇياش ئالدىمىزدا،
ئايلانسۇن ناخشىغا
ئېلىنغان
هەر بىر نەپەسمۇ؟
ناخشا ــ مۇھەببەت،
ناخشا ــ گۈزەل يۈرەك،
ناخشا ــ گۈزەل كېلىچەك!
بىلگەنلىرىم شۇ بولدى
بىلەمسەن، سېنىڭدىن.
بىلمىدىم،
سەۋەبى شۇمىكىن:
سېنىڭ ناخشاڭ ئاققان داللارغا
ئاقتى شېئىر
ۋاپادار ئىنىڭدىن.
هايات مەڭگۈلۈك
ناخشا مەڭگۈلۈك.
ئىسمىڭ
بۈگۈنكىدەك توي ئوينار
ئەتىكى گۈلىستانلاردا.
تىڭشىغىنا، سايرىماقتا خۇش ئاۋاز بۇلبۇل،
تىڭشىغىنا، كۈلمەكتە كاككۇك،
بارار ئوغلۇڭ ناخشا ئېيتىپ
يولدا،
ياپ ـ يېشىل بوستانلاردا.

## يولۇڭدا ناخشام

نىگار
پۇراڭلاي ئوتەرمەنمۇ،
ئاھ، سېنىڭ
خۇش پۇراقلىق يۈرىكىڭنى؟!
گۈل گۈزەل.
قۇياش گۈزەل،
سەن ئۇلاردىنمۇ گۈزەل.
كۆرەرمەن قاچان
مۇھەببىتىڭ كۆركىنى؟!
سېنىڭ بىلەن
كۈن نۇرى ئاستىدا.
ئاي نۇرى ئاستىدا.
قولۇڭنى تۇتۇپ
يۈگۈرسەم گۈل ـ چېچەكلىك ئوتلاقلاردا.
مەجنۇنتال تېگىدە تۇرۇپ
قارىسام كۆزلىرىڭگە.
يۇسام يۈزۈمنى
شولاڭ چۈشكەن بۇلاقلاردا.
نىگار،

كۆزۈم يولدا ،
ناخشام يولدا ،
كەلسۇن مۇھەببىتىڭ
تەبەسسۇم قىلىپ.
سۇ سېپەرمەن يېشىم بىلەن ،
سۆيگۈڭ كېلىدىغان يوللارغا.
چىقارمەن ئالدىغا
بېشىمدا مېڭىپ.
ئاھ، ئازابلىق خىياللارمۇ
شېرىن بولىدىكەن ،
چىراي ئېچىپ
كىرمىسەڭ جانان.
كۆتەر قۇياشتەك چىقىشىڭنى ،
كوچاڭنى ئايلىنىپ يۈرگەن
يالقۇنلۇق ئارمان!

## تۇنجى قېتىم كۆرگەنىتىم

ھېمىشەم خىيالىمدا
تۇرار چىرايىڭ.
ئېپار گۈپۈلدىگەن
باھار ئايلىرىدەك.
خاتىرىلەر قانچىلىك گۈزەل.
ئاھ، چىقماس يادىمدىن
ياپ- يېشىل
ناخشىچى تاغ سايلىرىدەك...
ئاسماندا ئاي.
سەن كۆلەتتىڭ قاھ-قاھ ئۇرۇپ،
جانان كۈلكەڭدىن
تۆكۈلەتتى يۇلتۇزلار يەرگە.
سەن قانچىلىك مەسۇم،
سەن قانچىلىك خۇش خۇي،
قارايتتىم ئوخشاپ
لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان
گۈلگۈن سەھەرگە...
ئېھ، ئاشۇ ئايدىڭ كېچە
ھاياتنى تۇنجى قېتىم
كۆرگەنىتىم

ماڭا تىكىلگەن
مۇھەببەتلىك كۆزلىرىڭدىن.
تىلەيمەن :
بىر ئۆمۈر كۆرسەم
شۇ ئايدىڭدىكى تەبەسسۇمىڭنى
گۈل ئېچىلغان يۈزلىرىڭدىن

## بارمۇ چارە

ئاچچىقلانغان خىياللىرىم
گۈلدۈرلىدى گۈلدۈرمامىدەك.
ئۆزىدىن ئۇچقان بىر تاش
ئۆزىنى قىلىۋەتتى پارە-پارە...
يۈرىمەن يىغالماستىن
ئاھ، چېچىلغان ئويلۇرۇمنى.
قانداق قىلاي،
بارمۇ چارە؟!

## ئانىسىز ئوغۇل بولماس

خىياللار
تۇتتىمۇ قايماق،
ياكى ئۇ كۆك سۈتمىدۇ؟
خىياللار
ئۇچتىمۇ قامغاق،
ئۇ چۆللەشكەن يۇرتمىدۇ؟
ئەل-يۇرتتىن ئايرىلىپ
ئۇچىۋىدىم يۇلتۇزلار ئارا
بولدۇم قەلەندەر
كېلىمەن چۈش كۆرۈپ:
ئۇچماقتا قۇملار،
ئاھ، بۇ قەيەر؟!
تۇپراقسىز
ئۆسەلەمدۇ گۈل-گىياھ؟
بۇدۇنە ، قارىغىنا . ۋىتىۋىلداق.
ئانىسىز ئوغۇل بولماس،
زېمىنسىز گۈل.
يۇرت ئېچىدە خىيال پارلاق!

ئىمىن ئەھمىدى

# ئەكس سادالار

قولىمىزدا بولسا بىر بۇغداي نانى،
بىر كاسا شاراب ھەم قوينىڭ بىر سانى.
مەيلى خارابىدە ئولتۇرايلى بىز،
بۇ بەختنى تاپالماس جاھان سۇلتانى.
— ئۆمەر ھەييام

## چەش

دادام ھەر يازدا بىر ئېھرام ياسايدۇ،
بىراق ئۇ پىرئەۋن بولمايدۇ زىنھار.
ئېھرامنى بۇزىمىز، ھايال ئۆتمەستىن
بالىلار پىرئەۋن كەبى ياشايدۇ،
دادام يەنە يېڭى ئېھرام كويىدا
ئېتىزلارغا كۆكۈل قىلىدۇ ئىرھار.
دادام مېھنىتىنىڭ ئالتۇن رەڭ ئىزى
خاماندىن كۆپ ئۆتمەي ئۆچۈپ كېتىدۇ.
چۆلدەرەپ قالىدۇ ئېگىزلار يۈزى،
ئېھرام يۈرەكلەرگە كۆچۈپ كېتىدۇ.

لېكىن مەن بىر كونا سىرنى يەشمەككە
تىل دەريا بويىدا قاتۇرمايمەن باش.
دەيمەن ئالىملارغا تېپىشماق سۇپەت
ياتسۇن يىراق ساھىل يېنىدىكى تاش.
ماڭا ئۇلۇغ ھامان تارىم ۋادىسى
ئۇستىدە دادامدىن پۈتكەن ئىمارەت.
ئۇنىڭ ھەر بىرى بىردىن مۆجىزە
ئەزەلدىن ۋە ھازىر، ئەبەدىلئەبەد.
ئۇ دادام مەڭزىدىن سىرغىپ ئاققان تەر،
جاھىل ئەقىدىدىن مىننەتسىز سوۋغات.
ئۇ يىگىت-قىزلارغا ئەجدادتىن تويلۇق،

ئۇ ئويچان كۆزدىكى ئالىيجاناب ياش،
ئۇ يەردىن دادامغا تەگكەن مۇكاپات.

كۆرسەڭ مۇشۇنى كۆر، ئۇنۇتما نىگار،
ئۇنىڭ سۈيى قاندىن، خىشلىرى داندىن.
ئۇ شۇنچە مۇقەددەس، شۇنچە بىغۇبار،
يېرىمى زېمىندىن، يېرىمى جاندىن.
بىر ياڭغىن مەن ئۈچۈن قالىدۇ مىراس،
ۋە ئالقىش ئالىدۇ پۈتۈن جاھاندىن.
ۋەجە شۇ دادامنىڭ يەرلىكى ئاددىي،
ئۇنى قاتۇرىمىز لايدىن، ساماندىن...

دادام ھەر يازدا بىر ئېھرام ياسايدۇ،
بىراق ئۇ پىرئەۋن بولمايدۇ زىنھار.
ئېھرامنى بۇزىمىز، چەشلەپ بولۇپلا
دادام بىر تۆھپىكار كەبى ياشايدۇ
ۋە ئەلنىڭ كۆڭلىدە تىكلەيدۇ مازار...

## دادام ئاڭلىمىغان سۆزلەر

ئەگلىك ئاددىي، خىيالىڭ ئاندىن،
ئىشقىڭ كەبى ساددا، ئورۇق سەن.
دالالارنى بېزەيسەن داندىن،
تىرىلمىگان يەردەك ئورۇق سەن.
توڭلىغىنىڭدا يالىڭاچلىقنى،
ئاچ قالغاندا ئەلنى قىلىپ ياد،
نامرات يەرگە مۇھەببەت ئارزۇدىن
مۇنار تىكلەپ بولسەن پەرھاد.
بىر نېنىڭنى ئىككىگە بۆلۈپ،
چوڭراقىنى قوشناڭغا تۇتساڭ؛
شاھ بولدۇم دەپ كېتىسەن كۈلۈپ،

كۆكۈل بىلەن كۆكۈلنى ئۇتساڭ.
بىناملاردا يالت-يۇلت كەتمىنىڭ،
ئىچىلمىغان بوزلاردا ناخشاڭ.
ھاردۇقىڭنى ئالاتتى تۇگەل
ئانام كۇتۇپ تۇرغان شۇ ئاخشام.
داشقازاندا قايناپ نەچچە يىل،
پۇتۇن چىقتىڭ مالامەتلەردىن.
پەخرلەنگەن تۇگمەن كويلىسى
پىشانەڭدىن تۆكۈلگەن تەردىن.
قەلبىڭ گويا يالاڭ تاغلاردەك،
ئارمانلىرىڭ ئوچۇق-ئاشكارە.
ئىچىڭ روزا، تىشىڭدا ھىيت
بولغىنىنى بىلمىدىم زەررە.
قوشتىن چىقىپ سۆرەمگە ماڭساڭ،
تەئەججۇپتە قالاتتى ئۆكۆز.
ھىرىش-چارچاش ئىرادەڭگە يات،
تەلپۇنەتتى ساڭا قارا كۆز.

سەپەرلەردە چىلان تۇرۇق سەن،
مىھمىنىڭغا ئوچۇق-يورۇق سەن.
جاپا ئوچۇن كۆيۈپ تۇرغان ئوت،
نەگە ئاتسا دەل تىگەر ئوق سەن.
ئەيىبىڭ يوق ئەيىب ئەتكۇدەك،
تىرىڭ ھالال، ئىتىقاد ھالال،
ئىككى ئالەم بىرلا سۆزۈم بار:
ئادەملىكتە بەكمۇ ئۇلۇغ سەن.

### ئۆزۈمگە مەسخىرە

نان ئىتىزدىن، قويلار قوتاندىن،
ئىتىزلارسىز ئاق نان قەيەردە؟
گۆشتىن قورقماي، قاندىن قورقسەن،
بىلەمسەنكىن قوتان قەيەردە؟
دەيدۇ ھەممە جان يىلتىزى ئاش،
ئاش يىلتىزى شۇ دان قەيەردە؟
قۇرۇق تاغار تىكلىنىپ تۇرماس،
يىمەي-ئىچمەي جاھان قەيەردە؟
مەيلى ساراي-خارابىدا تۇر،
ناندىن كەچكەن سۇلتان قەيەردە؟
ھوشۇڭ بىلەن ئويلىغىن بىر قۇر،
ئۆزۈڭ نەدە، دىھقان قەيەردە؟

### سىنى ئىزدەپ

بۇگۇن دىرىزەڭنى ئاق قار چىكىدۇ،
ئەتە دىرىزەڭنى باھار چىكىدۇ.
ياق، قىشنىڭ قوينىدا باھار ئاتلىق قىز،
دىمەك ۋۇجۇدۇڭنى باھار چىكىدۇ.
مەزمۇت قولۇلىرىڭدىن ئاقتۇرۇشۇپ تەر،
سىنى مەنبە بىلىپ ئەنھار چىكىدۇ.
ئەگىز چىشلەپ كىلىش ئىستىكى بىلەن
سۆيۈپ پىشانەڭنى ئەنقا چىكىدۇ.

ئاپئاق سۇتتەك ھالال قەلبىڭدىن سىنىڭ
رەڭگىمگە رەڭ بەر دەپ يۇزۇڭگە قونۇپ،
بىغۇبار دىلىڭنى ئاق قار چىكىدۇ.
سىنىڭ مۇھەببىتىڭ يۇرتۇمنىڭ بەختى،
يۇرتنىڭ ئەتىسىنى باھار چىكىدۇ.
دادا، سەن پەرھادتەك تاغلار كەسكەچكە
چۇشۇڭ پەنجىرىنى بىر يار چىكىدۇ.

### شەھەر ھاياتىمدىن پارچە

بىنا بىلەن قورشاپ ئىلىندى
ماڭا قالغان ئالقانچە بوشلۇق.
چەك-چىكى يوق ئىدى بويۇمدىن
سەللا ئىگىز ئۆسكەن قومۇشلۇق.

قۇشقاچلارغا ئۇۋا يوق بوندا،
ئاڭلانمايدۇ پاقىنىڭ ئۇنى.
يىپيەلمەيمىز يىلدا بىر ھەتتا
يىڭى چىققان بىدە كۆكىنى.

مۇشتەك كەبى كىچىك قەپەستە
ئىسەدەيدۇ سەييياھ تۇمۇزغا.
ھەسەل يۇقۇپ قالدۇ بەزەن
توڭلاتقۇدا ئېرىگەن مۇزغا.

نەدە قالدىڭ پايانسىز سەھرا،
نەدە قالدىڭ گۈزەل تەبىئەت.
ئويغىنايچۇ، ئەي ئەزىز ئانا
دەرھال كېلىپ مېنى ئەللەي ئەت...

ئۇسمانجان ساۋۇت

## سۆيگۈ ئەمەس تۇتۇق بەرگەن سەزگۈلەر

### ئۈچرىشىش

ئۇچراشتۇق يۇرتۇڭدا شۇنداق تۇيۇقسىز،
تونۇماي قاپتىمەن مەن سېنى دەرھال.
تولغاندى يۈرەكتە بىر كونا يىلتىز،
روھلىرىم چايقالدى ۋەسلىڭگە بوپ لال.

سۆرەلگەن شۇ سۇمبۇل چاچلىرىڭ قېنى؟
قەيەرگە مۆكۈندى يۈزۈڭدىكى ئاي؟
ھەر كويغا سالدۇرغان پەرىنىڭ تېنى؟
نەلەرگە داجىدىڭ پەرىزات چىراي؟

تىلسىمدەك بىلىنگەن ياناقلار قېنى؟
ئاتەشتەك تىلى بار كۆزلەرچۇ، كۆزلەر.
ئەجەپمۇ قىيىندا تاپتىمغۇ سېنى،
ئۆزگەرگەن قامەتلەر قىسمەتنى سۆزلەر.

تىغ تەگدى يۈرەككە بۇ بىر ئەتىمىشتىن،
كۆزلەرگە دەريادەك يامراپ كەلدى ياش.
تاغلاردەك قىسسە بار تاشتەك كەچمىشتىن،
ھەممىنى بىلدۇ ئالەمدە قۇياش.

ھېچكىمگە باقمايدۇ ئالەمدە زامان،
تۇرسىمۇ سەۋەبلەر قولۇڭدا پەۋەس.
بۇ ۋاقىت جاللاتتۇر، جاللاتتىن يامان،
بۇ چىنلىق خىيال ۋە مۇھەببەت ئەمەس.

### ئۇۋا

كۆكۈل تىنىپ، تىنچلانسام ئەگەر بىر ئەسنا،
تورۇسلاردا يالتىرايدۇ گۈلدەك جامالار.
گۈل ئېچىلار تاملار ئۆزرە ھۇپپىدە ھەتتا،
ئېسىپ كېتەر دىماغ يېرىپ ئېپار شامالار.
چۈشۈمدە بار، ئويغۇمدا يوق ھېكمەتلىرىمدىن
ئاڭلىنىشقا باشلار تېخى رۇشەن سادالار.
ئۆكۈنۈشلەر ئالىمىنى يۇتۇپ كېتەر قىن،
ۋاپالارغا ئايلىنىدۇ تارتقان جاپالار.
ئەينەكلەردە ۋاللىدىشىپ ئالتۇن يازۇلار
كېلەر كۆنىنىڭ ئۆزلۇقىنى پىچىرلار ھەدەپ.

شاخارىشىپ بۇلۇقلىشار بۈيۈك ئارزۇلار،
سەرۋىلەرنىڭ بەرگلىرى چاقنىغان سەدەپ.
ئىشىك چېكەر خىزىر سۈپەت قىرىنداشلىرىم،
هەر نۇقتىدا دەۋرەپ كېتەر قارارسىز ئىلهام.
ياىراشلاردىن لال بوپ مېنىڭ نەشتەردەك تىلىم،
تومۇرلاردا شوخ مەرغۇللار ئاقار بوپ قىيام.
قۇسۇرلارنى ئاگۇقىرالماس بولۇپ قالىمەن،
هەر قەدەمگە بىردىن بەدەل شەپەق بىلەن كۈن.
شىۋەقەدىر قولىدىكى گۈلنى ئالىمەن،
ياشا دەيدۇ قۇلىقىمغا مىليون-مىليون ئۈن.
لېيىتمىغىن تەگرىم مېنىڭ سۆزۈك سۈيۈمنى،
تۇيغۇلارنىڭ جۇش ئۇرغىنى راست بولسۇن ئەبەت.
پىرنىڭ ئۆزى قۇيۇپ چىقسۇن قۇيار كۈيۈمنى،
ياش نوتىدەك كۆكلەپ تۇرسۇن دىلدا مۇهەببەت.

## ماۋزۇسىز

دوزاخ ۋەسلىم بارمىدۇ جەننەت چۈشۈگدە،
كۆز دەپ بىلىپ هۇدۇقارمۇ كۆزۈمنى كۆزۈك.
ئىزسىز پىتى سىلىنارمۇ بېشىم تۆشۈگدە،
بىرى بىر بوپ ئۆتەرمۇ هەم سۆزۈگدە سۆزۈم.

ئىشىكىگدىن كېپىنىمنى سۆرەپ ئۆتۈمەن،
كۆزلىرىگدە بارمىدۇ دەپ بىرەر تامچە ياش.
سەندىن هەردەم بىر مۆجىزە لەرزە كۈتىمەن،
چىدامى بار ئاخىر بىر كۈن چېچەكلىتەر تاش.

چىنارىگغا سۇ باشلىدىم بولۇتتىن سوراپ،
شوخ گۈللىرىڭ ئېسىلىشتى شۈئان قولۇمغا.
ۋۇجۇدۇمنى قايىنلانماس تۇيغۇلار ئوراپ،
يوپۇرماقلار سۆيگۈ تۆكتى ماڭغان يولۇمغا.

ئۆگىتىپ قوي ئۇچۇپ يۈرگەن شامالىرىگغا،
سۆزلەپ ئۆتسۇن دېرىزەمدىن كۆكۈل سىرىگنى.
باقسام ياركەن ئەبەدىيلىك قامالىرىگغا،
سۆيگۈم بىلەن، ئېرىتىمەن سۆيگۈ پىرىگنى.

## سۆيگۈ ئەمەس تۇتۇق بەرمەس سەزگۈلەر

سۆيگۈ ئەمەس تۇتۇق بەرمەس سەزگۈلەر،
يامغۇر ئەمەس يەلدە ئۇچقان تامچە ھەم.
زەررە يۈكنى كۆتۈرەلمەس رەزگىلەر
ۋە تاپالماس بۇ ئالەمدىن بىر مەلھەم.

ئۇچقۇن چېچىپ كۆيمىگىنى ئوت ئەمەس،
ئۇچقۇر كۆيلەر قۇيمىغىنى ئىلھام ھەم.
قېرىمىغان ۋولقانلارغا كۆچ پەۋەس،
سۆيگۈ بولسا، ئۆلۈملەردىن نىمە غەم.

يۈلتۈز بولۇپ يانمىغىنى نۇر ئەمەس،
قىرغاق بۇزۇپ ئاقمىغىنى ئېقىن ھەم.
بۇلۇت سۆيگەن چوققىلارغا ئار پەۋەس،
يېنىش بىلەن چېقىن بولار چېقىن ھەم.

ئېلىك ئۇچۇن ئۆلمىگىنىڭ ئەر ئەمەس،
شەيتىنىگنى ئاتمىغىنىڭ باتۇر ھەم.
تاغ كۆتۈرگەن يەلكىلەرنى تاغ دە، بەس،
بارچە قۇدرەت، بار كارامەت تاغقا جەم.

## ئۆزۈم ئۇچۇن ئۆزۈم پۈتكەن دۇئالار

تاغدەك ھەسرەت يۇدۇپ تۇرۇپ ئۆشنەگدە،
تاغدەك تەمكىن كۆلەلىسەڭ باتۇرسەن.
گۈلنىڭ پەرزى كۆرك بېرىش گۈلشەنگە،
يوقنى تاپساڭ ئىجادكارسەن، تاپقۇرسەن.

قەرزدارسەن تۇپراققا ھەم، نۇرغا ھەم،
قايتۇرمساڭ ئۆسەر تىنماي ئۆسۈمى.
قېرىنداشلار قەرزى تېخى بولدى جەم،
ئېچىپ ئىبتسام بۇ چىنلىقنىڭ يۈسۈنى.

مىليون يۇرەك كۆتۈرگەننى كۆتۈرسەن،
ئاسمان بىلەن جەڭ قىلىشاق بول چوققا.
يېتىم تىرناق تەمە ئۆسسە يىتتۈرسەن،
پىكىرلىرىڭ ئوخشاپ تۇرسۇن دەل ئوققا.

ۋال-ۋۇل نىقاپ ياراشمايدۇ ئەپتىڭگە.
ھەپرەڭگە ھەيۋەت بەرمەس قۇرام تاش.
تەلەك كەلمىسۇن ھەرقاندىقى تەپتىڭگە،
ھۇرلەرنىڭ قاتارىدا سەن قول باش.

چۇقانلارغا سالما قۇلاق، بۆلمە ئوي،
ئۆز يولۇڭنىڭ بېشىدا بار مىڭ جەننەت.
يوروقلۇقنى قارغىغانغا بەرمە بوي،
يوروقلۇقلا شائىر سۆيگەن يار پەقەت.

## ئەركەم

بىز ئاچقان يوللاردىن مېڭىپ كېلىسەن،
روھىڭدا گۈللەيدۇ گۈلدەك خۇشاللىق.
مەنزىلنى بىزلەردىن ياخشى بىلىسەن،
كەلگۈسى سەن ئۈچۈن نۇرغۇن سوئاللىق.

ھەربىرسۆز، ھەربىرئوي، ھەربىرھەرىكەت
ئىدىتلاپ كۆرستەر ئەلكۆنگە ئەردەم.
ماڭلايدا تەرلىرىڭ پۈتمەس بەرىكەت،
مۇشكۈلگە تىرەلگەن پۈتلىرىڭ بەردەم.

ئالتۇندىن تۇزانلار چاچرايدۇ دائىم،
پورەكلەر لىۋىگە قونىدۇ ھەتتا.
دىللاردىن شوللار چاچراپ مۇلايىم،
تەبىئەت باغرىنى يۇيىدۇ ئەمما.

چىرايلىق غۇنچىلار، چىرايلىق تاڭلار،
چىرايلىق بىخلار ھەم چىرايلىق دۇنيا؛
يارىتىپ تىنماستىن چىرايلىق ئاڭلار
توزغانلار ئۇرنىنى ئالىدۇ گويا.

چىرايلىق رىۋايەت سىڭىنىڭ ئىشلىرىڭ،
سۆزلەيمەن زېمىنگە، ئاسمانلارغا ھەم.
ھەممىگە پاتىدۇ سېڭىنىڭ چىشلىرىڭ،
ئۆڭمىگىن، چىرايدىن كەتمىگىن ئەركەم.

1994-يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى

ماخمۇتجان ئىسلام

# ئانا يۇرت ئىشقى

ۋەتەن دېگەن مۇقەددەس ئۇقۇم،
مەزمۇنىمۇ شۇنچە كەڭ ئۇنىڭ.
مەنىسى بار باھار، ھاياتلىق،
بەخت دېگەن سۆزگە تەڭ ئۇنىڭ.
ۋەتەن سۆيۈش — چوڭ بىر ئىمتىھان،
سىنايدۇ ئۇ ھەر قانداق ئەرنى.
تۇنجى سوئال: سۆيەمسەن-يوقمۇ
كىندىك قېنىڭ-تۆكۈلگەن يەرنى؟

## 1

كۆز ئالدىمدا تاغلىق مەھەللە
قار ئاستىدا ياتار مۈكچىيىپ.
زۇمچەك-زۇمچەك قىيسايغان ئۆيلەر
ماڭا باقار سوغۇق چەكچىيىپ.
پاكار-پاكار دەرەخلەر قاقشال،
قاقىلدايدۇ قاغىلار بوغۇق.
خۇددى يىلان ۋىشىلدىشىدەك
شۇركەندۇرەر ئادەمنى سوغۇق.
ئاندا-ساندا كۆرۈنگەن چىغنى
قوي-ئۆشكىلەر يېيىشەر تالاپ.
ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرار ئۇلار
سۇدا ئەمەس، قار-مۇزنى يالاپ.
ئاپتاپ چۈشكەن خالىي بۇلۇڭدا
يىپ ئىگىرەر ئۇچ-تۆتچە ئايال.
غىچىرلايدۇ كونا چاق مۇڭلۇق
ئاياللارغا تۆككەن كەبى ھال.
خامانلىقتا بىر نەچچە بالا
قوشقاچ تۇتار قورۇشۇپ باسماق.
(ئۆتمەمدىكىن سوغۇق ئۇلارغا،
قاراپ باقسام پۇتى يالاڭياغ.)
كۆرۈنمەيدۇ بۇندا ىسمىتاناپ،
كۆيلىمەيدۇ شوخ ناخشا زوۋۇك،
سادا بەرمەس گۈدۈكلەر ياڭراق،
ئادەملەرنىڭ تۇرقى بەك روۋۇك.
ئەجەپ ھال بۇ مۇشۇ دەۋردە،
بولۇپ قالدى مېنىڭ كۆڭلۈم غەش.
ئويلاپ قالدىم: بۇ مەھەللىدە
دېھقان كۈنى نېمىدېگەن تەس!

## 2

بىرى گويا خەۋەر قىلغاندەك
ئەل-جامائەت توپلاندى چاپسان.
ماڭا ئەمەس، قارا پىكاپقا
قاراپ كەتتى بولۇشۇپ ھەيران.
مەھەللىنىڭ باشلىقى بىزنى
باشلاپ كىردى ئاددىي بىر ئۆيگە.
كىگىز، كۆرپە ئېلىپ مەرەپتىن
سالدى، مېنى چىقاردى تۆرگە.
پالاڭ يېقىپ، مەدەك كۆيدۈرۈپ
چاي قايناتتى قەدىم داڭقاندا.
داستىخانغا ئەپ كەلدى كۆمەچ
ۋاقىت ئۆتۈپ قورساق ئاچقاندا.
دېدى: بۇندا شارائىت ناچار،
چارىمىز يوق پولۇ، لەڭمەنگە.
لايىق ئىدى سويساق ئات، تۆگە
ئۆزلىرىدەك مېھمان كەلگەندە.
نېمە دەرگىن دېگەندەك تەڭلا
ئەل-جامائەت قاراشتى ماڭا.

دېدىم: بۇندا تۇرمۇش قىيىنكەن،
تولۇق كۆردۈم بۈگۈن مەن مانا.
ئەڭ ياخشىسى كۆچۈپ بېرىڭلار
بازار ياققا — ياخشىراق جايغا.
ئۇندا تۇرمۇش بولار باياشاد
تەڭ ئايلىنىپ ھەممەيلەن بايغا...
بۇ سۆزۈمدىن ھەممە جىم بولدى
كۆڭلى غەيرىي ئىشنى تۇيغاندەك.
قايناۋاتقان قازانغا گويا
بىردىن سوغۇق سۇنى قۇيغاندەك.
مەھەللىنىڭ باشلىقى شۇندا
دېدى: قىللا ناۋاتتەك بىر گەپ.
رەھمەت ياخشى كۆڭۈللىرىگە،
قاتتۇرۇپلا كۆپ باش بىزنى دەپ.
سىلە ھاكىم، كېلىدۇ جەزمەن
قولۇڭلاردىن بىزنى كۆچۈرۈش.
لېكىن، كۆچۈش ئەجداد ئىزىنى
بولۇپ قالار بۇندىن ئۆچۈرۈش.
ئەجدادىمىز ئۇزاق زاماندىن
مۇشۇ يەردە كۈن كۆرۈپ ئۆتكەن.
مۇشۇ يەرنى ئېچىش-گۈللەشكە
ھارماي-تالماي قانۇ تەر تۆككەن.
مۇشۇ يەرگە تۆكۈلگەن بىزنىڭ
تۇغۇلغاندا كىندىك قېنىمىز.
بۇ يەر بىلەن قان-گۆشتەك يېقىن
بولۇپ كەتكەن تەن ۋە جېنىمىز.
كۆچۈپ كەتسەك كۆرەرمىز راھەت،
لېكىن بۇ يەر ئايلىنار چۆلگە.
روھىمىزمۇ قالغۇسى ئوخشاپ
قاغجىرىغان، سولاشقان گۈلگە.
ھەممە كۆچسە تۇغۇلغان يەردىن
راھەت ئىزدەپ، ياخشى كۈن ئىزدەپ؛
قەدىم جايلار — مۇشكۇل كۆپ يەرلەر
چۆل-جەزىرە بولسا بىر-بىرلەپ؛
يۈز كېلىمىز قانداقمۇ، ھاكىم،
شۇ يەرلەرنى ئاچقان ئەجدادقا؟
قانداق جاۋاب بېرىمىز ئاخىر
قىستاڭلاردا قالغان ئەۋلادقا؟
چاپان ئەمەس، ھاكىم، يۇرت دېگەن
قىشتا كىيىپ، يازدا تاشلاشقا.
يار-يۆلەك ئۇ مەزمۇت تاغ كەبى
ھاياتلىقتا داۋان ئاتلاشتا.
بىز بۇ يەردىن كۆچمەيمىز مۇتلەق،
رىشتى ئۇنىڭ يۈرەك قېنىدا.
ئانا يەر بۇ بىزنى چوڭ قىلغان،
ئاپئاق سۈتى، قىزىل قېنىدا.
ئىشەنسىلە ھاكىم بۇ يەرنى
بىز قۇرىمىز قىلىپ باغ، جەننەت.
بىزدە باركى كۈچ، ئەقىل، ئاڭا
مەنبە ئانا يۇرتقا مۇھەببەت...
بىردىن ئالقىش ياڭرىدى ھەيۋەت،
ئۆي، مەھەللە كەلدى لەرزىگە.
قوشتى ئاۋاز تاغ، زېمىن، ئاسمان
قەلبى ئويغاق مەردنىڭ لەۋزىگە.

3

ئاشۇ سۆزدىن يۈزۈم قىزاردى
ھەمدە ياندى قەلبىمدە بىر ئوت.
ئانا يۇرتنىڭ ئىشقىنى ھەرگىز
ئۆچۈرەلمەس، قار، بوران، سوغ جۇت.
ئاشۇ سۆزدىن ۋەتەن سۆيۈشكە
ئۆرنەك ئالتۇن مۇنارنى كۆردۈم.
ئەقىل، قۇدرەت بېرىپ ئادەمگە
چاقناپ تۇرغان تۇمارنى كۆردۈم.
ئاشۇ سۆيگۈ — ئانا يۇرت ئىشقى
باركى، ئادەم ئۆلمەيدۇ ئەبەد.
خاراب بولماس گۈل-گۈلىستانلار،
چۆللەر ياشنار بولۇپ باغ، جەننەت.

1994-يىلى ماي، خوتەن

بۇۋىھەجەر ئارمىيە ئېلى

# ئىككى شېئىر

## ۋەتەن سۆيگۈسى

سېنىلا سۆيۈپ كەلدىم ئەزىز ۋەتەن،
سەن بىلەن روھىم پۈتۈن، سۆيگۈم پۈتۈن.
جىمى مۇھەببەتنى يىغدىم بۇ دەم،
ھاياتتا بىر سېنىلا سۆيمەك ئۈچۈن.

مېھرىڭدىن، مېھرىم ئۈزۈپ كېتەلمەيمەن،
قانلىرىم سۆيگۈك بىلەن كەتكەن تولۇپ.
سەنسىز ھەم ئارمانىمغا يېتەلمەيمەن،
سېنىڭسىز ئۆمۈر گۈلۈم كېتەر سولۇپ.

تەمترەپ قالغان چېغىم بونسۇغاڭدا
ئىلتىپات نەزەرىڭگە بولدۇم نائىل.
ۋۇجۇدۇم تاپتى لەززەت قۇچىقىڭدا،
شەپقىتىڭ-سۆيگۈڭگە چىن بولدۇم قايىل.

ۋەسلىڭدىن تاپتىم چەكسىز مۇھەببەتنى،
سۆيگۈمنىڭ مېۋىلىرى بولدى قىيام.
سېنىڭدە كۆردۈم بۈيۈك ھەققەتنى،
قۇت-ۋىسال شەربىتىگە لىق تولدى جام.

سېنىلا سۆيۈپ كەلدىم ئەزىز ۋەتەن،
بەختىمنى بىر سەن ئۈچۈن قىلىپ بەدەل.
ساڭىلا مەنسۇپ سۆيگۈ-پاك ئەقىدەم،
مېھرىڭنى ئۇلۇغلايمەن ئېيتىپ غەزەل.

## خەير خوش ئۇرۇمچى، خەير خوش مەكتەپ

ياشىدىم باغرىڭدا ئىككى يېرىم يىل،
سۇرگۈنۈم گوياكى شاھنىڭ ھۇزۇرى.
بىر بۈيۈك ئەقىدە سىڭدى ئېڭىمغا،
ئۆسەركەن مۇندا بىر ئىنسان غۇرۇرى.
قەلبىمدە ئارمانلار قالدى مەسسلەپ،
خەير خوش ئۇرۇمچى، خەير خوش مەكتەپ.
كەلگەنتىم باغرىڭغا باغلاپ ئىشتىياق،
گىرىمسەن دىلىمغا ياقتىڭ سەن چىراق.
ئوت ئالغان قەلبىمگە تۇتاشتى پىراق،
كېلىچەك دىلبىرى كۈلگەندە ئوماق.
سېنىڭدىن ئايرىلىش تەس ئىكەن ئەجەب،
خەير خوش ئۇرۇمچى، خەير خوش مەكتەپ.

باغرىڭدىن جىسمىمغا چېچىلغان چېچەك
يورۇتتى ئاي كەبى قەلبىم تۆرىنى.
پەرلەر ئالدىمغا يايغاندا ئېتەك،
ئاڭلىدىم ھىجران ۋە شادلىق كۈيىنى.
باغرىڭدا قۇچقىنىم بىلىم-مەرىپەت،
خەير خوش ئۇرۇمچى، خەير خوش مەكتەپ.
سېنىڭدىن تەۋەللۇت بولغان ئەسەرلەر
كۆزۈم قارىقىدا تۇرار يالتىراپ.
ئەقىدەم چولپىنى سالغان قەسىرلەر
ياڭراتتى كۈيىنى ساڭىلا ئاتاپ.
نامىڭنى كۈيلىمەك مەن ئۈچۈن شەرەپ،
خەير خوش ئۇرۇمچى، خەير خوش مەكتەپ.

دېڭىزنىڭ تىنجىماس دولقۇنلىرىدەك،
قانلىرىم سۆيگۈدە ئاقار ئۆركەشلەپ.
ئىلھامىم قاقىقاندا قاناتلىرىنى،
قالىمەن سەندىكى كۈنلەرنى ئەسلەپ.
دۇنيانىڭ كەچمىشى ئىكەن مۇرەككەپ،
خەير خوش ئۇرۇمچى، خەير خوش مەكتەپ.



باغراش

# يۈرەكتاغ



(پوۋېست) *

ئېلدوس ئىككى خىيال بولۇپ تۇرۇپ تۇرەككە، تۇرۇپ مىراۋۇشقا، تۇرۇپ يۈرەكتاغ تەرەپكە، تۇرۇپ مەھەللىگە قاراپ قويدى. ئۇ نېمشقىدۇر ياكى يۈرەكتاغنى، ياكى شاقۇرنىڭ قارىسىنى كۆرەلمىدى. يىراقتىن ئاسمان پەلەك كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان قويۇق تۇزان باللار تۇرغان بوشلۇقنى چەمبەرسىمان قورشىۋالغانىدى. شۇڭا نە يۈرەكتاغنى، نە مەھەللىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. ھوشقىيتىپ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان شامالدىن قويۇق توپا ھىدى كېلىۋاتاتتى. ئېلدوس قاراشقا ئۇڭايراق بولسۇن ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ يان تەرىپىدە چوقچىيىپ تۇرغان ئېگىز بارخانغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ مىڭبىر تەستە ئۇنىڭغا يامىشىپ چىقتى، ئۇ بارخاننىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تۆت ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتى. ئەتراپتا بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان چاڭ-تۇزاندىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرۈپ بولمايتتى. تېخى تۈنۈگۈنلا ئۆزلىرىگە ناھايىتى يېقىن كۆرۈنگەن يۈرەكتاغ بۈگۈن ئۇشتۇمتۇتلا ئىز-تىزسىز غايىب بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ شاقۇرنىڭ قارىسىنى كۆرمەك بولۇپ ئۆزىچە ئۆزلىرى كەلگەن تەرەپ دەپ ئويلىغان ياققا كۆز تىكتى. شاقۇرمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ تومۇرنىڭ سوقۇشى بىردىنلا تېزلىشىپ كەتتى، يۈرەكتاغ بىلەن شاقۇر نەگە كەتتىكىنە؟ شۇنچە يوغان تاغ بىر كېچىدىلا نەگە يۆتكىلىپ كېتىدۇ؟ مەھەللىچۇ؟

— ھەي باللار، يۈرەكتاغ يوققۇ؟! شاقۇرمۇ كۆرۈنمەيدۇ...

ئېلدوس ھەم ھودۇقۇش، ھەم ھەيرانلىق ئىچىدە پەستە تۇرغان ھەمراھلىرىغا

* بېشى ئۆتكەن ساندا

ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ گېپى بىلەن تۇرەك ۋە مىراۋۇشلارمۇ ئۇ تۇرغان بارخانغا يامشىپ چىقىشتى. ئۇلارمۇ تۆت تەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈشتى:

— راستىنلا يوققۇ؟ نەگە كەتكەندۇ؟

ئۇلارنىڭ كۆزى يېتىم ئارىلىقتا ئېگىز-پەس قۇم بارخانلىرى ۋە دۆڭ-يوتىلار چوقچىيىپ تۇغان كەگرى بوشلۇق سوزۇلۇپ ياتاتتى. شۇ تاپتا يۇرەكتاغ ۋە شاقۇرنى كۆرۈش ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلار يۇرەكتاغنىڭ قايسى تەرەپتە، شاقۇرنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنىمۇ پەرق قىلىشالمىدى.

— بىز قايسى تەرەپتىن كەلدۇق؟

ئېلدۇس تۇرەك پىتقا قاراپ ساراسىمە ئىچىدە سورىدى. شۇ تاپتا تۇرەك پىتمۇ مەھەللىنىڭ قايسى تەرەپتە قالغانلىقىنى ئىلغىيالماي گاڭگىراپ قالغانىدى. ئۇ ئۆپچۆرىسىگە زەن سېلىپ مەجھۇل قىياپەتتە دېدى:

— ئاخشام ياتقان يېرىمىز ئاۋۇغۇ، بىز... بىز ئەنە ئاۋۇ تەرەپتىن كەلگەن ئوخشايمىز.

باللار ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراشتى، لېكىن ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ راستىنلا شۇ تەرەپتىن كەلگەنلىكىگە ئىسپات بولغۇدەك ھېچ نەرسىنى بايقىيالمىدى. ئۇلارنىڭ ئاخشامقى ئاياغ ئىزلىرىنى ئاللىقاچان شامال ئۇچۇرتقان قۇم كۆمۈپ تاشلىغانىدى.

— يۇرەكتاغچۇ؟

مىراۋۇش تۇرەككە زەردە قىلغاندەك غودۇڭشىدى.

— يۇرەكتاغ ئاۋۇ تەرەپتىغۇ؟! مۇشۇ بىز قاراپ تۇرغان تەرەپتە، — دېدى تۇرەك ئىشەنچسىزلىك بىلەن.

شۇ چاغدا ئېلدوس بىردىنلا ۋەھىملىك چىرقىرىۋەتتى. باللار ئۇنىڭغا ئالاقزادە بولۇپ قاراشتى.

— قارا... قارا... قاراڭلار...

تۇرەك بىلەن مىراۋۇش ئېلدوس كۆرسەتكەن تەرەپكە تەڭلا قاراشتى. ئۇلار يامشىپ چىققان بارخاننىڭ نېرىقى بەل تەرىپىدە يېڭى تۇغۇلغان ئاسلاندەك چوڭلۇقتىكى بىر كەسلەنچۈك ئۇلارغا كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاغزىغا كىچىككىرەك بىر تال كەسلەنچۈك بېشىچىلاپ تىقىلىپ قاپلىشىپ قالغانىدى. كىچىك كەسلەنچۈكنىڭ بېشى بېلىگە كەلگۈچە چوڭ كەسلەنچۈكنىڭ گېلىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بېلىنىڭ تۆۋەن يېنى ئىككى پۇتى بىلەن بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا سىرتتا تىپىرلاپ تۇراتتى. چوڭ كەسلەنچۈك كىچىك كەسلەنچۈكنى يۇتالماي قىيىنلىۋاتامدۇ ياكى تازا مەززە قىلىپ يەۋاتقاندا بۇ ناتونۇش، چاقىرىلمىغان مېھمانلارنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇلاردىن قىزغىنىپ ئۇنى يۇتۇشتىن توختاپ قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر چوڭ كەسلەنچۈك ئىككى قوۋۇزىنى مۇشتۇمدەك كۆپۈرۈپ، باللارغا بىر مۇدھىشلىك يېغىپ تۇرغان كىچىككىنە كۆزلىرىدىن مۇزدەك سوغۇق نۇر چاچرىتىپ قادىلىپ تۇراتتى. باللار شۇنچىلىك بولغۇچە ئۇنىڭدەك تەلەتى سەت، بەتبەشىرە مەخلۇقنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

باللارنىڭ تېنى قورقۇنچتىن جۇغۇلداپ، تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ كەتتى. ئۇلار

كېلىشىۋالغاندەك تەڭلا ھۆركىراپ، قۇم بارخاننىڭ ئۈزلىرى ياماشقان تەرىپىگە ئۆزلىرىنى ئېتىشتى ۋە يۇمىلاپ-دومىلاپ پەسكە قاراپ قېچىشتى.

— ۋاي، خۇدايىم، ئەجەب سەت نېمىكەن ئۇ؟ — دېدى ئېلدوس پەسكە دومىلاپ چۈشۈپ ئۇ بارخاندىن يىراقراق بىر دۆڭگە قېچىپ چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن. قورقۇنچتىن ئۇلارنىڭ پۇت-قولىدا جان قالمىغانىدى. ئېلدوسنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، لەۋلىرى قانسىزلىنىپ كەتكەنىدى. بالىلارنىڭ ئۈچىلىسىلا تىنىقى تىنىقىغا ئۇلاشماي ھاللىرىنىشاتتى.

— مانا... ھەقىقىي كېلە دېگەن شۇ! نەچچە كۈندىن بۇيان كۈن چىقماي ئاپتاپ يېيەلمىگىنى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بالىسىنى يەۋېتىپتۇ ئۇ، — دېدى تۇرەك ئايىغىدىكى قۇمنى تۆكۈۋېتىپ، — ھېلىمۇ كېچىدىن بېرى بىزنى يەپ كەتمەپتۇ.

— بىز دېگەن يوغان تۇرساق ئۇنىڭ ئاغزىغا قانداق پاتىمىز؟ — مىراۋۇش كۆزىنى ھېلىقى بارخان تەرەپتىن ئالماي ئۆزىگە مەدەت تىلەۋاتقاندەك غودۇڭشىدى. شۇ ئەسنادا ئېلدوس پالاق-پۇلۇق قىلىپ ئۆزىنى تۇرەك پىت تەرەپكە ئاتتى. بالىلار چۆچۈپ، ئورنىدىن ئۇچقۇچۇپ تۇرۇپ كېتىشتى.

— نېمە بولدۇڭ، ئېلدوس! — مىراۋۇش ئېلدوستىن ھەيران بولۇپ سورىدى.

ئېلدوسنىڭ قورقىنىدىن ئاغزى گەپكە كەلمەي، قولى بىلەن بايا ئۆزى ئولتۇرغان يەرنى كۆرسەتتى. بايا ئېلدوس ئولتۇرۇپ ساغرىسىنىڭ ئىزى چىقىپ قالغان يەردىن چوڭ ئادەمنىڭ بارمىقىدەك چوڭلۇقتىكى بوغۇم-بوغۇم بولۇپ كەتكەن بىر نەرسە پىسىرلاپ كېلىۋاتاتتى.

— توختا، سېرىقئېشەك ئىكەن. چايان دېگەن شۇ! مىدىرلىماڭلار! — تۇرەك پىت شۇنداق دەپلا قولىدىكى كەشى بىلەن پاققىدە بىرنى قويۇپ سېرىقئېشەكنى ئۆلتۈردى.

ئېلدوس يىغلىماي دېسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي خىرتىلداپ يىغلىۋەتتى. تۇرەك زاڭلىق قىلغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ قويدى. مىراۋۇش ئېلدوسنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ، ئۇنى تۇرتتى:

— يىغلىما ئېلدوس، يىغلىمىغىنا! — دېدى ئۆزىمۇ يىغلامسىراپ.

تۇرەك ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە پىسەنت قىلىپ قويماي ئايىغىنى كىيدى ۋە ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى ياخشىلاپ چىگكەندىن كېيىن مىراۋۇش بىلەن ئېلدوسقا بۇيرۇق ئاھاڭىدا دېدى:

— يۈرۈڭلار، ئەمدى ماڭىمىز.

ئېلدوس بىلەن مىراۋۇش بىر تەرەپتىن خىرتىلداپ، بىر تەرەپتىن يەڭلىرىگە پوتلىلىرىنى ئېرتقىنىچە نەگە بارىمىز، دەپ سوراپمۇ قويماي تۇرەك پىتقا سوگدىشىپ دۆڭدىن پەسكە چۈشۈشتى. بايىقى ۋەقەدىن كېيىن بۇ ئىككىسى تۇرەك پىتتىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ قانچىلىك قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قېلىشقان ۋە ئۆزىچىلا تۇرەك پىتقا بويسۇنۇشنى، ئۇ نەگە بارسا شۇ يەرگە بېرىشنى ئىختىيار قىلىپ قېلىشقانىدى.

ئاچ ۋە ماغدۇرسىز بالىلار بىر-بىرىگە يېقىن سوگدىشىپ، ھودۇقۇش، ئۈمىدسىزلىك

ۋە قورقۇنچ تۇيغۇسى ئىچىدە ئۆزلىرى پەرەز قىلغان يۇرەكتاغ تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كېتىشتى.

بوران پەسىيىشنىڭ ئورنىغا بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. باللار كۆز-قۇلاقلىرىغا توختاۋسىز ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قۇمدىن باش-كۆزلىرىنى ھىمايە قىلىپ تۇگۇلۇشكىنىچە، بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدا قالماسلىققا تىرىشىپ دۇگدىيىشىپ كېتىپ باراتتى.

— باللار قاراڭلار، ئاۋۇنىڭغا...

ھەممىنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ كېتىۋاتقان تۇرەك پىت قولى بىلەن يان تەرەپنى كۆرسەتتى. ئېلدوس بىلەن مىراۋۇش ئۇمدىلەڭگەندەك بولۇپ دەررۇ قاراشتى. لېكىن ئۇ يەردە ئۇمدىلەڭگۈدەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى. پەقەت ئۇلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر تەكشىلىكتە غايەت زور كەلگەن بىر قۇم-توزان تۈۋرۈكى شىددەت بىلەن پىرقىرىغىنىچە ئاسمان پەلەك سوزۇلۇپ بۇلار تەرەپكە قاراپ ناھايىتى تېزلىكتە بېسىپ كېلىۋاتاتتى. باللار بۇنداق ھالەتنى ئىلگىرى زادىلا كۆرۈپ باقمىغىنى ئۈچۈن ھەم چۆچۈپ، ھەم ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ چەكچىيىپ قېلىشتى.



— قۇيۇنتاز دېگەن شۇ. ئاسماندىكى دىۋىلەر يەرگە چۈشكەندە ئاشۇنداق قۇيۇنتازغا ئۆزگىرىۋالىدۇ. بۇ دىۋىلەر ئاچ قالغىنى ئۈچۈن ئاسماندىن يەرگە چۈشكەن. ئادەملەرنى، قوي-كاللارنى، باللارنى يۇگەپلا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپ يەيدۇ... — ئېلدوس بىلەن مىراۋۇش قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەشكىنىچە، قۇيۇنتازغا قاراپ ئۆز-ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك ۋەھىمىلىك پىچىرلاۋاتقان تۇرەك پىتنىڭ باغرىغا تىقىلىشتى.

— ئۇ... ئۇ بىزنىمۇ يەپ كېتەمدۇ؟

ئېلدوس شۇمشەيگىنىچە ھېلىقى قۇيۇنتازغا شىۋىرلىدى. مىراۋۇشنىڭ بولسا ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغانىدى.

— ئۇ... ئۇ... ئۇ...

— قاچايلى باللار، ئۇ بىزگە

قاراپ كېلىۋاتىدۇ!

تۇرەك پېت ئۇشتۇمتۇت ۋەھىمىلىك ۋارقىرىۋەتتى ۋە ئۇزىنى قىستاپ-قىسىلىپ تۇرغان بالىلارنى ئىتتىرىپ، بىر يۇلقۇندى-دە، ئالدى تەرەپتىكى كىچىكرەك بىر قۇم بارخىنى تەرەپكە قاراپ ئۇلەر-تىرىلىشكە باقماي قاچتى. ئېلدوس بىلەن مىراۋۇشمۇ ئەنسىز ۋارقىراشقىنىچە يىقىلىپ قوپۇپ تۇرەك پېتىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشتى. راست دېگەندەك ھېلىقى قۇيۇنتاز نۇرغۇن ئىتلار بىر يەرگە توپلىشىۋېلىپ، جان-جەھلى بىلەن ھۇۋلاۋاتقاندەك يېقىمسىز ۋە قاتتىق ھۇۋلىغىنىچە بالىلار قېچىپ كېتىۋاتقان بوشلۇققا ھايت-ھۇيت دېگىنىچە باستۇرۇپ كەلدى ۋە جېنىنىڭ بارىچە قېچىپ كېتىۋاتقان بالىلارنى غايەت زور كۈچ بىلەن يۈزىپىلاپ-باسقۇرتۇپ كاللا-موللاق چۈشۈرۈۋەتتى. قۇيۇنتازنىڭ چىرقىرىشىدىن بالىلارنىڭ يۈرەكلىرى قېپىدىن چىقىپ، قۇلاقلىرى پاڭ بولدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قۇم-تۇپراق شارقىراپ قۇيۇلدى. ئۇلارنىڭ دەم-نەپەسلىرى كېسىلىپ، تىنالماي قېلىشتى. ئۇلار كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ نەدە ۋە نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاشقىمۇ ئۇلگۇرەلمەي قېلىشتى.

قۇيۇنتاز قانداق تېز ۋە ئۇشتۇمتۇت بېسىپ كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق تېزلىكتە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئارىلىقتا پەقەت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكلا ۋاقىت ئۆتكەنىدى. لېكىن مۇشۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بالىلار پۈتۈن سېزىملىرىنى يوقىتىپ قويۇشتى. ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ تەڭ يېرىمى قۇمغا كۆمۈلۈپ بولغانىدى. مۇبادا قۇيۇنتاز يەنە بىر پەسلا تۇرۇپ قالغان بولسا، بۇ ئۈچ بالا ھە دېمەيلا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بولاتتى.

— ئېلدوس... مىراۋۇش... — تۇرەك پېت بىر كەمدە قىمىرلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىلا قۇمغا يېرىم-يارتا كۆمۈلۈپ دۈم يىقىلىپ ياتقان ئېلدوس بىلەن مىراۋۇشمۇ تەسلىكتە قىمىرلاپ، باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى.

— مانا... بىز...

ئۇلار ئورۇنلىرىدا يېتىپ سىلكىنىشىپ ئۈستىدىكى قۇمنى چۈشۈرۈۋەتتى ۋە ئىنجىقلىشىپ ئورۇنلىرىدىن قوپۇشۇپ ئولتۇرۇشتى. توپا-توزان دەستىدىن ئۇلارنىڭ باش-كۆزلىرىنى كۆرۈپ بولمايتتى. پەقەت قورقۇنچتىن پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىدىنلا ئۇلارنىڭ كىملىكىنى پەرق ئەتكۈدەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

بالىلار قۇلاقلىرى ۋە كۆز چاناقلىرىغا تولغان قۇم توزانلىرىنى كوچىلاپ تازىلىغاچ بىر-بىرىگە بىچارىلەرچە تەلمۈرۈشۈپ، ئۈنسىز قارىشىپ قېلىشتى، ئەمدى شامال بورانغا ئايلانغانىدى. قۇملۇقنىڭ ئاسمىنى تېخىمۇ قارىيىپ بۇلۇتلارنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ھۇۋلاپ-ھوشقىيىتىپ بارغانسېرى قۇترىۋاتقان بوراننىڭ دەستىدىن كۆز ئاچقىلى بولمايتتى. بالىلار نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر يەرگە غۇژمەكلىشىۋالدى. شىددەتلىك بوران ئۇلارنىڭ بويۇن-گەدەنلىرىگە، يۈز-كۆزلىرىگە قۇم-تۇپراقلارنى ئۇراتتى. بوران ئۇچۇرتۇپ كەلگەن قۇملار بۇ كىچىككىنە ئۈچ گەۋدە ئولتۇرغان يەرگە دۆۋىلىنىپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئاياغلىرىنى كۆمدى.

— قوپۇپ ماڭايلى، بولمىسا بىزنى ھازىرلا قۇم كۆمۈۋېتىدۇ.

تۇرەك پېت ئۆزى ئىنجىقلاپ تۇرغاچ، باشلىرىنى يەلكىسىگە تىقىشىپ، نوگۇلۇپ

بولتۇرۇۋالغان ئېلدوس بىلەن مىراۋۇشنىڭ مۇرىسىدىن تارتىپ يۇلقۇشلىدى. مىراۋۇش بىلەن ئېلدوس تۇرەككە بويسۇنۇپ ئورۇنلىرىدىن تەسلىكتە قوپۇشتى ۋە تۇرەكنىڭ ئارقىسىدىن سەندىرەكلەپ مېڭىشتى.

ئۇلار شۇ تاپتا نەگە قاراپ كېتىۋاتقىنىنى بىلمەيتتى. ئۇلارغا ئەمدى بەرىبىر ئىدى. چۈنكى ئۇلار يۈزلىرىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ، سانسىز يىڭنە بولۇپ سانجىلىۋاتقان قۇم-تۇپراقنىڭ دەستىدىن كۆزلىرىنى ئاچالمايتتى. ئۇنىڭسىزمۇ غەزەپلەنگەن ھايۋاندەك بارغانچە قۇتراۋاتقان قارا بوراندا ئۇگتەي-توگتەي بولۇپ كېتىۋاتقان قۇملۇق قۇم-تۇپراق بىلەن قېلىن بىر قەۋەت كۈل رەڭ قارا گۈگۈملۈك ئىچىدە قالغانىدى. باللار بىر-بىرىنى كۆرەلمەي ئادىشىپ قېلىشتىن قورقۇشۇپ، بىر-بىرىنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇشۇۋالغانىدى. ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرى پاناھ قىلغۇدەك بىرەر دالدىنى ئىزدىشىپ، مۇدىروپ-چۈقۇرۇشۇپ ناھايىتى تەسلىكتە كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ يادىغا نە ئاچلىق، نە ئۇسسۇزلۇق، نە يۇرەكتاغ، نە شاقۇر كەچمەيتتى. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنى بۇ يات. مۇدھىش قارا دوزاختىن قۇتقۇزۇۋالىدىغان، ئۇلارغا پەقەت كۆزىنى ئاچالىغۇدەك، ئاياغ بېسىپ ماڭالىغۇدەك، ئاشۇ ئىبلىس بوراننىڭ، ئاشۇ قورقۇنچلۇق دىۋە قۇيۇنتازنىڭ چاڭگىلىدىن چىقىپ كېتەلىگۇدەك كىچىككىنە بىر ئىمكاننى بېرىدىغان بىر نىجاتلىققا موھتاج ئىدى. ئۇلار شۇ تاپتا ئۆزلىرىگە ھىمات بولىدىغان، باشپاناھ بولىدىغان بىر كۆچكە، بىر چوڭ ئادەمگە موھتاج ئىدى! ئۇلار دادىسىغا، ئاپىسىغا، مومىسىغا، بوۋىسىغا، ئۇلارنى يېتەكلەپ نەگىلا بولمىسۇن بىر يەرگە ياكى يۇرەكتاغقا، ياكى شاقۇرغا ئېلىپ كېتەلەيدىغان بىر ئادەمگە موھتاج ئىدى... ياق، يول بىلىدىغان بىر ئىتقا موھتاج ئىدى. قارا بوران ئەسەبىيلەرچە ھۇۋلاپ چىرقىرايتتى. يەرۇ ئاسمان تەۋرەيتتى. نەپسى بوغۇلغان، دىمى كېسىلگەن، ئاچلىق، تەشنالىق، ھارغىنلىق، قورقۇنچ ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن ھالسىرىغان بۇ ئۈچ گۆدەك قارا بوراننىڭ چاڭگىلىدا، ئۆلۈم ۋەھىمىسى بىلەن ئاستىن-ئۇستۇن بولۇپ تەۋرەۋاتقان پايانسىز قۇملۇقنىڭ باغرىدا كۆزلىرىنى ئاچالماي، بىر-بىرىگە چاپلىشىپ، ماغدۇرسىز ئاياغلىرىنى بەكمۇ تەستە يۆتكەپ، يىقىلىپ-قوپۇپ. تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئاران-ئاران قىمىرلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇلار نەگە بارىدۇ؟ قانداق بارىدۇ؟ ئۇلارنى شۇ تاپتا نېمىلەر كۈتىدۇ؟ بۇنى بىر پەقەت ئاللا بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇلارنى ئويلىغۇدەكمۇ ھالى يوق ئىدى. ئۇلار ماڭىۋەردى. بەكمۇ تەسلىكتە ماڭىۋەردى. لېكىن بۇلارنىڭ بايا قۇيۇنتاز يىقىتىۋەتكەن يېرىدىن ھېسابلىغاندا ئۇلار پەقەت بىر چۈمۈلىنىڭ بىر سىيىم ۋاقىت ئىچىدە بېسىپ بولالايدىغان مەنزىلىنىلا باسالىغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ھايات قېلىش ئىستىكى، قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈمىدى ئۇلارنى مېڭىشقا، ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيتتى، شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ نىشانسىز بولسىمۇ، كۆزلىرىنى ئاچالمىسىمۇ مېڭىشتىن، پەقەت مېڭىشتىن ئۆزگە ھېچقانداق چارىسى يوق ئىدى.

— ئە... ئەمدى... نەگە ماڭىمىز؟

تۇرەك پىت يىغلامسىراپ غودۇڭشىدى.

ئۇلار ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر چوڭقۇر ئويماننىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ قالغانىدى. قاتتىق بوران ئېگىز بارخاندىكى قۇمنى ئېقىتىپ ئويمانغا تىقماقتا ئىدى. باللار تۇرغان

يەردىكى قوم خۇددى سۇدەك لىغىرلاپ ھېلىقى ئويمانغا قاراپ سىرغىشقا باشلىدى. باللار كۆچۈۋاتقان قۇمنىڭ ئۆزلىرىنىمۇ قوشۇپ ئېقىتىپ ئويمانغا تىقىۋېتىشىدىن قورقۇپ، چىرقىراشقىنىچە ئارقىسىغا داجىشتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى قۇم ئېقىپ تۇرغىنى ئۈچۈن ئارقىسىغا داجىشقا كۈچىيەلمەي ئورنىغا يىقىلىشتى. قاتتىق بوران ئۇلارنى خۇددى ئۈچ تال قامغاقنى ئۇچۇرغاندەك يۇرلاپ ئۇچۇرۇپ بېلىق سىزتى ئويمانغا دومىلىتىۋەتتى. قارا بوراننىڭ دەھشەتلىك ھۇۋلىشى ئىچىدە ئۇلارنىڭ «دادا... ئاپا...» «موما... بوۋا... مېنى تارتىۋال...!» دېگەن ئاچچىق ۋە ئۈزۈك نالە-پەريادى خېلىغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى. ئۇلار ھېچ يار-يۆلەكسىز ھالدا ئۆلۈم بوشلۇقىدا قورشىلىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى نەتىجىسىز، ۋارقىراشلىرى جاۋابسىز قالدى. كېيىن بولسا ئويماندىن چىقماقچى بولۇپ جان-جەھلى بىلەن ئۇرۇنۇپ، ئاخىر ھالسىزلىنىپ يىقىلغان بۇ بىچارىلەرنىڭ ئاجىز، ئايانچلىق ۋە ئۈمىدسىز ئاۋازلىرىنى قارا بوراننىڭ دەھشەتلىك ھۆركىرىشى ئاستا-ئاستا يۇتۇۋەتتى. ئاخىر ئۇلارنىڭ ئۈنى ئۆچتى...

## 6-باب

تونۇردەك قىزىپ لاۋۇلداپ كەتكەن پايانسىز قۇملۇقنىڭ باغرىدا ئات-ئۇلاغ مىنىشكەن 20-30 ئادەم يۇمشاق قوم ئۈستىدە باشلىرىنى سىلىشقىنىچە ئۈن-تىنسىز كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قېرى كالا قوشۇلغان كونا ھارۋا مۇڭلۇق غىچىلداپ كەلمەكتە ئىدى. ھارۋىنىڭ يېنىدا بىر ئالا بويناق ئىت بېشىنى سىلىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ پات-پات ھارۋىغا قاراپ قوياتتى. ئۇلار قالدۇرغان تۇياقلارنىڭ ھەم ھارۋا چاقىنىڭ ئىزلىرى يۇرەكتاغ تەرەپتىن مەھەللىگە قاراپ يىلان باغرى بولۇپ، ئۇزۇن-ئۇزۇندىن سوزۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى.

ھارۋىدا يوتقان-كۆرپىلەرگە ياخشىلاپ ئورالغان ئۈچ بالا جىمجىت ياتاتتى. ئۇلارنىڭ باش تەرىپىدە ساقىلى ئۇچىدەك ئاقارغان، قىزىل يۈزلۈك، قامەتلىك بىر بوۋاي باللارغا تىكىلگىنىچە مۆكچىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن توختاۋسىز قۇيۇلۇۋاتقان كۆز يېشى ئۇنىڭ كۈمۈش ساقاللىرىنى يۇيۇپ، باللارنىڭ بېشىغا ياستۇق ئورنىدا قاتلاپ قويۇپ بېرىلگەن كونا پاختىلىق چاپانغا تاماتتى. ئات-ئۇلاغلارنىڭ ئارىلاپ-ئارىلاپ پۇشقۇرۇپ قويۇشلىرىنى، ھارۋا چاقىنىڭ بىر خىلدىكى مۇڭلۇق غىچىرلاشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتكۈل قۇملۇق ئېغىر، قايغۇلۇق جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى. كالا ھارۋىسىنىڭ بىر خىل غىچىرلاشلىرى بۇ ئۇلۇغ جىمجىتلىققا مۇڭ، ھەسرەت، خىيال، ئەسلىمە، پۇشايمان ۋە ئۆز-ئۆزىنى ئەيىبلەش تۇيغۇسىنى ئويغىتىدىغان بىر خىل يۈرەكنى ئەزگۈدەك دەردچىدىكى ئايانچلىق تۈسنى بېغىشلىغانىدى.

باللارنىڭ كۆزلىرى مەھكەم يۇمۇلغان، ئۇلارنىڭ سەبىي چىرايلىرىدا ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرىدىغان چوڭقۇر ئازاب، قىيماسلىق قېتىپ قالغانىدى... بىپايان قۇملۇقتا نامايەن بولۇۋاتقان بىر قۇدرەتلىك ۋە ئېغىر سۈكۈت، ئادەملەرنىڭ چىرايىدا ئەگىپ تۇرغان چوڭقۇر مۇسىبەت، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى تىترىتىپ پات-پات، ئوتلۇق ۋە

ھەسرەتلىك تىنىشلىرى، ئات-ئۇلاغلارنىڭ ئاياغلىرىنىڭ قۇمغا ئاۋازسىز پاتقاندىكى سەزگۈسىز دەرىجىدىكى يېنىك شىرىقلاش بىر قەدىمىيلىكنىڭ، بىر تەبىئى ئۆزلۈكنىڭ، بىر شەپقەتسىز ۋە ئۈزۈلمەس ھاياتىي جەريانىنىڭ ئاشۇ ئۇچ پاكىز روھىنى ئەبەدىيلىككە ئۇزىتىۋېتىپمۇ يەنە ئۆزىنىڭ كونا، قەدىمىي ئىزىدا توختاپ قالماي ۋە بىر خىلدا داۋام قىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى.

... ئۇچ بالىنىڭ ئىز-دېرەكسىز يوقالغانلىق خەۋىرى شاۋقۇرغا يانغىن يامرىغاندەك ناھايىتى تېزلىكتە يېيىلىپ كەتتى. ئېلدوسنىڭ مومىسىنىڭ، مىراۋۇشنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ نالە-پەريادى شاۋقۇرلۇقلارنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تۇرەكنىڭ ئايپىسىمۇ قاراسۇدىن يېتىپ كەلدى. پۈتۈن شاۋقۇر ئادەت بويىچە ئېغىر مۇسىبەت ئىچىگە چۆمدى. تەرەپ-تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىلدى. لېكىن ھېچنەدىن بالىلارنىڭ ئىز-دېرىكى بولمىدى. ئاخىر بالىلارنىڭ تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، بۇ ئۇچ بالىنىڭ يۇرەكتاغ تەرەپكە كەتكەنلىكى قىياس قىلىنىپ ئۆزلۈكىدىن تەشكىللەنگەن بىر توپ ئادەم ئات-ئۇلاغلارغا مىنىشىپ، قاپاق-چۆگۈنلەردە ئۇسسۇزلۇق، خۇرجۇن-قاچىغا ئوزۇق-تۈلۈك ئېلىپ قۇملۇققا قاراپ جۆنەشتى. بۇ توپقا مىراۋۇشنىڭ بوۋىسى — يېشى سەكسەندىن ئېشىپ قالغان نارىش بوۋا باش بولدى. ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇلار كالا قېتىلغان بىر ھارۋا ۋە كۆرپە-كېچەكمۇ ئېلىۋېلىشتى. ئالمادىس، بالىلار ئاغرىپ-تارتىپ قالغان بولۇشسا قايتقۇچە، چۆلنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا ئۇلار ئات ئۇستىدە قىينىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. تۇرەكنىڭ دادىسى تۇرەكنىڭ ئالا بويناق ئىتىنىمۇ ئەگەشتۇرۇۋالدى. تۇرەك بۇ ئىتنى مەھەللىگە يېقىن زاراتگاھلىقتىكى گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەن ئەسكى گۆردىن تۇغۇلۇپ تېخى كۆزى ئېچىلمىغاندىلا ئېلىپ كېلىپ باققانىدى. ئۆزىدىن كېچە-كۈندۈز ئايرىلمايدىغان بۇ ئىتنى تۇرەك بۇ قېتىم نېمىشقىدۇر كاتەككە باغلاپ قويۇپ قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىت بىلەن بىللىلا يوقالسام ئۆيدىكىلەر سېزىپ قېلىپ يۇرەكتاغقا بېرىشتىن توسۇپ قويىدۇ دەپ ئويلىغاندەك ئىدى.

ئۇلار قۇملۇققا بامدات نامىزىدىن يېنىپلا يۈرۈپ كېتىشتى. پۈتكۈل مەھەللىكىلەر — ياش-قېرى، ئەر-ئايال، چوڭ ۋە كىچىكلەر قۇملۇقنىڭ چېتىگىچە ئەگىشىپ كېلىشتى ۋە ئۇلارنى يىغا-زارە، دۇئا-تىلەكلەر بىلەن ئۇزىتىپ قويۇشتى.

30 چە ئادەم ئۆزئارا ئارىلىق تاشلاپ، قاقىر سېپىدەك يەلپۈگۈچسىمان سەپ تۈزىشىپ يۇرەكتاغ تەرەپكە قاراپ ھەربىر بارخاننى ئالا قويماي تىمىسقىلاپ تىنىتىپ مېڭىشتى. بوران توختاپ، ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بوراندىن كېيىنكى قۇم يۈزى سىپسىدام ئىدى. بوران ئۇچۇرغان قۇم كۆمۈپ تاشلىغىنى ئۇچۇن بالىلارنىڭ ئىزى كۆرۈنمەيتتى. پەقەت چىڭقى چۈش بولغاندىلا ئۇلارغا بالىلارنىڭ بىر تايىقى يولۇقتى. بۇ تاياق تېخى قۇرۇپ كېتىشكە ئۇلگۇرمىگەن سۆگەت قېپچىسى ئىدى. بۇ تاياق بالىلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇ تەرەپكە قاراپ ماڭغانلىقىنى تەستىقلاپ تۇراتتى. ئۇلار ئىزدەشنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى. كۈننىڭمۇ قايرىلدى. ئۇلار غايەت زور ئويمانغا دۇچ كېلىشتى. ئۇلار ئويماننى ئايلىنىپ يۇرەكتاغ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنمۇ بولار ئىدى. لېكىن تۇرەكنىڭ ئالا بويناق ئىتى ئۇشتۇمتۇت ئادەملەردىن ئايرىلىپ ئويمان تەرەپكە ئوقتەك ئۇچۇپ

بېرىپ ئۇيمانغا قاراپ نالە قىلغانىدەك قاۋاپ كەتتى. ئادەملەرنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك بولۇپ دەررۇ ئارقىسىغا يېنىشىپ ئويمانغا قاراپ ئات سالدى. دېگەندەكلا، ئۈچ بالا ئۇيەر-بۇيېرى ئېچىلىپ قالغان ھالدا، ئويماننىڭ بىلىق سىرتى باغرىدا بېشچىلاپ قومغا كۆمۈلۈپ ياتاتتى. ئۇلار باللارنىڭ جەسەتلىرىگە ئۆزلىرىنى ئېتىشتى. چۆل ئاسمىنىنى شاقۇرلۇقلارنىڭ نالىسى لەرزىگە سالدى. ئەسىرلەردىن بۇيان تىمتاس ياتقان قۇملۇق شاقۇرلۇقلارنىڭ پىغانلىق ئاھ-دادى بىلەن تىترىدى. قۇملۇقنىڭ ئېغىر، قەدىمكى جىملىقى شاقۇرلۇقلارنىڭ ھەسرەتلىك پەريادى بىلەن بۇزۇلدى...

... قۇياش ئوت چېچىپ كۆيدۈرەتتى. قىزىق ھاۋا، قىزىق قۇم، يۈرەكلەردە تەپ ئۇرۇۋاتقان قايغۇ-ھەسرەتلەر قوشۇلۇپ ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىنى، روھىنى كۆيدۈرەتتى، قوقاسقا كۆمگەندەك پۇچۇلايتتى. ئادەملەرنىڭ چىرايلىرى تۇتۇق، قاپاقلىرى سېلىنغان، ھەممىلا ئادەم، ھەتتا ئاشۇ ئات-ئۇلاغلار، تۆرەكنىڭ ئالا بويناق ئىتمۇ بىر ئېغىر خىيالنىڭ، بىر ئاچچىق ھەسرەتنىڭ سېلىقىدىن، ئېزىشىدىن باشلىرىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ھەممىسىنىڭلا كۆزلىرى چاڭلانغان ۋە ياشلىق... نارىش بوۋىنىڭ كۆز يېشىدىن غۇۋالانغان نەم كۆزلىرى ھارۋىدا تىپ-تىنچ يېتىشقان باللارنىڭ چىرايلىرىغا تىكىلگەن.

باللارنىڭ تېخى بۇزۇلۇشقا ئۈلگۈرمىگەن چىرايلىرى شۇ قەدەر پاكىز، ئۇلارنىڭ يۈز-كۆزلىرىدىن نۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار شۇ تاپتا قىيغىتىپ ئويناپ ھېرىپ كېتىپ ئۇخلاپ قالغاندەك، ھېلىلا لاپپىدە كۆزلىرىنى ئېچىشىپ، ئورنىدىن چاچراپ قوپىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. باللارنىڭ سەبىي لەۋلىرىدە، تۆكۈلۈپ تۇرغان قاش-كىرپىكلىرىدە، بۇجغۇرۇپ تۇرغان قوڭۇر چاچلىرىدا، يېپەك تۈز ۋە ئىنچىكە قاڭشارلىرىدا قۇياش نۇرى جىلۋە قىلىدۇ. مۇشۇ باللارنى ئۆلگەن دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟ ھېچكىم! مۇشۇ قۇملۇق، مۇشۇ ئاسمان، مۇشۇ زېمىن... چۈنكى ئۇلار ئۆلمەيدۇ! ئۆلۈم بۇلارغا خاس ئەمەس! كۈن، ھاۋا، زېمىن، ئاسمان، ئاي-يۇلتۇز، بۈگۈن-ئەتە ھەممىسى، ھەممىسى مۇشۇلارنىڭ... ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ماكانىغا قايتىشىدۇ. ئاللا ئۇلارنى زېمىنغا پەرىشتىدەك گۈزەل، زەمزەم سۈيىدەك شەكسىز، ئىماندەك پاكىز قىلىپ ياراتتى ۋە يەنە ئۇلارنى شۇ ھالىچە ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ روھى شۇ تاپتا جەننەتتە بەھۇزۇر ئويناپ-كۈلۈپ يايراۋاتىدۇ. بالىغا، مۇشۇنداق نارەسىدە باللارغا گۇناھ يېزىلمايدۇ. ئۇلارغا مەھشەر كۈنىدە سوئال-سوراق، قىيىن-قىستاق يوق... ئۇ يەردە ئۇلار ھۆر-پەرىشتىدەك ئەتىۋارلىنىدۇ، لېكىن ئۇ ياش بالا ئەمەس، بۇنى چۈشىنىدۇ. نېمىنى؟ بىرلا نەرسىنى — بۇ باللار ئەمدى يوق، ئۇلار قىيغىتىپ ئوينىمايدۇ، چۇرقىرىشىپ كۈلمەيدۇ. نېمىشقا؟ نېمىشقا بۇ ئۆلۈم ئۆزىنىڭ نۆۋىتىنى تاپماي بۇلارنىڭ بېشىغا كەلدى؟ تېخى ئاغزىدىن ئوغۇز تەمى كەتمىگەن، ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان سەبىيلەرگە كەلدى؟ بۇ تەقدىرمۇ! شۇنداق، تەقدىر، لېكىن...

ئۇ كۆزلىرىنى باللارنىڭ چىرايىدىن يۆتكەپ يىراقلارغا تىكىلدى. غۇلاچ تاشلاپ ياتقان قۇملۇق بىر خىلدا يىراق-يىراقلارغا — يۈرەكتاغقا، ئۇنىڭ نېرىسىغا، ئۇنىڭمۇ نېرىسىغا سوزۇلغان. بارخانلار تىك ۋە ئېگىز، يارداڭلار بەكمۇ ھەيۋەتلىك، ئۇلارنىڭ قىر-بۇرجەكلىرى قىلىچ بىلەن كەسكەندەك، ياق، ئاشۇ قىلىچنىڭ تىغىدەك تار، نېپىز

ۋە ئۆتكۈر. ئۇنىڭ باغرىدا مەۋجلەنگەن دولقۇنلۇق شەكىللەر قېتىپ قالغان. قۇمنىڭ يۈزى شۇنچىلىك تازا، خۇددى مۇشۇ باللارنىڭ يۈزىدەك پارقىراق، تال-تال قۇملۇق يۈزىدە قۇياش نۇرى يالتىرايدۇ. يۇپقا ئالۋۇن كۆز ئالدىڭدىلا جىمىرلايدۇ. لېكىن ھەممىلا نەرسە، ئاشۇ بارخانلار، ھەيۋەتلىك قىيالار، كۆل يۈزىدەك مەۋجلىك شەكىللەر، خىرۇستالدەك پاكىز يالتىراق قۇم، لوغۇلداپ تۇرغان ئالۋۇن، ئوتلۇق قۇياش، قىزىق ھاۋا... ھەممىسى شۇ قەدەر ئويچان ۋە قايغۇلۇق. ئۇلار ئادەمدەك، مۇشۇ دەردلىك شاقۇرلۇقلاردەك دەردلىك ئۆكسۈيدۇ، يىغلايدۇ. ئۇ بۇقۇلداپ، ئۆرىدەپ يىغلايدۇ. يەتتە مىڭ يىل مابەينىدە سۈكۈت ئىچىدە ساقلاپ كەلگەن دەرد-ھەسرىتىنى بايان قىلىپ يىغلايدۇ. ئادەملەر، ئاشۇ شاقۇرلۇقلار بۇ قۇملۇقنى ئەمدىلا يادىغا ئېلىشتى. ئۇنى ناھايىتى ئۇزاق زامان، يەتتە مىڭ يىل تاشلىۋەتكەنىدى. يەتتە مىڭ يىل يادىدىن چىقىرىشقانىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئەۋلاد بوغۇنلىرى بۇ يەرگە ئاياغ باستى. ئاتا ئىزلىرىغا قەدەم قويۇشتى. ئاتىسى ياتقان يەرنى، ئانىسىنىڭ يۈرىكىدىن بىنا بولغان، ئۆزلىرىگە ئادەم بولۇشنى، كۆپىيىپ، كۆچىيىپ قوۋم-كۈچ بولۇشنى ئۆگەتكەن، ئۆزلىرىنى باققان، ئۆستۈرگەن، بويۇتكەن ۋەتەن-ماكانلىرىنى يادىغا ئېلىشتى. لېكىن، بەك كېچىكىپ، بەكمۇ كېچىكىپ... شۇنىڭغا يىغلايدۇ، چوڭلىرىدىن ئەقىللىقراق، يۈرەكلىكرەك، تۇغۇشلۇقراق چىققان مۇشۇ ئەزىمەت-بوغۇنلارنىڭ ھىممىتىگە، روھىغا تىلەك تىلەپ، ئالقىش ئېيتىپ ئېسەدەپ، ئېسەدەپ يىغلايدۇ!

— مۇشۇ باللارنى دەيمىنا... — ئۇشتۇمتۇت ئېغىز ئاچتى چىرايى قېرى جىگدىنىڭ كۆتىكىدەك قۇرۇپ قاغجىراپ، قورۇلۇپ كەتكەن، قاراماتاق كەلگەن ۋىجىككىنە بىر ئادەم ئەلەملىك خىرقىراپ، — بىر ئوبدان مەھەللىنى تاشلاپ، ئوينىغىلى يەر تاپالمىغاندەك كەلگەن يېرىنى قارىمامدىغان، — ئۇ ئاچچىقى بىلەن ئىتنى دېۋىتىپ قويدى.

— ئاشۇ يۈرەكتاغنى كۆرۈپ كېلىمىز دەپ چىققان بولمامدۇ... بالا ئەمەسمۇ، — ئېشىكى ھېرىپ قالغىنى ئۈچۈن، مىنمەي ئېشىكىنى ئالدىغا سېلىپ ئۆزى ھارۋىغا ياندىشىپ كېتىۋاتقان ئېگىز بويلۇق دۇمچەكرەك كەلگەن ئورا كۆز بىر ئادەم ئۈن قاتتى.

— بىزمۇ بالا چاغلىرىمىزدا يۈرەكتاغنى كۆرۈپ كېلىمىز دەپ ھاۋا تۇتۇق كۈندە قۇمغا چىقىپ قېلىپ، كېيىن ئويلىمىغان يەردە ھاۋا ئېچىلىپ كەتكىنى ئۈچۈن مەھەللىدىن ئۆزىمىزلا ئارقىمىزغا يېنىپ كەتكەنىدىز. ھېلىمۇ خۇدا بىر ساقلاپتىكەن بىزنى.

— مۇشۇ باللارغا نەدىكى يۈرەكتاغنىڭ گېپىنى ئۆزىمىز قىلىپ بېرىپ يامان ئۆگىتىپ قويغانمىز. شۇ قۇرۇق گەپلەرنى، ئېپقاچتى گەپلەرنى شۇلارنىڭ ئالدىدا قىلىپ يۈرمىگەن بولساق بۇ باللارمۇ بۈگۈنكىدەك...

— شۇ ئەمەسمۇ؟ كونىلاردىن قاپتىكەن شۇ گەپلەر. بولمىسا بەگقۇلبەگ، كۆركىلەئىنە دېگەنلەر ئۇيغۇر بولغىنى بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسمىش. نامازمۇ ئوقۇمايدىكەنتۇق.

— ئۇ چاغدا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام تېخى دۇنياغا كەلمىگەن تۇرسا، قانداقسىگە

مۇسۇلمان بولسۇن؟ ئۇ چاغدا دۇنيانى جوھۇت-كاپىر سورارمىشكەن.

ئارنى جىملىق باستى. نارىش بوۋاينىڭ يۈرىكى خۇددى كىمدۇر بىرى قاتتىق بىر سىقىپ قويۇۋەتكەندەك ئاسقىپ ئاغرىپ كەتتى.

خۇدايا توۋا! مۇنۇ ئادەملەرنى گېپىم بار دەپ قىلىۋاتقان گەپلىرىنى قارىمامدىغان، ئاتا-بوۋىسىدىنمۇ كېچىپ كېتىدىكىنە ئادەم بالىسى دېگەن! «قۇرۇق گەپ»، «كاپىر ئىكەنتۇق» دەيدۇيا؟ ئىلاھىم، ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بەرگەيسەن! ۋاقتانۋاق كەلسە بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز ناماز ئوقۇيدىغان خوراپىي ئىكەنتۇق، دېيىشىپ بىزنىڭ قەبرىلىرىمىزنى تۈزلىۋېتىپ، بېشىمىزغا دەسسەپ، ئوينايدىغان ئوخشىمامدۇ بالا-ۋاقىلىرىمىز!؟ قانداق زامانلار كېلىۋاتىدۇ-ھە؟!... ئادەملەر نېمىشقا بۇنچە ۋىجدانسىز بولۇپ كېتىۋاتىدىغاندۇ؟! زامان ئاخىرىنىڭ بەلگىلىرى دېگىنى شۇمىكىن؟

بوۋاي ھەسرەتلىك خىيالدىن يۈرىكى ئېچىشىپ، گويا ئۆزىگە مەدەت تىلىگەندەك قۇملۇق تەرەپكە قارىۋالدى. كالا ھارۋىسى غىچىرلاپ تولىمۇ ئاستا كېتىۋاتاتتى. قۇملۇق ئاۋۋالقىدەكلا مۈگىيىپ ياتاتتى. نارىش بوۋا بىردىنلا ئاشۇ قىرى قۇملۇق بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر نامەلۇم باغلىنىش ۋە ئورتاقلىق باردەك ھېس قىلىپ قالدى.

شۇنداق، قۇملۇقنىڭ باغرىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدەك يۇمشاق. ئاشۇ قۇملۇقتا، ئۇنىڭ كۆڭلىگە باشقىلار سېزەلمەيدىغان، ھېس قىلالمايدىغان نۇرغۇن-نۇرغۇن نەرسىلەر يوشۇرۇنغان. بۇ نەرسىلەر ئۆتمۈشكە، ئۆتكەن-يىتكەن كۈنلەرگە تەۋە نەرسىلەر ئىدى. بۇ نەرسىلەر ياشلارنىڭ نەزىرىدە، مۇشۇ ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە ئاللىقاچان قەدىرسىز بولۇپ قالغان، ھېچقانداق ئەتىۋارى يوق، سېغىنىشقا، ياد ئېتىشكە زادىلا ئەرزىمەيدىغان نەرسىلەر ئىدى. لېكىن راستىنلا شۇنداقمۇ؟ ياق، زادىلا ئۇنداق ئەمەس. ئۇ نەرسىلەر تىرىك، جېنى بار، قىممىتى ۋە كۈچى بار نەرسىلەر. ئۇ نەرسىلەر مۇشۇ كۈندىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق زامانلارغىچە، ھەتتا ئۇ ئالەم، بۇ ئالەمگىچە مۇشۇ ئادەملەرنىڭ گېپىگە، ئىشىغا، ئولتۇرۇپ-قوپۇشىغا، ئۆي-ماكان تۇتۇشىغا، بالا-ۋاقىسىنى تەربىيىلەپ چوڭ قىلىشىغا، جاھان تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلىشىغا، ئىشقىلىپ، ھەممىلا ئىشىغا كۈچ بېرىپ تۇرىدۇ. پەقەت ئۇلار بۇنى ئاشۇ ئۆزلىرى ئۇنتۇپ كەتكەن، ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا تاشلىنىپ قالغان نەرسىلەر دەپ قاراپ، ھەر قەدىمىدە مانا مەن دەپ تۇرغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ شۇ! بۇ نەرسىلەر راستىنلا، دەرۋەقە بەك كونا، بەك يىراق، بەك يىراقتا تەۋە نەرسىلەر ھەم بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ قېنىغا، جېنىغا سىڭىشىپ، ئۇلارنىڭ جان قەپىسىگە يوشۇرۇنۇۋالغان، پەقەت شۇ! لېكىن نارىش بوۋا بۇ نەرسىلەرنى ھەر نەپەس، ھەر قەدەمدە كۆرۈپ-بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر پىكىر-خىيالى شۇ نەرسىلەرگە ھەمنەپەس، ئۇ بۇلاردىن زادىلا ئايرىلالمايدۇ، ئايرىلىمەن دەپمۇ ئايرىلالمايدۇ. بايىقى ئادەملەرمۇ تاشلاپ قاچاي دەپمۇ تاشلاپ قاچالمايدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا سىڭىشىپ ئۆزلىشىپ ياغ بىلەن گۆشتەك، ئەت بىلەن سۆڭەكتەك، جان بىلەن روھتەك ھەمىرلىپ، جىپسىلىشىپ كەتكىنىنى بىلەلمەيدۇ! مانا بۇنى قۇملۇق سېزىدۇ، قۇملۇق بىلىدۇ. نارىش بوۋا سېزىدۇ، بىلىدۇ، يەنە... يەنە... مۇشۇ ئۈچ

ئوغول... بۇلارمۇ...

شۇ ئەسنادا يىراقتىن بىر غەلىتە ئاۋاز غۇۋا ئاڭلىنىپ نارىش بوۋىنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە چۆچۈپ ئۇرۇلدى. ئۇلا ئەمەس، ئادەملەرنىڭ ھەممىسلا، ئادەملەرلا ئەمەس، ئاۋۇ ئالا بويناق ئىتتىن تارتىپ، ئات-ئۇلاغلارغىچە چۆچۈپ قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، ئاشۇ ھېلىقى غەلىتە ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىشىپ قېلىشتى. بۇ غەلىتە ئاۋاز دەل يۇرەكتاغ تەرەپتىن، ياق، دەل ئاشۇ يۇرەكتاغنىڭ ئۆزىدىن كېلىۋاتاتتى. بۇ ئاۋاز ياكى ئادەمنىڭ، ياكى ھايۋاننىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايتتى، قانداقتۇر شاقۇرغا گاھىدا پەيدا بولۇپ قالىدىغان يەر ھەيدەيدىغان زەنجىر تاپان تراكتورنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىشىپ قالاتتى. لېكىن تىراكتور ئاۋازىنىڭ ئۆزى ئەمەس ئىدى. ئادەملەر دەم يۇرەكتاغقا، دەم بىر-بىرىگە ھەيران بولۇپ قاراشتى.

— ۋۇي، نېمە ئىشتۇ بۇ؟! يۇرەكتاغدا زامانى ئاۋۋالدىن تارتىپ ئىنس-جىن يا ئادەمزات بولمىسا، نەدىن كېلىۋاتقان ئۆڭگىلە ئاۋاز بۇ؟

كىمدۇر بىرىنىڭ گېپىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ بولغۇچە يۇرەكتاغنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن بىر غەلىتە مەخلۇق ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. ھېلىقى ئاۋاز ئەنە شۇ مەخلۇقنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭ شەكلى شاقۇردا «ئات بېشى» دېيىلىدىغان، كونىلار يىڭناغۇچ دەپ ئاتايدىغان ھاشاراتقا بەك ئوخشايتتى. لېكىن بۇ مەخلۇق غايەت زور بولۇپ، تۆپىسىدە ھەم ئۈزۈن، ھەم كېلەڭسىز پىرقىرىغۇچى بار ئىدى.





ئۇ مەخلۇق يۇرەكتاغنىڭ ئاسمىنىدا قىيپاش ھالەتتە بىر-ئىككى لەپەڭشىدى-دە، ئۇدۇل ئادەملەرگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. شاقۇرلۇقلار بۇنداق غەلىتە نەرسىنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇلار ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم چۆچۈپ، ھەم ھودۇقۇپ ئۆزلىرىگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بۇ نەرسىگە قاراپ قېلىشتى.

— ۋاي ئانىمەي... قانداق ئۇقەت بۇ؟
— ئايروپىلان دېگەن شۇمۇيا؟
— بىر قىسىملا ئۇچىدۇغۇ بۇ، ھېلىلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك...

ئۇ «ئۇقەت» ھايت-ھۇيت دېگۈچە شاقۇرلۇقلارغا يېقىنلاشتى. ئۇ شۇ قەدەر تۆۋەن ئۇچقانىدىكى، نارىش بوۋا ئۇنىڭ تومشۇق تەرىپىدە باشلىرىغا غەلىتە بىر پوسمىنى كىيىشىپ، كۆزلىرىگە ئەينەك تاقاپ ئولتۇرغان ئىككى ئادەمنى ناھايىتى ئوچۇق كۆردى. ئۇنىڭ روجىكنىڭ ئەينەكلىرى كۈچلۈك قۇياش نۇرىدا يالت-يۇلت قىلىپ چاقنايتتى، ئۇ يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ ئاۋازى كۈچىيىپ كېلەتتى. بىر كەمدە ئۇ شاقۇرلۇقلارنىڭ دەل باش ئۈستىگە كېلىپ قىڭغايدى. ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان ئاۋاز قۇلاقلارنى پاڭ قىلىۋەتتى. بىر خىل كۈچلۈك شامال يەردىكى قۇملارنى توزۇتقىلى تۇردى. شۇ ھامان ئات-ئۇلاغلار ئۈركۈپ پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئادەملەر قورقىنىدىن ئۆزلىرىنى چەتكە تاشلاشتى. ئۇلگۈرەلمىگەنلىرى ئات-ئۇلاغلىرىنى دېۋىتىپ يانغا قاچقىلى تۇردى. تۆرەكنىڭ ئالا بوينىقى قورقىنىدىن ۋەھىملىك قاۋاپ كەتتى.

نارىش بوۋا ئورنىدىن قىمىرلىماي ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا ئۇمۇ گاڭگىراپ قالغانىدى. بۇنىڭ قانداقسىگە يۇرەكتاغدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققانلىقىغا ئۇنىڭ زادىلا ئەقلى يەتمەيتتى. ئۇ ئادەملەرنىڭ بېشى ئۈستىدە قىسقىغىنا توختاپ بىر تەرەپكە سەل قىيسايدى-دە، شاقۇر تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. كېتىدىغان چاغدا ئۇنى ھەيدەپ ئولتۇرغان ئىككى ئادەم، يەردىكىلەرگە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى. ئادەملەر ئاغزىلىرىنى ئاچقىنىچە، ئۇ نەرسىنىڭ قارىسى يوقالغۇچە قاراپ قېلىشتى.

ئادەم ۋە ئات-ئۇلاغلار ئاستا-ئاستا ئەسلىرىنى يىغىشىپ، ئۈچ بالىنىڭ جەسىتى ياتقان ھارۋىنىڭ ئەتراپىغا توپلاشتى.
— خويما قورقاتتىيا، بۇ كاساپەت.
— ئايروپىلان دېگىنى شۇمۇ؟
— چۈشۈپ كەتمەي بىر ئىزىدا توختىيالايدىكەن تېخى...
— يۇرەكتاغدا نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ بۇ ئۇقەت؟
— توۋا خۇدايىم...

ئادەملەر ئۇنى-بۇنى دېيىشىپ ئاستا-ئاستا بېسىقىشتى ۋە مېڭىشنى داۋام ئېتىشتى.

نارىش بوۋا ھارۋىدا ياتقان باللارغا بىر يېرى قاتتىق ئاغرىغاندەك كۆزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ قارىدى.

باللار بىر خىلدا ياتاتتى. شۇنچە پاتپاراقچىلىق بولارنى ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغىتالمىغانىدى... ئۇلار ئەمدى مۇشۇ يېتىشقىنىچە ئورنىدىن قوپماسمۇ؟ كۆزلىرىنى ئەمدى زادىلا ئاچماسمۇ! باللىرىم، جىگەرلىرىم، كۆزۈكلىرىنى بىر ئېچىپ بوۋاڭلارغا بىر قاراساڭلار، مۇشۇ ئۇلۇغ قۇملۇقتا بىر قاراساڭلار، سىلەرنى ئىلگىرى كارى بولماي تاشلىۋېتىپ، ئەمدى بۇ كۈنگە كەلگەندە قورۇقداپ كېتىۋاتقان ماۋۇ ئادەملەرگە، سىلەردىن ئۆزۈن ياشىغان بولسىمۇ، سىلەر كۆرمىگەن نى-نى ئىشلارنى كۆرگەن بولسىمۇ، سىلەرچىلىك ھىممەت-غەيرىتى يوق، تۇغۇشلۇقنى، جۇرئىتىنى، جىگىرىنى

يوقاتقان بوۋاڭلارغا، ئاتا-ئانا، قوۋم-قېرىنداشلىرىڭغا، ئاشۇ يۇرەكتاغقا لاپپىدە بىر قارىساڭلار-ھە! بايىقى ئالامەتنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ھېلىقى يۇرەكتاغدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئۆڭگىلە ئوقەتنى كۆردۈڭلارمۇ... سىلەر بارىمىز دېگەن يەرگە، بىز بارماي تاشلىۋەتكەن يەرگە خەقلەر بېرىپتۇ! ئۇلار ئۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟ بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىمۇ ياكى يامانلىقنىڭمۇ... سىلەر ئاشۇ يۇرەكتاغقا بارالىغان بولساڭلار، ئىلگىرىرەك بارالىغان بولساڭلار بۇ ئىشنىڭ تېگىنى بىلەتتىڭلار، شۇنداقمۇ؟ بىلەتتىڭلار، ئۇ يەردە نېمە بولۇۋاتقىننى كۆرەتتىڭلار، ئاندىن بىزگە سۆزلەپ بېرەتتىڭلار، ئاندىن بىزمۇ... ياق، زادى بىز ئۇ يەرنى نېمىشقا تاشلىۋەتتۇق-ھە؟ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ تەۋەررۇك يېرىنى، ياتقان قەبرىسىنى نېمىشقا تاشلىۋەتتۇق... بۇ كۇپۇرلۇق ئەمەسمۇ؟ ئادەملەرنىڭ بۇزۇلۇشى شۇنىڭدىن ئەمەسمۇ؟! ئاتا روھىنى، ئانا روھىنى ئۇنتۇغىنىمىزدىن ئەمەسمۇ-ھە... بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ چىقىپ، ساقاللىرىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تاتارغان قۇرغاق لەۋلىرى تىترەيتتى. كۆكسى ئىختىيارسىز ئۆرتەيتتى. سەكسەندىن ئاللىقاچان ئاشقان بۇ بوۋاي ئاشۇ سەبىيلەرنىڭ ئالدىدا خۇددى بوۋاقتەك ئۆمچىيىپ تۆكۈلۈپ-تۆكۈلۈپ يىغلاۋاتاتتى. ئادەملەر يەنە ئېغىر ۋە مۇسىبەتلىك خىياللارنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىشتى. ھارۋا چاقى بىر خىلدا مۇڭلۇق غىچىرلايتتى. ئالا بويناق ھارۋىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەي، بېشىنى سىلكىپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ قىياپىتى خۇددى نارىش بوۋىدەكلا قايغۇلۇق ۋە ئايانچلىق كۆرۈنەتتى.

شاقۇرنىڭ دەرەخلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئات-ئۇلاغلار مەھەللىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ، يۈرۈشنى ئۇتتىكلەتتى. ئادەملەر مەھەللىگە قايسى سىياقتا كىرىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە نېمىلەرنى قىلىش توغرىسىدا كۇسۇرلىشىپ مەسلىھەت قىلىشقىلى تۇردى. شۇ ئارىدا تۇساتتىن كىمدۇر بىرى ئەندىكىپ ۋارقىرىدى:

— قاراڭلار، ئاۋۇ تەرەپتىن يەنە بىر ئوقەت چىپىپ كېلىۋاتىدۇ، بىزگە قاراپ... مۇشۇ تەرەپكە! — ھەممەيلەن چۆچۈپ ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە تەڭلا قاراشتى. دەرۋەقە، يىراقتىن، يەنە شۇ يۇرەكتاغ تەرەپتىن بىر ئوقەت ئاسمان-پەلەك چاڭ توزىتىپ بۇ تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك چىپىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئوقەت بىر قارىسا ماشىنىغا ئوخشايتتى. لېكىن ماشىنىدىن كىچىك ئىدى. ئۇنىڭ ئەينەكلىرىمۇ كۈن نۇرىدا يالت-يۇلت قىلىپ يالتىرايتتى.

ئادەملەر ئورۇنلىرىدا تۇختىشىپ، قوللىرىنى سايىۋەن قىلىشىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ ئۇ ئوقەتكە سىنچىلاپ كۆز تىكىشتى. ئۇ نەرسە گاھ قۇم بارخانلىرى ئارىلىقىدا غايىب بولۇپ، گاھ يارداڭ ئارىلىقىدىن شوڭغۇپ چىقىپ ئۇلار تۇرغان يەرگە يېتىپ كەلدى ۋە شاقۇرلۇقلارنى يانداپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا توختىدى. بۇ ئەسلى لاتا پىكاپ دېيىلىدىغان كىچىك ماشىنا ئىكەن. 35-40 ياشلاردىكى بەستلىك بىر ياش بىلەن كۆزەينەك تاقىۋالغان، كۇسا بولغىنى ئۇچۇن قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، گەۋدىسى مۇكچىيىپ، مۇرە سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان ياداڭغۇ، كېسەل چىراي بىر كىشى ماشىنىدىن چىقىپ كەلدى. شوپۇر يايياشلا بىر بالا ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى نارىش بوۋىغا تونۇشتەك بىلىندى. ئۇ بالىمۇ ماشىنىنىڭ ئوتنى ئۆچۈرۈپ

ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە ھەيران بولۇپ قارىشىپ قالغان شاقورلۇقلارغا يېقىنلاشتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن پىژغىرىم ئىسسىقتا چۆلدىن چىقىپ كېلىۋاتقان بۇ بىر توپ ئادەمگە قىزىقىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— نېمە ئادەم سىلەر؟ نەگە بېرىپ كېلىۋاتىسىلەر؟ — ھېلىقى بەستلىك ياش كىشى توپقا يېقىنلىشىپ كېلىۋېتىپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ياش يىگىتلەرگە خاس جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ساقاللىرى پاكىز قىرىلغان بولۇپ، چىرايى نۇرلىنىپ تۇراتتى. ئەپتىدىن تولىمۇ تەكەببۇر ۋە مەغرۇر كىشى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

شاقورلۇقلار ئۇنىڭ سالامدىن كۆرە ساقچىنىڭ سوراقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان سوئالىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. شۇ ئارىلىقتا شوپۇر بالا نارىش بوۋىغا سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم نارىش بوۋا... بۇيان كېلىشىپلا...

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام...

نارىش بوۋا ھەيرانلىق ئىچىدە خىرقىراپ جاۋاب بەردى. بوۋاي ئۇ بالىنىڭ كىملىكىنى بىلەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ سالام قىلىشنى بىلگىنى ئۈچۈن ئۇ بالا ئۇنىڭغا ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالدى.

— مەن قاراسۇدىكى نەمتۇل تاسىمنىڭ ئوغلى بولىمەن، ئۇزا يىلى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدە ئاتام بىلەن بىرنەچچە كۈن مېھمان بولۇپ كەتمىدۇقمۇ؟

نارىش بوۋا شەھەرگە قوي ئاپىرىپ ساتىدىغان نەمتۇل تاسما بىلەن تونۇش ئىدى. بۇ بالىنىمۇ ئۇنىڭ ئاتىسى شاقورغا قوي سېتىۋالغىلى كېلىپ ئۇنىڭكىگە چۈشكىنىدە كۆرگەنىكەن.

— ھە... مۇنداق دېگىن. ئاتاڭ تىنچلىقمۇ؟

شۇ ئارىدا ئۇلار ھارۋىنىڭ يېنىغا كېلىشتى.

— ۋۇي، نېمە باللار بۇ؟ ۋاي خۇدايىم...

ھېلىقى بالا ھارۋىدىكى مېيىتلارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە دەررۇ دۇئاغا قول كۆتۈردى. كۆپچىلىكمۇ ئۇنىڭ بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. ھېلىقى بەستلىك يىگىت بىلەن كۆزەينەكلىك كىشى بولسا مېيىتلارغا چەكچىيىپ تۇرغىنىچە ھاڭۋېقىپ قېلىشتى.

نەدە چوڭ بولغان نېمىدۇ ماۋۇ! يا سالامنى، يا دۇئاغا قول كۆتۈرۈشنى ئۇقمايدىغان... مۇشۇمۇ ئادەم بولدىمۇ ئەمدى، نارىش بوۋا دۇئانى تۈگىتىپ قولنى چۈشۈرۈۋېتىپ ئويلاپ قالدى ۋە كالدەك بېزىرىپ قاراپ تۇرغان ھېلىقى بەستلىك يىگىتكە سوغۇققىنا قاراپ قويدى.

— بۇ... بۇ... بۇ باللارغا نېمە بوپتۇ؟ — ھېلىقى بەستلىك يىگىت سورىدى.

— يۇرەكتاغقا بارىمىز دەپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قارا بورانغا قېلىپ قۇم كۆمۈۋېتىپتۇ، — تۇرەكىنىڭ دادىسى مەيۈسكىنە چۈشەندۈردى.

ئۇ يىگىت تۇرەكىنىڭ دادىسىنىڭ سۆزىنى يېنىدىكى كۆزەينەكلىك كىشىگە ئۆرۈپ بەردى. ئۇ ئادەم ئېچىنغان قىياپەتتە بېشىنى چايقاپ قويدى.

— يۇرەكتاغقا نېمىگە بارىدۇ بۇلار؟ ئۆيىدىن قوغلىۋەتكەنمۇيا...

— سەھرالىقلار شەھەرلىكتەك بالىلىرىنى باقالمىسا ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشنى بىلمەيدۇ. كۆچۈك بولمىسا ئۇلار قوغلىۋېتىدىغانغا... كۈچۈكنىمۇ قوغلىمايمىز بىز! ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ قەبرىسىنى يوقلايمىز دەپ بارامدۇ، — دېدى ئېشىكنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلىۋاتقان ئادەم زەردە بىلەن.

— ئاتا-بوۋا دېگەننىڭ قەبرىسى مەھەللىدە بولامدۇ، ئۇ يىراكتاغدا نېمە ئىش قىلىدۇ. ئۇ يەر دېگەندە قەدىمكى زاماننىڭ ئادەملىرىنىڭلا گۆرلىرى بار. بىز مانا شۇ يەردىن كېلىۋاتىمىز.

ساراڭمۇ ياكى كالۋامۇ بۇ نېمە — دەپ ئويلىدى نارىش بوۋا غەزەپ بىلەن.— قەدىم زاماننىڭ ئادەملىرى ئاتا-بوۋىمىز بولماي كىم بولاتتىكى... ئاتا-بوۋا دېگەننىڭ كىم بولىدىغىنىمۇ بىلمەيدىغان نېمە ئىكەنغۇ بۇ!

— بىزدە كۆركلە ئىنەم بىلەن بەگقۇلبەگ ئاتىنىڭ قەبرىسى يىراكتاغدا دېگەن گەپ بار. ئۇلار مۇشۇ ئەتراپتىكى پۈتۈن يۇرتنىڭ ئاتا-ئانىسى بولىدۇ... بالىلار بۇ گەپنى تولا ئاڭلاۋېرىپ، شۇ يەرگە قىزىقىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن...

كۆزلىرى كۆپكۆك چاقناپ تۇرىدىغان، سېرىق ساقال دانى ياغچى دېگەن ئادەم سۆز قاتتى. ھېلىقى بەستلىك يىگىت ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ھېلىقى كۆزەينەكلىك ئادەمگە بىرمۇ بىر ئۆرۈپ بەردى. كۆزەينەكلىك ئادەم نېمىشقىدۇر جىددىيلەشكەندەك بولۇپ ئۇ يىگىتكە بىر نېمىلەرنى دەپ كەتتى.

— ھېلىقى... نىمتا، بەگقۇلبەگ دېگەن كىم بولىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسىمۇ ئاشۇ، ئاشۇ يىراكتاغدىمۇ؟ — بەستلىك يىگىت دانى ياغچىدىن سورىدى.

— بەگقۇلبەگ ئاتا دېگەننى ئاشۇ كۆركلە ئىنەمنىڭ غوجىسى (ئېرى) ئىكەن دېيىشىدىغۇ، بەگقۇلبەگ ئاتىنىڭ قەبرىسمۇ ئاشۇ يىراكتاغنىڭ سەللا نېرىسىدا بىر قونۇم-ئىككى قونۇم يەردە، قۇمتاغ دېگەننىڭ باغرىدا ئوخشايدۇ ۋاللاھەم... كونا گەپتە ئاشۇنداق دېيىلىدۇ، ئىلگىرى تۆگە ئىزدەپ كىرگەن بىر نەچچە ئادەم ئۇنىڭ تۇپراق بېشىنى تاپقان ۋە ئۇ يەرگە بەلگە سېلىپ قويۇپتىكەنمىش.

ھېلىقى بەستلىك يىگىت خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ بارماقلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئىشقىلاپ كەتتى ۋە دانى ياغچىنىڭ گېپىنى ھېلىقى كۆزەينەكلىك ئادەمگە ئالدىراپ ئۆرۈپ بەردى. كۆزەينەكلىك ئادەم ھەربىر ئېغىز گەپنى بېشىنى گىلدىڭشىتىپ تۇرۇپ ئاڭلىدى ۋە ھېلىقى يىگىتكە بىر نېمە دېۋىدى، ئۇ يىگىت ماشىنىغا قاراپ پالاقلاپ يۈگۈردى ۋە قولىدا ئالىلقانداق بىر رەڭلىك سىزىق بىلەن تولغان قەغەزنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ھېلىقى كۆزەينەكلىك كىشىگە سۇندى. ئۇ ئادەم جايىغىلا زوڭ ئولتۇرۇپ ھېلىقى قەغەزنى تىزىغا يايدى-دە، قەغەزدىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى سىنچىلاپ ئىزدەشكە باشلىدى.

نارىش بوۋا ئۆزلىرىگە دەخلى قىلىۋاتقان بۇ ئادەملەرگە بىر خىل ئاغرىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە قاراپ ئولتۇراتتى. بولۇپمۇ بۇ ئادەملەرنىڭ تۇرۇپلا بەگقۇلبەگنىڭ تۇپراق بېشىغا بۇنچىلىك قىزىقىپ كېتىشى ئۇنى ئەجەبلەندۈرۈپ قويدى. كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك، بىر خىل نائېنىق ئەندىشە ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلغىلى

تۇردى.

تۇۋا، شەھەرنىڭ ئادەملىرىنى ئەجەب چۈشەنگىلى بولمايدىكىنە؟ تۈزۈك سالام-سائەتنى تېخى بىلمەيدىكەن، بىرلىرىنىڭ قايغۇسىغا ئورتاقلىششنى تېخى بىلمەيدىكەن، كۆڭۈلگە ياخشى ئىككى ئېغىز تەسەللى گەپنى يا قىلالمايدىكەن... تۇۋا، بۇلارغا ئادەم دېگەن شۇنچە ئەتىۋارسىزمىدۇ! ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئادەم بىلەن داڭگالنىڭ پەرقى يوق ئوخشايدۇ. مۇشۇ سۆيۈنگىنىمۇ بالا-ۋاقىسى باردۇر-ھە؟ مۇشۇ باللاردەك، غۇنچىدەك مۇشۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئۆلۈمىنىمۇ قىرىغا ئېلىپ قويمىدىيا، مىتمۇ قىلىپ قويمىدى. يوسۇنىنغۇ بىلمىسۇن، دۇئا دېگەنىنغۇ ئابايلا بىلمەيدىغۇ، كۆڭۈلگە يارىشا بىر-ئىككى ئېغىز تەسەللى سۆزنىمۇ بىلمەمدىغاندۇ؟ تەسەللى سۆزنى بىلمەيدۇ ئەمەس، ئادەملەر قايغۇغا دۇچ كەلسە، ئادەملەر ئۆلسە ئۇنىڭغا لايىقىدا، ئادەمدەك ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلمەيدۇ! ھۇ، ئۆلۈمنى ياد ئەتمەيدىغان، ئۆزى ئۆلمەيدىغان، ئاتا-بوۋىسى بولمىغان دەيۈزلەر! تۇرقىغا قارىسا ئادەمدەك تۇرغىنى بىلەن قاپقارا توڭگۇز ئىكەن بۇ دەيۈزلەر... شۇ ئەسنادا ھېلىقى كۆزەينەكلىك ئادەم رەڭلىك قەغەزدىكى كىچىككىنە بىر داغنى كۆرسىتىپ خۇشال غودۇڭشىپ كەتتى ۋە ئۇ يەرگە قىزىل قەلەمدە بىر دائىرە سىزدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ قەغەزنى يىغىشتۇردى.

— گەپنىڭ گەپ، بەگقۇلبەگ ئاتىنىڭ ياتقان يېرىنى بەك سوراپ كەتتىلار... ئۆزى...

دانى ياغچى ھېلىقى بەستلىك يىگىتتىن سوراپ قالدى. ئۇ يىگىت كۆزەينەكلىك ئادەمگە يۇرەكتاغ تەرەپنىڭ نېرىسىنى كۆرسىتىپ بىر نېمە دەۋاتاتتى. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ دانى ياغچى تەرەپكە ئۆرۈلدى.

— بىز ئاشۇنداق ئەسكى گۆر، كونا قەبرىلەرنى كولاپ تەكشۈرىدىغانلار. بايا ئۇچقان تىك ئۇچار ئايروپىلاننى كۆرگەنسىلەر! ھە، بىز يۇرەكتاغدىكى بىر ئەسكى گۆردىن بىر مۇمىيا بولۇپ كەتكەن ئايالنىڭ جەسىتىنى كولاپ تاپتۇق. ئۇنى تېخى ھېلىلا ئاشۇ ئايروپىلاندا ماڭغۇزۇۋەتتۇق. خۇددى تىرىكتەكلا، شۇنچە بېجىرىم ساقلىنىپتۇ... ھېلىقى سىلەر دەپ يۈرگەن «كۆركلە ئىنەم» دېگەن ئايال شۇ بولسا كېرەك. تۇرقىدىن ئۇيغۇر ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ... ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆمۈلگەن بۇغداي، كاۋاپ، كاكچا نان، يۇڭ پالاز، رەڭلىك يۇڭ كىيىم، بېغىرداق، قىلىچ، خەنجەر، ئۆتۈك، ئەينەك، تارغاق، لەۋ بويىقى، زىرە ئۈزۈك... ئىشقىلىپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى تاپتۇق. مانا ئەمدى سىلەردىن بەگقۇلبەگ دېگەن بىرىنى ئاڭلاۋاتىمىز. مۇشۇ گېپىڭلار بويىچە بولغاندا قۇمتاغدىمۇ مۇشۇنداق يەنە بىر گۆر بار ئىكەن، بۇگۈن سىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ بەك ياخشى بولدى، بولمىسا، بىز بىلمەي قالار ئىكەنمىز-دە! مانا ئەمدى بىلىۋالدۇق، بەك ياخشى بولدى. بۇ قېتىم كېلىشىمىزدە بەگقۇلبەگنىڭ گۆرىنى قازىمىز، ئۇنىمۇ ئېلىپ كېتىمىز...

— ئۇنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟ — دانى ياغچى ئالدىراپ سورىدى.

— ئاۋۋال ئۈرۈمچىگە، ئاندىن شاڭخەيگە ئاپىرىپ يىل سانىنى ئېنىقلايمىز، ئاندىن

كېيىن ئاۋۋال دۆلىتىمىز ئىچىدە، كېيىن بولسا چەت ئەللىكلەرگىمۇ ئاچىمىز.
— نېمە قىلىسىلەر ئۇ يەرگە ئېلىپ بېرىپ؟
دانى ياغچىنىڭ ئاۋازى خىرقىراپ قالغانىدى. ئۇ تۆكۈرۈكىنى كۈچ بىلەن يۇتتى.
— نېمە قىلاتتۇق؟ — بەستلىك يىگىت مەيدىسىنى كېرىپ، قەددىنى رۇسلاپ دېدى، — كۆرگەزمە قىلىمىز...
— كۆرگەزمە قىلساڭلار پۇل بېرەمدۇ؟
— باياتىدىن بېرى ئۈنچىقارماي گەپكە قۇلاق سېلىپ تۇرغان قاراماتاق، قاتاڭغۇر ئادەم سوراپ قالدى.
— پۇل؟ ئەلۋەتتە پۇلغا دە. ناھايىتى نۇرغۇن پۇلغا، بۇ دېگەن دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان تېپىلما.
ئادەملەرنىڭ رەڭگىرويى بىردىنلا ئۆڭۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى چۈشىنى يەۋالغاندەك بىر قىسما بولۇپ قالدى.
— ئاشۇ بىچارىلەرنى گۆرىدە تىنچ ياتقىلى قويماي، شەھەرمۇ شەھەر سازايى قىلىدىكەن-دە! تووۋا خۇدايىم... سېتىپ پۇل قىلمىغان گۆردىكى سۆڭەكمۇ قالماپتىغۇ ئەمدى! پۇلغا دەيدىغىنىنى ئاباپلا بىلگەنتىم... بولمىسا نېمە قىلىدۇ دەقىيانۇسنىڭ ۋاقتىدىكى سۆڭەكلەرنى كولاپ... — دانى ياغچى زەردە بىلەن كوتۇلداپ قويدى.
— سىلەر بىلمەيسىلەر! — ھېلىقى بەستلىك يىگىت دانى ياغچىغا مەنستىمىگەندەك قىلىپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ دېدى، — بۇ دېگەن ئىلىم-پەن. يالغۇزلا پۇل مەسىلىسى ئەمەس، يەنە دۆلەتنىڭ شان-شەرىپى!
ھېلىقى كۆزەينەكلىك ئادەم بەستلىك يىگىتتىن ئۇلار نېمە دەۋاتىدۇ، دەپ سورىدى بولغاي، ئۇ يىگىت خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭ بىلەن كالدىرلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن بىر خۇشاللىق، بىر تەقەززالىق ئەلەڭگىيتتى. ئۇلار نېمىگىدۇر ئالدىرىغاندەك بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قېلىشقان ئادەملەر بىلەن تۈزۈكرەكمۇ خوشلاشماي ھاپىلا-شاپىلا مېڭىپ كېتىشتى.
— نەچچە كۈندىن بۇيان ئاتام-ئانام كۆرمىگەن قاتتىق قارا بوران چىقىپ، جاھانغا توپا ياغقىنى بىكار ئەمەس ئىكەن-دە! مانا مۇشۇلار يۇرەكتاغدا كۆركلە ئىنەمنىڭ يەرلىكىنى ئېچىپ تاشلىغاچقىلا شۇنچە قىيامەت بولۇپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ بۇ يەردە، — دېدى دانى ياغچى يىراقتا چاڭ توزىتىپ كېتىۋاتقان ماشىنىغا قاراپ نەپرەت بىلەن.
— كۆركلە ئىنەمنىڭ سۆڭەكلىرىنى ھېلىقى ئوقەتكە بېسىپ ئېلىپ كېتىشكىنىچۇ تېخى!
— بەگقۇلبەگ ئاتىنىڭ يەرلىكىنىمۇ ئاچقۇدەك!
— ئۇ چاغدا يەر تەۋرەپ، يەر يېرىلىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس!
— بولسا يەر يۇتۇپ كەتسىدى ئۇلارنى... ئۇ دەيۈزلەر جىم ياتقان يەرلىكنى كولاپ قارا بورانغا سەۋەب بولۇشۇپ مۇشۇ نارەسىدىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشتى. ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىنى قوزغاپ... ئۇنىڭ دەرد-ھەسرىتىنى مانا بىز تارتىۋاتىمىز. شۇنداق قىلمىغان بولسا بۇ بالىلارمۇ قارا بوراندا قالماستى ھەقچان...
ئۇلار يۈرۈشنى داۋام قىلدى. كالا ھارۋىسىنىڭ مۇڭلۇق غىچىرلىشى، بىردەملىك

پاتپاراقچىلىقتىن كېيىن ئۆز ھالىغا قايتقان قوملۇقنىڭ غەمكىن كۆرۈنۈشى، ئادەم ۋە ئات-ئۇلاغلارنىڭ تۇرقى-جۇسۇنىدىن ئەلەڭگىپ تۇرغان تەگسىز قايغۇ بۇ كارۋانغا قەدىمي تۇس بەخش ئەتكەنىدى.

نارىش بوۋىنىڭ قايغۇسى تۇساتتىن ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ھەسرەت، قايغۇ ۋە پەرىشانلىقتا بىر خىل ئەندىشىلىك، ساراسىمە كېلىپ قوشۇلدى. بۇنىڭ سەۋەبكارى ئۇنىڭ بايا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرى ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا بۇ توپنىڭ شۇ تۇرقىنى بىردىنلا ھېلىقى «كۆچ-كۆچ» رىۋايىتىدىكى بەگقۇلبەگ ۋە كۆركلەئىنە باشچىلىقىدىكى ئۆزلىرىگە ماكان ئىزدەپ سەرسان بولۇپ يۈرگەن كارۋاننىڭ «كۆچ-كۆچ» ئۈستىدىكى تۇرقىغا ئوخشىتىپ قالدى. راست، دەرۋەقە بەك ئوخشايتتى. توۋا، پەلەكنىڭ چۆرگىلىشى دېگىنى شۇمىكىن؟ يەتتە-سەككىز مىڭ يىل ئىلگىرى ئاتا-بوۋىلار، ئاشۇ كۆركلەئىنە بىلەن بەگقۇلبەگ ئاتا كۆچ-كۆچ ئۈستىدە مانا ئاشۇ نارىش بوۋا چېكىۋاتقان ئازابنى، ئۇ تارتىۋاتقان دەرد-ھەسرەتنى چەككەنىكەن. مۇشۇ زېمىندا، مۇشۇ قوملۇقتا، مانا مۇشۇنداق شارائىت ھەم تۇرقى سىياقتا! بۈگۈن مۇشۇ ئادەملەرمۇ نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتىدىغۇ؟ بۇ نەرسە زادى نېمە؟ ئۆزلىرىگە تەۋە بىر روھىي ماكانمۇ؟ ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى قارار تاپقۇزىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئەتسگە كېپىل بولالايدىغان بىر روھىي زېمىندۇر؟ زادى نېمە؟ ئۇ ئۆزلىرىگە خاس... چاغدا، ئاتا-بوۋىلىرىمىزغا بەگقۇلبەگ بىلەن كۆركلەئىنە يول باشلىغان بولسا، بۈگۈن ئۇلارغا كىم يول باشلاۋاتىدۇ؟ نارىش بوۋىمۇ؟ ئاۋۇ تۈرەكنىڭ ئاتىسىمۇ ۋە ياكى مۇنۇ سەپرا مىجەز دانى ياغچىمۇ؟ ياق، ياق، ھېچكىم ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئالدىدا كۆزلىرىنى ئاچماس بولۇپ ياتقان مۇشۇ ئۈچ ئوغۇل! ئاشۇ ئاغزىدىن ئوغۇز سۈتىنىڭ تەمى كەتمىگەن، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ چامى يەتمەيدىغان مەنزىلنى ئارمان قىلىپ شۇ يولدا جان بەرگەن مۇشۇ ئۈچ ئوغۇل! ئۇلار نەگە باشلىغان؟ ئاتا-ئانىسىنى، مەھەللىسىنى، ھەممىمىزنى نەگە باشلىدى؟ يۈرەكتاغقا! توغرا يۈرەكتاغقا! ئۇ يەرگە بېرىشنى، ئۇ يەرنى تاشلىۋەتمەسلىكنى، ئۇ يەرنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىكنى بىزنىڭ سەممىزگە سالدى، شۇنداق قىلمىسا بولمايدىغانلىقنى بىزگە ئۆگەتتى، بىزنى غەپلەتتىن، ئازغۇنلۇقتىن تارتىپ چىقاردى، بىزنى ئويغاتتى! پەلەكنىڭ چاقى مانا مۇشۇنداق چۆرگىلەيدىكەنغۇ ئاخىرقى ھېسابتا!

نارىش بوۋا ئۇشتۇمتۇت كالىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ ھارۋىنى توختاتتى. ئادەملەر مەھەللىگە يېتىپ كېلەي دەپ قالغىنىمىز ئۈچۈن، ئادەت بويىچە مەھەللىگە ھازا تارتىپ كىرىشنىڭ مەسلىھىتىنى قىلىدىغۇ ھەقچان، دەپ ئويلىشىپ ئات-ئۇلاغلارنىڭ تىزگىنلىرىنى تارتىشىپ توختاتتى.

لېكىن نارىش بوۋا ئۈنچىقارماي كالىنىڭ بېشىنى كەلگەن تەرەپكە قايرىدى ۋە كالىنى چۆلگە قارىتىپ «چۇھ-چۇھ» لىدى. ئادەملەر ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي ئاغزىنى ئاچقان-چۇھ» لىدى. ئادەملەر ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي ئاغزىنى ئاچقان پېتى تۇرۇپ قېلىشتى.

قېرى كالا خالىمىغاندەك قىلىپ تەسلىكتە كەلگەن تەرەپكە يۈزلەندى.

— بۇ... بۇ... نەگە نارىش بوۋا؟
تۇرەكىنىڭ دادىسى ئېتىنى دېۋىتىپ هارۋىغا يېقىنلىشىپ سورىدى.
— يۈرەكتاغقا! — نارىش بوۋا يۈرەكتاغ تەرەپتىن كۆزىنى ئالماي جاۋاب بەردى، — بىز خاتا مېڭىپتۇق، باللارنى يۈرەكتاغقا قويايلى! — ئۇ ئۆزىگە هاڭ-تاڭ بولۇپ قارىشىپ تۇرغان ئادەملەرگە قايرىلىپ دېدى، — هەي خالايىق، يول بويى تۇرغۇن گەپلەر بولۇندى، هەممىمىز بۇ باللىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا-قازانى مۇشۇ باللارنىڭ بەگباشلىقىدىن. ئاشۇ «كۆچ-كۆچ» رىۋايىتىنى تولا ئاڭلاپ كەتكەنلىكىدىن كۆردۇق! يەنە تېخى بۇ رىۋايەتنى «قۇرۇق گەپ» دېگۈچىلەرمۇ، ئاشۇ بەگقۇلبەگ بىلەن كۆركلە ئىنەمنى «ئۇيغۇر بولغىنى بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسكەنتۇق» دېگۈچىلەرمۇ چىقتى. قېنى، بىزدىكى ئىزا؟ قېنى، بىزدىكى ئىنساب؟ قېنى، بىزدىكى ئەقىل؟ — ئۇ كۆپچىلىككە بىرمۇبىر قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن بەقەمدەك قىزارغىنى ئۈچۈن شۇ تاپتا ئوت چېچىپ تۇرغاندەك بەكمۇ غەزەپلىك چەكچەيتتى، — بىزنىڭ ئاتا-بوۋىمىزدىن
تايغىنىمىز راست ئەمەسمۇ؟ هازىرمۇ، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىمۇ تېيىۋاتىمىزغۇ؟! مۇشۇ باللىرىمىز كىچىك بولسىمۇ، ئەجدادلىرىنى ياد ئېتىپ، بىز ئويلىمىغاننى ئويلاپ مۇشۇ قىسمەتكە دۇچار بولۇپتۇ! بۇنىڭ گۇناهى كىمدە؟ ئاتا-بوۋىسىنى ياد ئېتىپ، بېلىنى باغلاپ چىققان مۇشۇ ئۈچ ئوغۇل بالىدىمۇ ياكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن، ئۇلارنىڭ روهىدىن يۈز ئۆرۈپ، بىر بۇردا ناننىڭ قۇلى بولۇپ تىرىكچىلىك غەۋغاسىدا ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويغان بىزدىمۇ؟ بىزمۇ مۇشۇ باللاردەك ئاتا-بوۋىمىزنى ياد ئېتىپ تۇرغان بولساق، ئاتا-بوۋىمىزنىڭ يۈرىكىدىن بىنا بولغان يۈرەكتاغنى تاشلىۋەتمەي تاۋاپ قىلىپ تۇرغان بولساق، مۇشۇ باللارنى ماۋۇ ئۇلۇغ بوۋاڭنىڭ، مۇنۇسى ئۇلۇغ موماڭنىڭ ياتقان يېرى بولىدۇ، دەپ پات-پات يۈرەكتاغقا ئۆزىمىز بىللە ئاپىرىپ تۇرغان بولساق بۇ باللار بۈگۈنكى قىسمەتكە دۇچار بولامتى؟ مانا ئەمدىچۇ؟ كۆركلە ئىنەمنىڭ گۆرىنى ئېچىشىپ، ئۇستىخانلىرىنى ئېلىپ كېتىشىپتۇ، ئەتە بەگقۇلبەگ ئاتىنىمۇ شۇنداق قىلغۇدەك! ئەمدى كىمگە تېۋىنىمىز! ئەمدى كىمگە سېغىنىمىز! كىم گۇناهكار؟ مانا بىز — مۇشۇ تۇرغانلار! مۇشۇ چوڭلار! بىزنى شۇ تاپتا «ئاسىي» دېسىمۇ، «گۇمراھ» دېسىمۇ، ئىشقىلىپ نېمىلا دېسە ئەرزىيدۇ! ئەلھۆكمىللا، دەپ بېشىمىزنى سىلىپ تۇرماقتىن ئۆزگە هېچقانداق سەۋەب-باهانىمىز يوق! گۇناهىمىز ئۈچۈن يۈزىمىز قىزارسۇن! ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ روهىنىڭ ئالدىدا، يۈرەكتاغنىڭ ئالدىدا، مۇشۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ يۈزىمىز قارا!
نارىش بوۋا بوغۇلۇپ، ئېسەدەپ يىغلايتتى. تارام-تارام ياشلار بوۋاينىڭ ئاپئاق ساقىلىنى يۇياتتى. ئۇنىڭ ئېسەدەشلىرىدىن يۈرەكلەر سىيرىلەتتى. توپنىڭ ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاشلار، دەردلىك ئاھ تارتىشلار ئاڭلاندى.
— شۇنچە گۇناهىمىز تۇرۇپ يەنە گۇناهكار بولمايلى، — نارىش بوۋا ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ بوغۇق ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — مۇشۇ نارەسىدىلەر يۈرەكتاغنى ئارزۇ قىلىپ، ئۆيدىن چىقىشقانىدى، بىز ئۇلارنى يېرىم يولدىن قايتۇرۇپ

كېلىۋاتىمىز! بۇنداق قىلىشقا مۇشۇ ئۈچ مەسۇمنىڭ روھى قورۇنامدۇ؟ بەگتۇلبەگ ئاتا، كۆركلە ئىنەمنىڭ روھى قورۇنامدۇ؟! شۇڭا باللارنى يۈرەكتاغقا ئاپىرىپ قويايلى! ئاشۇ ئېچىشىپتىلگەن كۆركلە ئىنەمنىڭ يەرلىكىگە قويايلى! بۇنداق قىلغاننىڭ ئىككى خىل خاسىيىتى بار، بىرى، بۇنداق قىلىشقا مۇشۇ مەسۇملار ئارزۇسىغا يېتىدۇ، روھى خۇش بولىدۇ، كۆركلە ئىنەم بىلەن بەگتۇلبەگنىڭ روھى سۆيۈنىدۇ! ئىككىنچىدىن، بىز ئىلگىرى يۈرەكتاغنى تاشلىۋەتكەن بولساق، ئەمدى ھېچ بولمىغاندا، ئۇ يەردە ئۆزىمىزنىڭ يۈرەك پارىلىرىمىز بار، دەپ ئۇ يەرنى پات-پات يوقلايدىغان بولىمىز! يۈرەكتاغنى تاشلىۋەتمەيدىغان، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ يۈرىكىدىن بىنا بولغان ئانا يېرىمىزنى يادىمىزدىن چىقىرىۋەتمەيدىغان بولىمىز، نۇرغۇن زامانلاردىن كېيىنمۇ بالا-ۋاقىلىرىمىز، بوۋىلىرىمىز ياتقان جاي دەپ يۈرەكتاغنى يوقلاپ تۇرىدىغان بولىدۇ...



بوۋاي ھەسرەتلىك بىر تىنىدى-دە، كالىنى «چۇھ» دەپ دېۋىتتى. كالا ھارۋىسى غىچىرلاپ ئورنىدىن قوزغالدى. يىغىدىن كۆزلىرى قىزارغان ئادەملەر ئۈنچىقارماي كالا ھارۋىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. تۆرەكىنىڭ ئىنى ھەيران بولغاندەك بىردەم تۇرۇپ قالدى-دە، يەنە ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ كالا ھارۋىسىغا يېتىشىۋالدى. كارۋان سىپى يەنە بايا ئۆزى كەلگەن يول بىلەن چۆلنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بوۋاي ھارۋىدا ياتقان باللارنىڭ چىرايىغا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن تىكىلىپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلايتتى: بىزنى كەچۈرۈڭلار، يىگىتلىرىم! چوڭلارنى كەچۈرۈڭلار، بوۋاڭلارنى كەچۈرۈڭلار...

ئۇتلۇق قۇيلىش زېمىننى كۆيدۈرەتتى. يىراق-يىراقتا ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان كۆل، باغجانلاپ تۇرغان دەل-دەرەخلەر، ئېگىز-ئېگىز ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك شەھەر كۆزگە تاشلىناتتى. بۇ چۆلدىكى ئېزىتقۇ ئالۋۇن پەيدا قىلغان كۆرۈنۈشلەر ئىدى. ئۇ مەنزىرىلەر چاڭقىغان ۋە ھارغان كارۋانلارغا بىردەملىك بولسىمۇ غايىۋى ھۇزۇر بېغىشلايتتى. كىشىنى ئالدىغا ئىنتىلدۈرەتتى.

قۇياش نۇرى بەك پارلاق، ئاسمان بەك تىنىق بولغىنى ئۈچۈن قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى يۇرەكتاغ خۇددى بىللور قەلئەسىدەك شۇ قەدەر روشەن، گۈزەل ۋە سەلتەنەتلىك كۆرۈنەتتى.

كالا ھارۋىسى مۈڭلۈق غىچىرلايتتى. ئات-ئۇلاغ ۋە ئادەملەر جىمجىت كېتىپ باراتتى. ئۇلار شۇ تاپتا قۇملۇقنىڭ جىملىقى بىلەن ئاستا-ئاستا سىڭىشىپ كېتىۋاتاتتى...

1994 - يىل 1 - نويابىر، ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىر **كامىل تۇرسۇن**

(بېشى 138 - بەتتە)

چىقىپ، شېئىرنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى كۈچ-قۇدرىتىنى غايەت زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

ئۈچىنچى، شېئىرلارنىڭ شەكلى يېڭى بولۇپ، شائىر شېئىرىيەتتە بىرخىل تېخىمۇ ساپ بولغان شەكىلگە ئىنتىلگەن. شائىر گەرچە شەكىل گۈزەللىكىگە ئىنتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىجادىيەت جەريانىدا ھەرگىزمۇ شەكىلنى مەزمۇننىڭ ئۈستىگە قويغان ئەمەس، بەلكى ئۇ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان يېڭى شەكىلگە ئىنتىلگەن. شائىر بودېلېر ئىنتىلگەن يېڭى شەكىل ئىستېتىزمچىلار (ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئازىيە سەنئىتىدە ھەقىقەتەن يىراق ۋە خەلققە يات بولغان «ساپ سەنئەت» تەرەپدارلىرى) تەشەببۇس قىلغان كىشىلەرنىڭ رايىغا-دىتىغا ياقمايدىغان، يېقىمسىز شېئىر شەكىللىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

**ئايشەم ھامۇت** تەييارلىغان

مەسئۇل مۇھەررىر **سارەم ئىبراھىم**

ياسىن زىلال

# سۆيگۈ ئېقىنلىرى

## تاغ ھەققىدە ناخشا

ئادەم ئاتام تۇغۇلماستا تۇغۇلغان تاغ
تا زېمىندىن ئۇپۇقسىرى تۇرار مەغرۇر.
ھەر تاڭ قۇياش تۇغۇلىدۇ يۈرىكىدىن،
ھەر ئاخشىمى ئاي ئۇنىڭغا ھەمراھ نۇرۇر.

شۇۋىرغانلار قار كۆچۈرۈپ ياسار قۇيۇن،
قايناپ تۇرار تاغ بېلىدە قارا تۇمان.
باسقان غايەت زور بەستىنى قاتمۇقات مۇز،
ئېتىكى باغ، ئېگىلىدۇ ئاڭا ئاسمان.

قىرى دېيىش دۇرۇس ئەمەس تۇرسا ئاق باش،
ئۇ بىر گىگانت ئەزىمەتكى قەلبى يالقۇن.
ئۇ نەۋقىران قاردا قالغان يىگىت ئوخشاش،
قىلار تەپتى قار-مۇزلارنى دەريا-دولقۇن.

ئۇنىڭ ئىچى پورۇقلىغان لاۋا-گۈلخان،
گۈلدۈرلەيدۇ باغرىدا كۆپ شارقىراتما.
مېھرى تەگسە باياۋانلار گۈل-گۈلىستان،
ئابىھايات بېرەر بەھرى كەڭ ھاياتقا.

پاك ئېقىنلار بۇ زېمىنگە تارتقان تومۇر،
ھەر يۈرەكنىڭ رىشتىسىگە چېگىلگەن ئۇ.
گۈلدۈرماما، چاقماق كەلمەس پىسەنتىگە،
ئىشقى بىلەن ئانا يەرگە ئېگىلگەن ئۇ.

يۈرىكىنى يالقۇن دېگىن، ئالتۇن دېگىن،
جانانلاردا ئالتۇن مۇنچاق، ئالتۇن ئۈزۈك.
مەردۇ مەردان قورۇقچىدىن خەنجەر سوقلا،
قاشتېشىدىن كۆز قويۇپتۇ شۇنداق سۈزۈك.

ئاتام-تېغىم، دېگەن ئەجەپ ھېكمەتلىك سۆز،
ئاتىلارمۇ دېگەنىكەن: تېغىم — ئاتام!
ئاتىلاردىن ئاتىلارنى سۈرۈشتۈرسە،
ئەلمىساقتا ئۈزاپ قىسسە، بولماس تامام.

دېمەك تاغلار ئاتىلارغا ئاتا-پاناھ،
مەخلۇقاتقا ئۇۋا بولغان باغلارغا ھەم.
قىيان بولۇپ سۈيى ئاقماي ساي-سايلارغا،
نېچۈك ھايات مەۋجۇت بولسۇن، نېچۈك ئالەم؟

تاغلار قالقان بولغاچ باغلار ئامان مەڭگۈ،
كېپىنەكلەر بىلەمدۇ بۇ خاسىيەتنى؟
بۇلبۇل كۈيى تاغلارغىمۇ تالىقمىكىن؟
لالەم تاپقان قايدىن شۇنچە لاتاپەتنى؟

بۈيۈك تاغلار...
ئاتام تېغىم، بوۋام تېغىم،
ئاھ، خانتەڭرى، ئالتۇن تېغىم، قارا قورۇم.
يالقۇن تېغىم، بۇغدا ئانام، مۇز تاغ ئاتام،
تۆمۈر چوققام... سوزسام نېچۈن يەتمەس قولۇم؟!

## باغاشلا

ئالدىمدا مەجنۇننىڭ كەچمىش-قىسسىسى،
چۆللەرنى بارگاھ ئەيلىگەن ئاشىق.
زەر تەختۇ قەسرلەر، تاجلار نېمە؟
ئۆزگە شاھلىقنى كۆرمىدى لايىق.

شاھزادە يىرتتىغۇ ئالتۇن ياقىنى،
كۆكسىگە قان چەكتى ھىجران بىر ئۇيۇل.
مۇھەببەت، مۇھەببەت، ئېھ، سېھرىي قۇدرەت،
نەسىھەت، تەقىپكە بولمىدى ماقۇل.

سەۋدايى، ساراڭ، دەپ ئاتالدى، ئەپسۇس،
ئەقلىدىن ئازغانلار كىمدۇر ئەسلىدە.
كىملەر لەۋ يالىشار ئازغۇنلۇق ئارا،
پاك سۆيگۈ ۋەجىدىن مەجنۇن ھەپسىدە.

قوللىرى چېتىلغان، پۇتىدا تاقاق،
مەجنۇننى ئۆز قەۋمى ئەيلەشتى تۇتقۇن.
جۇپ دەريا قانسىرار ئىككى مەگزىدە،
ئاھلىرى بېشىدىن كۆتۈرەر يالقۇن.

ئاھ، ئاتەش تىلەكتە زەنجىر بولمىش سۇ،
سۇنغانمىش تاقاقلار ھەم پاچاق-پاچاق.
شاھزادە قان-زىيدە جىسمىنى ئېلىپ،
يارىم دەپ چۆللەرگە يۈزلەنمىش ياياق.

چاراسلاپ كۆيگەنمىش قۇملار زارىدىن
يەر-پەلەك يەل سوققان ئاجىز يوپۇرماق.
قۇشلار ھەم ھوشىدىن كەتكەنمىش شۇ دەم،
پەرىزات دۇنياسى بولغانمىش ئۇچاق.

ھە، شۇنداق...
ئادەملەر ئەلەم سالغانمىش،
شەھۋەتخور ئەبلەخلەر يىرگەنمىش تېخى.
ۋاي تۇۋا، جاللاتمۇ تەقدىر كاتىپى،
دوزاختىن ئۇنگەنمۇ ئادەم دەرىخى؟!

ئاھۇلار يۈرگەنمىش يىغلاپ كەيىندىن،
يولۋاسلار، يىلپىزلار بولغانمىش ھەمراھ.
قەۋمىنىڭ قەستىدىن قاچقان غەمناكقا
ياۋايى-يىرتقۇچلار بوپتۇ خەيرخاھ.

كىملەر ھەق ئىدى، ھەي، ساراڭ ئاتالسا،
مىڭ لەنەت سۆيگۈسىز مۇردا دىللارغا.
ساراڭلار دېيىشتى ساقلارنى ساراڭ،
ئەجدادلار تۆكۈرمىش يۈزسىز يىللارغا.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈش-ئۆلۈمدۇر،
كەل يارىم، لەۋلەردىن يانسۇن شوخ ئاھاڭ.
باغاشلا، رەشكلەر ئەرۋاھى كۆيسۇن،
قۇتلۇقلار سۆيگۈدىن پۈتكەن گۈزەل تاڭ!

## تۇۋا

تۇۋا،
شۇنداق ئادەملەرمۇ بار:
ئالقانلاردىن تىلەيدۇ چاۋاك
يوق ئېتىقاد، ئىخلاس ۋە سۆيگۈ،
ئۇنداقلارنىڭ نىيىتى ناپاك.
كۆمتۈرۈلسە ئالەم پەرۋاسىز،
ساق قالسىلا كوپايە ئۆزى.
چىم قىلمايدۇ دىلى،
بىراۋنىڭ
ئويۇلسىمۇ ناھەقتىن كۆزى.

ئۇلار پۇتۇكىغا ھۆل كىسەك قويۇپ،
ناتىقلىقىدىن پاراڭ سالىدۇ.
غەرىزى مۇنداق:
جايىستانغا چىقىرىپ قويۇپ،
مەقستىنى ئاكلاتقۇزىدۇ،

يا ئۈزىنى داغلاتقۇزىدۇ.
مەيلى ماختال، مەيلى قارغىش تاپ،
ئۇ دالدىدا ھايان ئالىدۇ.
ناسۇس بولۇپ پۈۋلەيدۇ سېنى،
تولدۇرىدۇ لىققىدە يەلگە.
بۇرغانسېرى ئۆرلەيسەن بىلمەي،
كەلتۈرۈپ تېپىدۇ سېنى پەللىگە.
بۇ سەپەردىن يوق سەندە سوئال،
ئۆچتۈمغۇ، دەپ بولسەن خۇشال.
ناگاھ تەگسە پېشانەڭ مىخقا،
باغرىڭ دۇچار بولسا يېرىققا،
پوسسىدىلا چىقىدۇ يېلىڭ،
(ساداقەتتە تۇرسىمۇ دىلىڭ)،
بوك قىلسەن تەپسە ئۆرلىمەي،
ۋاڭ دەسسەيدۇ،
بولسەن شاپاق،
ئۇ، پەرۋاسىز كېتەر ئۇندىمەي...

## چىراغ

چىراغ ئۇ تۈنلەرنىڭ ئۇزاق شاھىدى،
شەبىستان قوينىنى قىلار نۇرىستان.
ۋەھىمە يەر ئۇندىن زۇلمەت ئىلاھى،
نۇر مەھرۇم جاھاندا جان بولامدۇ جان.

تۈن ئارا مەن چىراغ ئالدىدا بۇ دەم،
نۇرلىنار قەلبىمدە تاڭغا ئۈمىتقات.
مەن تۈندە كۈتمەن قۇياشنى دىلجەم،
پەرۋانە بوپ غايە چىقاردى قانات.

پەرۋانە يالقۇنغا شۇڭغۇيدۇ تىنماي،
بۇ قانداق مۇشتاقلىق، قانداق مۇھەببەت.
قۇچاقلاپ زەررە نۇر ۋەسلىنى ھايھاي،
كۆز يۇمۇش ئۇلارغا ئەڭ ئالىي نۇسرەت.

يۈرىكىم ئايلاندى جاھاننەماغا،
مىڭ خىيال، مىڭ كەچمىش ئۆتتى رەتمۇرەت.
مىڭ دەريا سۆيىدەك سۆز بار دىلىمدا،
كۆپايە مۇشۇنى دېيىشمەللا پەقەت:

زۇلمەتنى سۆيگەنمۇ زۇلمەتتە ھالاك،
ھاياتنىڭ يولىدا تۇمەنلىگەن ھاڭ.
شەپەرەڭ مىسالى تەن-روھى ناپاك،
ئۆلسىمۇ ھەققىدە بولماس خوپ پاراڭ.

پەرۋانىچۇ؟
نۇر، دەيدۇ،
نۇر دەپ ئۆلىدۇ،
نۇرلانغان چىراغدۇر قەبرىستانلىقى.
قەبرىستان دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ،
ئۇ مەردلىك، گۈزەللىك گۈلىستانلىقى!

**ئەرشىدىن تاتلىق**

## خاتىرەمدىن تەرمىلەر

### قەشقەر

تارىخقا نۇرانە بەتلەرنى قوشقان،
قورلىرى يۇلتۇزدەك نۇرلارغا توشقان،
ئالىملار بۆشۈكى، قۇچقى بوستان،
بۇلبۇللار ناۋاسى كۆكلەرنى قۇچقان،

مەھمۇدنىڭ ئۆز ئانا ماكانى قەشقەر،
تىللارنىڭ خەزىنىسى — دىۋانى قەشقەر.

باغرىدا ئالىمىڭ ئۆستى، ياشىدى،
سېنىڭدە ئۆگەندى، قەلبى چاقنىدى.

ئەجدادلار تىلدىن قامۇس ياسىدى،
ئىلىمگە مىراس، دەپ بىزگە ئاتىدى.
مەرىپەت چىرىغى، ماكانى قەشقەر،
ئانا تىل بۇلىقى — زەركانى قەشقەر.

مۇبارەك قەبرىنى كۆردۈم ئوپالدا،
ئۈستىنى يېپىشقان يوپۇق ساپالدا.
مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن بىر ھالدا
يېتىپتۇ خاتىرجەم ئانا ماكاندا،
ئەزىزلەر دىيارى — بوستانى قەشقەر،
ئىلىم-پەن كۆكىنىڭ چولپانى قەشقەر.

سۇ ئىچتىم مەن ھاي-ھاي بۇلاقلىرىدىن،
كۆزۈمگە سۈرتتۈم پاك تۇپراقلىرىدىن.
بۇي ئالدىم گۈل-گىياھ، شىۋاقلىرىدىن،
ياش كەتتى كۆزۈمنىڭ چاناقلىرىدىن.
ئالىملار ئىزىنىڭ نىشانى قەشقەر
تىللارنىڭ شەرىپى ھەم شانى قەشقەر.

1982-يىل سېنتەبىر، قەشقەر
ھەزرىتى موللام

## سايرامنى بويلاپ

ماشىنا غۇيۇلداپ ئۇچماقتا يولدا،
ئەنە كۆرۈندى سايرام بويلىرى.
ئۆتكۈنچى ئەسىرلەر — يىللار قوينىدا
ياڭرىغان بوۋىلار ناخشا-كۈيلىرى.

بار بۇندا تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا
يۇلتۇزدەك جۇلالىق چېدىر-ئۆيلىرى.
تەنتەنە قىلىشىپ سەيلگاھلاردا
بولۇپ تۇرغان ئەجدادنىڭ قۇتلۇق تويلىرى.

دالانىڭ ئىزغىرىن شامالىرىدىن
كېلىدۇ خۇش پۇراق ئىپار بۇيلىرى.
قىلماقتا جەۋلان ئاشۇ ۋادىدا
ئەجدادنىڭ خىسلەتلىك ئېسىل خۇيلىرى.

* *

كېتىپ بارىمەن سايرامنى بويلاپ،
شېرىن ئارزۇ-ئۈمىدنى ئويلاپ.
نىگارىم كۆزىدەك سۈزۈك زىلال سۇ
چايقىلىپ ئوينايدۇ قىرغاقنى بويلاپ.

ئېتىكى ئەلكىدۇر تىك قىيالىق تاغ،
قوينىدۇر ياپيېشىل ئورمانلىق گۈلباغ.
تەبىئەت بۇ يەرگە زىننەت بېرىشتە
سېخىيلىق كۈچىنى كۆزسەتكەن شۇنداق.

بار گىياھ، دورا ھەم مېۋە، بۆلدۈرگەن،
ئۈمىدنى ئۈزەلمەس ئۇنى بىر يېگەن.
شىپالىق ھەر قانداق كېسەللەرگە ئۇ
كۆرگەنلەر شۇنداقمۇ مېۋە بار دېگەن.

ئېخ، سايرام ئوخشاتتىم سېنى شۇ دەمدە
مەيگە لىق تولغان جام-ئالتۇن قەدەھكە.
پەرىزات ھۆسنىدەك سۈزۈك سۆيۈگنى
تەڭ دېسەم ئەرزىيدۇ ھەسەل-شەربەتكە.

1991-يىل ئۆكتەبىر، سايرام

## ئارمان

بۇ يەردە بىزنىڭ مۇتەللىپ ئۆسكەن
تال چىۋىقنى ئويناپ ئات ئېتىپ.
باللار بىلەن قىزغىن بەسلىشىپ،
چۆچەك ئېيتىپ، قوشاق ياد ئېتىپ.

سەبىي چاغلىرى، ئوماق چاغلىرى،
قىلىقى تاتلىق، تىللىرى چۈچۈك.
مۆكۈشمەك ئوينىغان ئورمان باغلىرى،
ئەركىلەتمەس قەلبلەرنى نېچۈك؟!

ئەنە ئۇ، چۆمۈلگەن شوخ-ئويناق سۇلار
يەنىلا ئۆركەشلەر ئۈنچە چاچرىتىپ.
مۇتەللىپ قالدۇرغان ئۆچمەس پاك ئىزلار،
تۇرىدۇ ھازىرمۇ كۆزنى چاقنىتىپ.

مۇتەللىپ تىككەن يۇمران كۆچەتلەر،
بۈگۈنكىدە بوي تارتىپ بولۇپتۇ ئورمان.
ئوت سالار ھەر كىمنىڭ يۈرەك-قەلبىگە
شۇ يەرنى بىر كۆرسەم دەيدىغان ئارمان.

1991-يىل ئۆكتەبىر، نىلقا

## كەچكۈز

كەچكۈز، قىزغۇچ سارغايغان خازان
سىلكىنىپ چۈشمەكتە شاختىن ئايرىلىپ.
تۈنۈگۈن ئىدى ئۇ، يېشىل مەخمەلدەك،
ئاھ، بۈگۈن ياتماقتا يەردە چەيلىنىپ.

شاخلار، نوتىلار بوپتۇ يالىڭاچ،
سوغۇقتا قارشى گەۋدىسىن كېرىپ.
جۇدۇن-چاپقۇنغا ئەگمەيدۇ بويۇن،
ئانا يەر باغرىدىن كۈچ-قۇۋۋەت ئېلىپ...

1991-يىل ئۆكتەبىر

**جاببار ئەمەت**

# جەننەت ئانىلارنىڭ پۇتى ئاستىدا

## يېشىل ياپراق

يېشىل ياپراق — سەن يۈرەكنىڭ ئەندىزى،
سايەڭ گويا كەڭ زېمىننىڭ گۈمبىزى.
سەن بوۋىلار ئېتىقادى، سۆيگۈسى،
سەن باھارنىڭ زىننىتى ۋە مەركىزى.

يېشىل رەڭدە يۇمران بۇغداي مايسىسى،
يېشىل رەڭدە باغ، قارىغاي ھەممىسى.
يېشىل رەڭدە پايانى يوق دېڭىزمۇ،
يېشىل تونلۇق تەبىئەتنىڭ ۋادىسى.

سەن تىنچلىق، ئاسايىشلىق بەلگىسى،
سەن ھاياتنىڭ سىمۋولى، ئەركىسى.
نېمە ئارمان بۈيۈك ئانا ۋەتەننىڭ
بولسا سەندەك بۈگۈنى ھەم ئەتىسى.

## ئۇچۇپ يۈرەر كۆكتە بىر لاچىن

ئۇچۇپ يۈرەر كۆكتە بىر لاچىن،
قاناتلىرى پارقىراق ئالماس.
ئۈچسىمۇ ئۇ ئالماستىن ئارام،
سەپەرىدە ھېچ ھېرىپ قالماس.

ئۇچار ئۇچقۇر شامالدەك مانا
پەستە ئەمەس، بەلكى ئېگىزدە.
شۇ قىلىقى بىلەن بىباھا
يۈكسەكلىكنى ئۆگىتەر بىزگە.

پەرۋازىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ،
چايقىلىدۇ پەلەك چۆرگىلىپ.
زوقى كېلىپ ئاڭا ئاق قۇنىڭ
ئەتراپىدا يۈرەر ئۆرگىلىپ.

كەڭ نەزەرى قېلىشماس ئوقتىن،
بولۇپ گويا كۆكتىكى چاقماق.
چۈشسە كۆزى تۈلكە-بۆرىگە،
پەنجە ئۇرۇپ ئەتكۈزەر موللاق.

جۈغى ئۇنىڭ بولسىمۇ كىچىك،
شىجائىتى تاغلارغا تەڭداش.

قەلبى ئوتلۇق، قەددى مەغرۇر، تىك،
گويا قۇياش بىلەن ئۇ رەڭداش.

ئۆگىتىدۇ مەغرۇر ياشاشنى،
شۇ خىسلىتى بىلەن ئۇ بىزگە.
ئۆگىتىدۇ سۆبات-بەرداشنى،
تەلپۈنۈشنى دائىم ئېگىزگە.

بولغاچ ئۇندا رىقابەت روھى،
بۈركۈت بىلەن چۈشەر بەيگىگە.
بولۇپ ئۇچقۇر كۆكنىڭ سۇمۇرغى،
ئالدىن يېتىپ بارار پەللىگە.

قىلايلى بىز لاچىننى ئۈلگە،
نىشانىمىز بولسۇن يۈكسەكلىك.
ئۇچايلى بىز ئېگىز پەللىگە،
بولۇپ زېرەك ھەممىدە يۈرەكلىك.

ئۇچۇپ يۈرەر كۆكتە بىر لاچىن،
پەرۋاز قىلىپ مەغرۇر ھەر ۋاقىت.
ئۆزى كۆكتە، لېكىن كەڭ زېمىن،
نەزىرىدىن ئەمەستۇر ساقىت.

## جەننەت ئانىلارنىڭ پۇتى ئاستىدا

قۇياشتىن يورۇقراق ئانىنىڭ چېھرى،
پايانسىز دېڭىزدۇر شەپقىتى، مېھرى.
چېكى يوق ئاسماندەك بىغۇبار ئۇنىڭ،
پەرزەنتكە ئاتالغان مۇھەببەت بەھرى.

سىڭمىسە ئەگەردە ساڭا قان-تەرى،
شۇ ئاپئاق سۈتىنىڭ قۇۋۋەت-جەۋھىرى؛
بولامتى سېنىڭ بۇ نەۋقىرانلىقىڭ،
قەلبىڭگە ئورنىغان گۈزەللىك سىرى؟

ئانا رازى بولسا، رازىدۇر خۇدا،
«جەننەت ئانىلارنىڭ پۇتى ئاستىدا» *
شۇنچىلىك كۆپ سەندە ئانىنىڭ ھەققى،
ھەرقانچە قىلساڭمۇ بولمايدۇ ئادا.

دۇنيادا كىم باردۇر ئانىدىن ئۇلۇغ،
ئۇنىڭدەك مېھرىبان، ئۇنىڭدەك بۈيۈك.
ئانىنى رازى قىل، ئەي ئەزىز پەرزەنت،
ئۇنىڭغا پاسىبان بولۇپ مەڭگۈلۈك.

## باھار تېڭى

ئاي ئۆزەر ئاسماننىڭ بىر گىرۋىكىدە،
مەرۋايىت ئۈنچە بار تاڭ كىرپىكىدە.
ئاق پەرتۇق يېپىنىپ ئۇخلايدۇ زېمىن،
نۇرلارغا بۆلۈنۈپ شادلىق ئىلكىدە.
كېزىدۇ شوخ شامال چىمەننى بويلاپ،
يەلپۈنەر ئورماننىڭ چاچلىرى گىدە.
غۇنچىلار خۇش پۇراق چاچار گۈلزاردىن،
يۇيۇنار ئاي-يۇلتۇز بۇلاق سۈيىدە.
لىغىلداپ تۇرىدۇ تاڭ ئۈنچىلىرى
ياپيېشىل تاللارنىڭ يۇمران بەرگىدە.
تاڭ قىزى چولپاننى كۆرگەندە بۇلبۇل
باشلىدى ئىشقىتىن داستان-قەسىدە.
بۇزۇلدى كېچىنىڭ جىملىقى بىردىن،
ئېتىزدىن ياڭرىغان ناخشا ئەۋجىدە.

* *

شەھلا كۆز يۇلتۇزلار تاڭنى ئويغاتتى،
خورازلار چىللىشىپ ئاڭا ئۈن قاتتى.
سىماپتەك يالتىراپ دەريانىڭ سۈيى،
ئالتۇن رەڭ قۇياشنىڭ سۈرىتىن تارتتى.

ئۇپۇقنىڭ لەۋلىرى قىزاردى شۇئان،
مايسىنىڭ باشلىرى ئۆزاردى شۇئان.

* مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆزى

تاۋلاندى دەرەخلەر شەپەق رەڭگىدە،
بولۇتنىڭ رەڭگىمۇ بۇ زارى شۇئان.

### هاسا

بوۋا، بېرىپ تۇرغىن هاساڭنى بىردەم،
مەنمۇ بوۋاي بولۇپ دورايچۇ سېنى. —
دەيتتىم كىچىك چېغىم بوۋامنى كۆرسەم، —
ئەمدى ھېرىپ قالدىم كۆتۈرگىن مېنى!

مانا ئەمدى مەنمۇ بولدۇم بىر بوۋا،
ھاسامنى تالىشار نەۋرىلەر ھەر كۈن.
ساقلىم كۈمۈشتەك ئاقاردى، تۇۋا،
ئېگىلدى بەللىرىم يادەك بۈگۈن.

1993 — 1994-يىللار، ئۈرۈمچى

رەھمەتۇللا جارى

## يۈرەك سۆزى

تا ئەزەلدىن، دوستلىرىم، شۆھرەتكە يوقتۇر رىغبىتىم،
ساددا تۇرسام مەن ۋەتەندە، بۇ مېنىڭ شان-شۆھرىتىم.
شۇ ۋەتەننىڭ ئىشقى سەۋداسى بېشىمدا ھەر زامان،
ساقلىسام شۇ ئىشقىنى دىلدا يوقتۇر ئارمان-ھەسرىتىم.
بۇ جاھان مۈلكىدە پەخرىم ھەم تايانچىمدۇر ۋەتەن،
شۇ ئەزىز تۇپراققا باغلانغان ئەبەدكە قىسمىتىم.
ئانا يۇرتنىڭ خىزمىتى ۋىجدانلىق ئىنسان بۇرچىدۇر،
لېكىن، ئەپسۇس، كۆپ ئەمەس مىللەتكە قىلغان خىزمىتىم.
ھىيلىگەرلىك بابىدا قىلچە ساۋاتىم يوق مېنىڭ،
پاك تۇغۇلدۇم بۇ جاھانغا، پاك ھەمىشە نىيىتىم.
بىرى نادان، بىرى چوڭچى دېسەلەر، مەن نېمە دەي،
مەنمۇ ئىنسان، بەلكى باردۇر يەنە باشقا ئىللىتىم.
ماڭا تەگمەي قالمىغان تۆھمەت، ھەسەتنىڭ تاشلىرى،
شۇ سەۋەب قاتتىقچىلىقتا ئۆتتى ياشلىق پۇرسىتىم.
ھېلىھەم قىلغان ئىشىمنى بەزىلەر ياقتۇرمىغاي،
بۇ جاھان تەكشى ئەمەسكى، يەنە باردۇر ھۆرمىتىم.
يېشىم ئۇلغايدى دېمەسمەن، دەم غەنىمەتتۇر ماڭا،
قەلبىمىم گاللاشقىنى يوق، يەنە جۇشقۇن مېھنىتىم.

1994-يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

# قاش بويىدا تۆكۈلگەن قەترىلەر

## قاش سۇيى

قاش سۇيىنى كېچىپ كېلىمەن،
يۈزەكتىن ئوت چېچىپ كېلىمەن.
ئالقىنىمغا ئېلىپ قۇياشنى،
شەپەقتىن مەي ئىچىپ كېلىمەن.

قۇچاق ئاچسا ئۆركەشتە جانان،
ئۈنچىلەردىن تاقايمەن مارجان.
تورغايلارنىڭ كۈلكىلىرىدىن
مەست بولۇپتۇ جىمى گۈلىستان.

توقايلارنىڭ شېرىن چۈشىدە،
ئىلھامىمنىڭ پۈتمەس كۈچىدە.
ۋۇجۇدۇمدا ياندى بىر ئاتەش،
گىياھلارنىڭ شوخ ئۆپۈشىدە.

مەن ھاياتقا قايتا تۆرەلدىم،
تۆرەلگەندە تۇرالامدىم جىم.
يۇلتۇزلارنى ئىزلەر كۆزۈمدىن
تووۋا دەيمەن قانچە مۇنەججىم.

شېئىر بولۇپ سىڭدى قېنىمغا،
جان ئۇلىدى مېنىڭ جېنىمغا.
كېيىنە كېلەر ئىلتىجا بىلەن
شېئىر سوراپ كەلدى يېنىمغا.

قەترە بولۇپ تۆكۈلدى جىسمىم،
قۇچاقلىدى پەرى بىتىنىم.
بىلگىن، بۇلبۇل بۇ زېمىن، دېدى
مېنى تۇغقان ئانا ۋەتىنىم.

## مۇتەللىپ ئېلىپ كەلدى ئىلقىغا مېنى

قاش سۇيى ئۆركىشىگە سىڭىپ كەتتىم،
ئۆركەشتە يۇلتۇز بولۇپ يېنىپ كەتتىم.
توقايزار قۇچىقىدىن تېرىپ گۈللەر
ھەر گۈلنى تۇمەن قېتىم باغاش ئەتتىم.

ئابرالنىڭ قۇچىقىدىن ئاققان ناخشا
قەلبىمنى مەپتۇن قىلدى، رام ئەيلىدى.
بالا تاش تەزىم بىجا ئەيلەپ ماڭا
ئىلقىلىق مېھرىن شۇئان جام ئەيلىدى.

كۆزۈمگە تۇتىيا قىپ سۈردۈم بۈگۈن
ئىلقىنىڭ توپىسىنى، گىياھىنى.
مۇتەللىپ ساھىبخان بوپ كۈتتى بىزنى
ئايلاندۇق ئىلقىنىڭ تاغ-دالاسىنى.

مۇتەللىپ چىللاپ كەلدى بۇ دىيارغا،
دوستلارنىڭ بەزمىسىدە كۈلدۈم قېنىپ.
قەلبىمدىن دەريا-دەريا ناخشا ئاقتى
ئىلقىلىق كۈلكىسىدەك شاۋقۇن سېلىپ.

## ئەقىدە

بىر خۇيزۇ ساۋاقدىشىمنىڭ ئىشكىدە بىر توپ
بالا مېنى ئورىۋېلىشتى

باللار ئورىۋېلىپ چوڭ دوقمۇشتا
بەس-بەستە ئوقۇپ بەردى شېئىرىمنى.
كۆرسەتتى يازغان شېئىر، نەسىرىنى،
ھاياجان ئېلىپ چىقتى كۆككە مېنى.

سۆز بەرمەي بىر - بىرىگە چۈرۈقلىشىپ،
سوئالغا كۆمۈۋەتتى مېنى شۇئان.
ۋۇجۇدۇم شېئىر بولۇپ ئېقىپ كەتتى،
ئالدىمدا شېئىر بولۇپ كۈلدى جاھان.
بالىلار ئورنىۋالدى چۈرۈقلىشىپ،
ئىشقىمنى بايان ئەتتىم كۈيگە قوشۇپ.

## ئېيىقسايدا قوندۇم بىر كېچە

دوستلار بىلەن قۇرۇشتۇق بەزمە
ئېيىقسايدا ئايدىڭ ئاخشىمى.
مەن جەننەتكە كېلىپ قالغاندەك
يۈرىكىمدە سۆيگۈ چاقمىقى.

ئېيىقسايدا قوندۇم بىر كېچە
پەرىلەرگە بولۇپ ھەمسۆھبەت.
گۈل ھاياتقا، گۈلگۈن ھاياتقا
تاغ سۈيىدەك ئاقتى مۇھەببەت.

يۈرىكىمنى ياقتىم چىمەنگە،
چوققىلارغا شاشتىم، ياماشتىم.
كىرىپ ئىلھام ھەرەمىيىغا
گۈللۈكلەردە نەچچە ئاداشتىم.

ئېيىقسايدا قوندۇم بىر كېچە
قۇچاقلىدى ئىلھام پەرىسى.
جىسمىم شېئىر بولۇپ تۆكۈلدى،
قەترىلەردە تاغلار جىلۋىسى.

**ئەمەت جاپپار**

# قوشاق كۇبلېتلار

## گۈل ۋە ئادەم

گۈلزاردىكى گۈللەرنىڭ رەڭگى
بىر - بىرىگە ئوخشىماس پەقەت.
تالاشمايدۇ ئۇلار مەنمەنلىك،
قىلىشمايدۇ كۆندەشلىك ئەبەت.

رەڭ، تۈرقىمىز بولسىمۇ ھەر خىل،
ياغدۇرا يلى ئۆزئارا شەپقەت.
ئىناقلىقنىڭ رىشتى چىگىلىپ،
كۆڭۈللەرگە تولسۇن مۇھەببەت.

## قەبرە ۋە نەۋرە

كۆزلىرىڭنى ياشلىما جانان
ياقا يىرتىپ، كۆرۈپ قەبرەمنى.
ئۆرنەك قىلغىن ھاياتلىقىڭدا،
خىسلىتىمنى، تاقەت - سەبرەمنى.

ئەجەلگە يوق ھېچقانداق ئامال،
كۆرەلمەيمەن شۇڭا ئەۋرەمنى.
ھايات بىلەن مامات قوشكېزەك،
شادلانغىن سەن سۆيۈپ نەۋرەمنى.

## ئىزدەش ۋە بۇزۇش

كېچە - كۈندۈز كېچىپ ئۇيقۇدىن،
ئىزدىدىمەن يىتتۈرگىنىمنى.
سىگنال قىلىپ ئاستىم قۇلاققا،
جەڭ - چېلىشتا كەتكۈزگىنىمنى.

لېكىن بىراۋ چىدىماي بۇندا
بۇزۇپ تۇردى پۈتتۈرگىنىمنى.
ئەمما تارىخ ساقلار ئەبەدىي
دىلدىن دىلغا ئۆتكۈزگىنىمنى.

## چىراي ۋە كۆڭۈل

بىر كۆرۈپلا ئۇيناپ يۈرىكىم،
ئاشىق-مەپتۇن بولدۇم ئۆزۈڭگە.
گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى، دېدىم
ئوت كۆرۈنۈپ شۇئان كۆزۈمگە.

چىراي باشقا، كۆڭۈل باشقىكەن،
مۇز تۇيۇلدۇڭ باسسام كۆكسۈمگە.
قەلبىڭ ئەمەس ئىكەن مېھرىگدەك،
تۇۋا، دەيمەن كەلسەڭ ئېسىمگە...

## چۈشۈم ۋە ئۈڭۈم

بولۇپتىمەن چۈشۈمدە سۇلتان،
سورۇپتىمەن ھايات پەيزىنى.
بەزىلەرنى قىلسام ئويۇنچۇق،
مىنىپتىمەن ئات قىپ بەزىنى.

ھەيدەپتىمەن قوپاللىق بىلەن
بىراۋ قورۇق سۇنسا ئەرزىنى.
شۇ چاغ بىرى ئويغىتىپ مېنى،
خىجىل قىلدى سۆيلەپ قەرزىنى...

## قىسمەت

گۈلگە قاراپ سۈردۈم مەن خىيال،
باھاردا گۈل زېمىن زىننىتى.
كەچكۈز كېلىپ توزۇش بىلەنلا،
ئۇنتۇلىدۇ، توگەر قىممىتى.

ئادەملەرچۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە،
كۆز يۇمغاندا ئاشار قىممىتى.
ئەگەر يەنە قالسا تىرىلىپ،
قانداق بولار ئۇنىڭ قىسمىتى.

تۇراپ ھەسەن

## هاكىمنىڭ قەلبى

قورقىمەن ئۇ دوستلىرىمنىڭ بەزمە-ئىشرەت دامىدىن،
يوق سۆپەت، ھەممەتكە ياغدۇرغان شەرەپ، ئىكرامىدىن،
تارتىمسام ئۆزۈمنى خەقنىڭ ئۇ خۇشامەت جامىدىن،
(ئۇچۇرۇپ، ماختاپ ئەكىرگەن سوۋغىسى-ئىنئامىدىن)
بىئەجەل ئۆلمەمدىمەن ئەلنىڭ غەزەب ئەيىامىدىن.

تاغ بۈيۈك دەپ تاغقا ياماشتىم، كۆرۈڭ، ئۈستى دالا،
نى ئەزىزلەرمۇ كامالەتتە ئىكەن خۇددى بالا،
بەندە كىيگۈزگەن ئامانەت تون ئېرۇر مەنسەپ، قارا،
ئۆي بولۇپ سۆرەپ ساپان گۈل تېرىساڭ دەشتلەر ئارا،
كۆتۈرەركەن سۆيۈنۈپ ئەل پاك تېرىك ئىلھامىدىن.

مەن قىلىپ ئۆلگە يورۇقلۇق بەرگۈچى كۈن، ئاينىمۇ،
ئەلنى دەپ ئوت، سۇغا سەكرەپ، تەرك ئېتىپ ھاي-ھاينىمۇ،

يۈرتنى باشلاپ باغ بىنا ئەتسەم جەزىرە-سايىدىمۇ،
تۈتتى خەلقىم ئەتىۋارلاپ خۇش پۈراق سىنچايىنىمۇ،
يۈز تاپار ماڭسا كىشى يولنىڭ ئۇلۇغ داغدامىدىن.

بىلمەن، ئالدىمدىكى مەنزىل ئۇزۇن، خىزمەتمۇ كۆپ،
ئىشتا شان، ئىززەتمۇ كۆپ، تەشۋىش، ئەلەم، لەززەتمۇ كۆپ،
مول، ھوسۇل ئالغاندا، ئەلدە تويمۇ كۆپ، مەشرەپمۇ كۆپ،
گۈل ۋە بۈلبۈللار قۇرۇشقان شوخ، گۈزەل سۆھبەتمۇ كۆپ،
ئەل خۇشال ئوينايدۇ بەزمە، شادلىنىپ بايرامىدىن.

قەلب سۆزۈم شۇ: خەلققە ھازىر قۇت كېرەك، شادلىق كېرەك،
ئۆي-بىسات، مال-چارۋا، سايمان، پۇل، ئېگىن، ئاشلىق كېرەك،
بۇ ئۈچۈن مەرد، غايىلىك، ئاتەش يۈرەك باشلىق كېرەك،
خەلق ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان ياشلىق كېرەك،
شۇندا ياشايدۇ ئېلىپ جاي ئەل دىلى-ئىھرامىدىن.

ئەھمەت ھامۇت

## ئېمىي تەسىراتى

ئۈستىدە تۇمانلار يۈرىدۇ ئەگىپ،
قىر-جىلغا تولۇپتۇ يېشىل چىمەنگە.
باغرىدا بۇ تاغنىڭ يىلاندەك يوللار،
پۈركەنگەن ھەممە ياق گۈلگە، ئىرەنگە.

زۇمرەتتەك ئورمانلار كۆتۈرگەن قامەت،
ئېقىنلار-چاقنىغان سۈزۈك مەرۋايىت.
تەبىئەت بۇ جايدا سىزىپتۇ سۈرەت،
سۈرەتكى، شۇنچىلىك گۈزەل، ئاجايىپ.

تىك ياردىن توختىماي تامچىغان قەترە،
بىلمىدىم، خۇشاللىق يا ھەسرەت يېشى؟
سايرىشار خىلمۇ خىل ئورمان قۇشلىرى،
كۆي بىلەن تولۇپتۇ تاغنىڭ ئىچ-تېشى.

ئېمىنىڭ (1) خەلقلىرى قەيسەر، مەرد، ئىشچان،
تۈپرىقى مول ئىكەن ھەر خىل بايلىققا.
كېلىدۇ ھەر ياقتىن جاھان سەيياھى،
چارچاشتىن ئەسەر يوق، چۆمگەن شادلىققا.

قولۇمدا ئاپارات، تارتىتىم سۈرەتكە،
مەستخۇشلۇق ئىلكىدە قاراپ گۈلشەنگە.
چۈشكەندە ئاستىمدا مىڭ بىر پەلەمپەي،
يۇرتۇمنى ئەسلىدىم ھەر بىر قەدەمدە.

كۆپ شۇنچە تۇرمۇشنىڭ پەلەمپەيلىرى،
تاغ، سەيلە قەلبىمنى سالدى زىلزىلىگە.
بەخش ئەتتى ئېمىي كۈچ، ئەقىل، تەسىرات،
يېتىمەن تاغلاردىن ھالقىپ مەنزىلگە.

---

(1) ئېمىي — سىچۇەندىكى گۈزەل، مەنزىرىلىك تاغ.

ئەنۋەر مۇھەممەد



# لاي سۇ ئىچكەن جانلار

(پوۋېست) *

## 10

كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا ھەممە ياق ئۆتتەك بىلىنجاپ كەتتى. زېمىن ۋە ئاسماندىن تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ھارارەت ئۇچار قۇش، جان-جانىۋارلارنىڭ ئىچىنى ئۆرتەپ، دېمىنى سىقاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي مەھەللىنىڭ ئازادە، خىلۋەت قويندا كىملەرنىڭدۇ خامان ھەيدەۋېتىپ ئايتاپ چىللاپ لاي-لاي تووۋلىشى، تراكتورلارنىڭ پاتىلدىشى، شامالنىڭ تۇرۇپ-تۇرۇپ دەرەخ ياپراقلىرىنى شىۋىرلىتىپ، قوناق شاخلىرىنى شالدىرلىتىشى، ئورمىچىلارنىڭ ئىتتىزلىقتىكى قىزغىن پاراڭلىرى ۋە بوغدايلارنىڭ شارتىلدىتىپ ئورۇلغان، يىقىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يەنە كىملەرنىڭدۇ ئۇنچە بېسىلغان ھارۋىنى ئوي-دۆڭ، ئەگرى-بۈگرى يوللاردا ئاۋايلاپ ھەيدىشى ياكى ئېھتىياتسىزلىقتىن بىرەر كامارغا تىقىلىپ قويمىغان ئېشەكلىرىنى، ھورۇن كالىلىرىنى زىقلىشى، كىملەرنىڭدۇ دەرەخ سايىسىگە كىرىۋېلىپ چاپىنىنى بېشىغا قويۇپ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشى، باللارنىڭ ئىسسىققا پايلىماي ئۆزىنى ئۆستەڭگە ئېتىپ، گۈلدۈر-شالاپ قىلىپ سۇ ئۈزۈشى ياكى قىرغاققا چىقىپ توپىدا ئېشەكتەك ئېغىناپ، راھەتلىنىپ يېتىشلىرى، قايسىبىر ئايالنىڭ سۆگەتلىكتە تالدىن سەگەنچۈك ياساپ بوۋىقىنىڭ يۈزىدىكى چىۋىننى قورۇپ پەس ئاۋازدا ئەللەي ئوقۇپ ئۇنى تەۋرىتىشى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. مەھەللىدىكى ھەممە جان بۇنداق ۋاقىتتا ئەڭ قاتتىق جاپا بىلەن ئىشلەيتتى، شۇنداقلا ئەڭ لەززەت راھەتلەرنىمۇ كۆرەتتى.

---

* بېشى ئۆتكەن ساندا

راخمان بەش مو يەردىكى بۇغدىينى ئورۇپ، خامانغا تاشلاپ يۆمشتىۋاتقىلى مانا ئىككى كۈندەك بولدى. ھەر كۈنى تاماق ۋاقتىدا ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۆيىدىن بىر غۇنچىنىنى يېتىلەپ چىقىدۇ، ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ تولۇقلا قېتىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئۆيىدىن كالا ئىزدەيدۇ. ئىزدەپ تاپقان كالىنىڭ ئىگىسى بۇنىڭ ئۈچۈن راخماننى بىرەر يېرىم كۈن ئۆزىگە خوددى مۇشۇ كالىدەك لاپقۇتلىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. راخمان ئادىتى بويىچە ماقۇل دەپ ھىجىيىپ قولىنى قوشتۇرۇپ بىردەم تورغاندىن كېيىن كالىنى يېتىلەپ تولۇقلا قېتىپ خامانغا گۆلدۈرلىتىپ ھەيدەپ كېلىدۇ. كالىنىڭ ئېغىزىنى تال بىلەن مەھكەم بوغۇپ، ئۆزۈن تاياقنى ئېلىپ ئۇلارغا ھەيۋە قىلىپ ئۇنچىلەرنى ئۆرۈپ-چۆرگەچ خامان ھەيدەيدۇ. بىردەمدىن كېيىن خەلچىخان بىر كورا سۈيۈقئاش كۆتۈرۈپ قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ دوڭغاسلاپ يېتىپ كېلىدۇ. تاياقنى قولىغا ئۆزى ئېلىپ كۈنىنىڭ باشنى قايدۇرۇشىغا، تولۇقنىڭ ئارقىسىدىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان ئاچچىق چاڭ-توزانلارغا پەرۋا قىلماي خامان ھەيدەيدۇ. گاھىدا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئاندا-ساندا لاي-لاي ئېيتىدۇ، تولۇق ئاستا غىچىرلايدۇ، ئۇنچە پاراسلايدۇ. مانا شۇ ھالەتتە ئىككى كۈن، ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. دانلار باشاقتىن چۈشۈپ بولغان بولسىمۇ، ئۇنچە يۆمشاپ سامان بولۇشتىن خېلى يىراق ئىدى.

غۇنچىنىنى راخماننىڭ ئۆيىدىكىلەر بىزمۇ خامان تېپىمىز دېيىشىپ ئېلىپ كەتتى. راخمان باشقا ئۆيدىن كالا ئىزدىسە ئۇنىڭ ھەققىنى يەنە تۆلىمىسە بولمايدۇ. تراكتوردا تەپسە سائەتتىگە ئون كوي. ئۇنى خامانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەنىلا پۇت سۆيۈپ يالۋۇرمىسا، قىزىل قەغەزنى نەق سانىمىسا ياكى ئىشلەپ بەرمىسە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، راخماننىڭ بۇغدىيى باشقا بۇغدايلارغا ئوخشىمايدۇ، غولى توم، بېشى كىچىك، قىلتىرىقى ئۇزۇن، تەپسە پات يۆمشىمايدىغان سورتى ناچار بۇغداي، تراكتورغا بىر-ئىككى سائەت سالدۇرغان بىلەن ئۇنىڭ يۆمشاپ كېتىشىمۇ بىر گەپ، ئاپتاپ چىقىپ بەرمىسە تېخى بولمايدۇ...

راخماننىڭ بېشى قاتتى. ئارىنىڭ ئىلكىنى ئوگلاۋېتىپ، ئۇنچە ئۈستىگە چۈشۈپ قالغان كالا پوقىنى ئادالاش بىلەن بەنت بولۇۋاتقان خەلچىخانغا ئۆزىچە تېرىكىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئا ھاي، بولدى قىلغىلا كەچكىچە تىيەسلىمەي، ئىت پوقى ئەمەس ئۇ، خوتۇن خەق دېگەننىزە، ما خاماننى قانداق يۆمشىتىمىز، ما گەپنى قىلغىلا ئالدى بىلەن.

— قانداق قىلاتتۇق، — دېدى خەلچىخان بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بويۇنتۇرۇقنىڭ ئا بېشىدىن مەن، ما بېشىدىن سىلە كىرىپ تولۇقنى تارتىمىز، ئامىنىخان قولىغا تاياقنى ئېلىپ بىزنى ھەيدەيدۇ شۇ، بۇندىن باشقا نېمە چارە.

— بۇ جان ھايۋاننىڭ جېنى ئەمەس خەلچىخان، خەق كۆرسە نېمە دەيدۇ؟

— دەپ قويسام تېخى، كاللاڭلا راستىنلا موپاك جۇمۇ سىلىنىڭ.

— جان كۈچ كەلگەندە شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ، ئاتاڭلا زامانىسىدىمۇ شۇنداق ئىشلار بوپتىكەن. باينىڭ قىزىمەن دەپ سايىگە كىرىۋېلىپ، چوشقىدەك ئۇخلاپ، ماڭا ئەسقاتمىساڭلا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭلا پايخىنىڭلىنى چېقىۋېتىپ

كۆتەر كەشكنى دەيمەن.

ــ ئۇھوش، كاللىسدا يەنە ئۇماچ قاينىغلى تۇردى ما سەت بىر نىمىنىڭ، كىم ساڭا مەن باينىڭ قىزىمەن دەپ بىقپىتۇ. زامان ئۆزگەرمىگەن بولسا، ساڭا خوتۇنلۇققا كىرگۈچە ئۆلۈۋالاتتىم، خۇدانىڭ تەقدىرىنى بىر كۆرمەكلىك بار. قېنى نەدىن نەگىچە، كۆرىمىز. ئالدىراپ كەتمە، ئۇنچە ئالدىراپ كەتمە سەن، موزابىنىڭ يۇگورۇشى سامانلىققىچە...

ئاچچىقلىنىپ سۆزلەۋاتقان خەلچىخاننى تۇرۇپلا يىغا تۇتتى، بىراق ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا يىغلاپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى، بوغوزى قىسىلىپ، كارنىيىغا بىر نەرسە كەپلەشكەندەك بولۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.



شۇ ئارىدا ھاۋا ئۇشتۇمتۇت تۇتۇلۇپ پارقىراپ تۇرغان قۇياش بىردىنلا خىرەلىشىپ كەتتى. قاپقارا بۇلۇتلار شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ سۈزۈك ئاسماننى قاپلاپ كەتتى. ھاۋانىڭ قورىسقى ئاغرىپ غولدۇرلاشقا، ئارقىدىن تامچىلاپ ياش تۆكۈشكە باشلىدى.

ئەندىكىپ كەتكەن راخمان خەلچىخاننىڭ قولىدىكى سۈپۈرگىنى تارتىۋېلىپ يەرگە ئېگىشتى. ھەر ئىككىسى بايىقى رەنجىشنى بىردەمدە ئۇنتۇپ چەمبەر شەكىللىك ئاياقنى ئايلىنىپ ئىشقا جىددىي كىرىشىپ كەتتى. راخمان چېچىلىپ كۆرۈنۈپ قالغان بۇغداي دانلىرىنى پاخال ئارىسىغا جان-جەھلى بىلەن تۇرتەتتى، ئىتتىرەتتى. خەلچىخانمۇ قاراپ تۇرماي يالىڭاچ پۇتى بىلەن ئالىقانچىلىك يەردىكى تىنغ بۇغدايلارنىمۇ سىيرىپ پاخالغا قوشاتتى.

يامغۇر قاتتىق يېغىشقا باشلىدى. راخمان سۆيۈرگىنىنى تاشلاپ ئۇھ تارتىپ بېلىنى رۇسلىدى. ئۆزىگە يەنىلا كۆيۈمچانلىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغان خەلچىخاننى ۋە ئاسمانغا قاراپ يامغۇرغا يۈزىنى تۇتۇپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان قىزىنى كۆرۈپ، ئىللىق ئۆيىنى سېغىندى.

## 11

يامغۇردىن كېيىن قۇياش يەنە پارقىراپ چىقتى. يۇيۇلغان يوپۇرماقلار، ئوت-چۆپلەر مەرۋايىتتەك تامچىلارغا تولۇپ، ئەتراپقا شولا چاچتى. ئۆرۈكلەرنىڭ مايلىق غازاڭلىرى ئۈستىگە چۈشۈۋالغان كۆك يىنلاردىن ئادا بولۇپ بۆلەكچە يالتىراپ كەتتى.

خەلچىخان راخماننىڭ چۈپ-چۈپ بولۇپ كەتكەن ئاق ماتا يەكتىكىنى قورۇتۇپ، ئۇنىڭغا تاشلاپ بەردى. قىزى بىلەن ئۇچاقنىڭ يېنىدا چاراسلاپ كۆيىۋاتقان ئوتقا تىكىلگىنىچە توگۇلۇپ ئولتۇرغان راخمان ئىسسىق كۆڭلەكنى كىيىپ ئاجايىپ راھەتلەندى.

— قويۇڭلا ئەمدى ئوچاق ئالدىنى ماڭا قويۇپ، — دېدى خەلچىخان قىزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىدىن تارتىۋېلىپ. — خامانغا بېرىپ بېقىڭلا. سۆيۈرگىنى بىرەرى كۆتۈرۈپ ماڭمىسۇن يەنە.

— ئا هاي قويۇڭلا، — راخمان چاترىقىغا بېشىنى ساڭگىلاتتى، — خامانىمىز ئەمدى ھەيدەپ بولدۇق. سامان قىلمىز دەپ يۈرگۈچە مەككەن قىلساقمۇ بوپتىكەن. ھەلەپ يەيدىغان موزاي ئۆلدى. ئەمدى ساماننىڭ نېمە ئىشى، خامان قورۇماي تۇرۇپ سۆيۈرگىنىڭ نېمە ئىشى.

— مەن سىلىگە قاراپ بېقىڭلا دېدىم، قارىمساڭلا ئولتۇرۇڭلا ئەمىسە.

— باشقا خەقنىڭ ھەر ئېسىل سۆيۈرگىلىرى تۇرسا بىزنىڭ ئو كۆتمەك سۆيۈرگىگە كىم كۆز قىرىنى سالىدۇ. قويۇڭلا...

— ئوتنىڭ قوشىدىن قوپماي تۇرۇپ يوق گەپنى قىلىۋېرىدىكەن. ئېشەك قۇلاق ئادەمگىمۇ گەپ ئۆتمەيدۇ زادى...

— ئاپتاپ سەل بىر چىقسۇن، ياخال قورۇغاندا سىلكىپ ئېلىۋەسەم ئىش تۈگەيدۇ. تېگىدە قالغان تىغ بۇغدايىنى بىر-ئىككى كۈن قورۇتمىساق بۆلە قىلىپ سورۇغىلى بولمايدۇ. مەندىن سوراڭلا ئىشنىڭ يولىنى، سىلە ئاشۇ سۆيۈرگىدىن باشقىنى ئوقمايسىلە، كوتولدا شىنىلا بىلسىلە. ئېشەك قۇلاقمىكەن يا تەخەي قۇلاقمىكەن كۆرسىتىپ قويىمەن ھېلى...

— ئو ھوش ئاغزىمغا چىقتى، ساقىلىمغا ياماشتى دەپ بىسمىللا دېمەي يەنە ئۆگگىلى قوپتى ما نېمە، ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا چىدىماي مۇشت كۆتۈرسىلە ھېلى، بىلمەيدىغان راخمىناخۇن ئەمەس سىلە.

— جېدىلىڭلا مەن بىلەنلا قالدىغۇ، بارسام بېرىپ كېلەي، بىردەم ما قىزىم بىلەن ئوت ئىسسىنىپ ئولتۇرارمەن دېسەم.

— كېلىپ ئىسسىنىڭلا، ئاڭغىچە ئاشىمۇ پىشىپ قالىدۇ.

راخمان ئارىنى ئېلىپ ھويلىسىدىكى يازلىق ئالمىدىن بىرنەچچە تال چۈشۈرۈپ قىزىغا ھەم خەلچىخانغا بىرنەچچە تال بېرىپ قالغىنىنى يانچۇقىغا تىقىپ يېگەچ خامانغا

يول ئالدى.

ئىشكىنىڭ تۈۋىدە ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان بىرنەچچە كىشى ئالدىغا سەل دۈمچىيىپ، ئالمىنى ھۆزۈر قىلىپ چايناپ، ئاربىنى قولتۇقلاپ بىسوكۇلداپ كېتىۋاتقان راخماننى كۆرۈپ: «راخمانجان ئاپتاپتەك ئىچىلىپ قاپسىلىغۇ» دەپ ئاغزىنى چاكىلداتتى. راخمان كەم ئاڭلايدىغان بۇ يېقىملىق چاقىرىشتىن كۆڭلى ۋىللىدە يورۇپ ئۇلار بىلەن خۇش خۇي سالاملاشتى. يانچۇقىدىكى تاتلىق ئالمىلاردىن چىقىرىپ ئۇلارغا سۇندى. ئۇلار راخمان كەتكەندە ئۇنىڭ غەيۋەتلىرىنى قىلىشىپ، مازاقلىشىپ كۆڭلىدە ئۆز ھالىدىن خۇرسەن بولۇشۇپ كۈننى كەچ قىلدى.

راخمان ئىچى ئازادە ھالدا ئالمىنىڭ تاتلىقى قالغان لېۋىنى يالاپ، شۆلگىيىنى يۇتۇپ خامانغا يېتىپ كەلدى. نەملىشىپ كەتكەن پاخالنى قولىغا ئېلىپ ئىچى سىقىلدى. بۇغداي بۇ ئىسسىقتا نەم پاخالنىڭ ئاستىدا تۇرىۋەرسە سۇپىتى ئۆزگىرىپ ساغلام ئۆتكۈزگىلى بولماي قالىدۇ، دەپ ئويلىدى. كاللىسىنى يەنە بىر-بىرىدىن ئەندىشىلىك ئوي-خىياللار چۇلغىۋالدى، ئورنىدىن چاپسان تۇرۇپ ئاياقنى بىر چۆرگىلەپ ئايلىنىۋەتتى. ئويلىنا-ئويلىنا ئاخىر خامانىنى قۇرۇتۇپ تېپىمەن دەپ بۇغدايدىن زىيان تارتقۇچە مەڭگەن قىلىپلا، پاخالنى ئايرىداپ ئۇنى تىغ بۇغدايدىن ئايرىۋېتىش نىيىتىگە كەلدى. بۇغداينى تاغارغا ساق-سالامەت ئېلىۋالغاندىن كېيىن پاخالنى قۇرۇتۇپ ئايرىم يۇمشىتىۋالسىمۇ، شۇ پېتى ئۇلاغقا بەرسىمۇ ياكى ساتسىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

راخمان شۇ ئوي بىلەن كۈچكە تولۇپ پاخالنى ئايرىداشقا چۈشتى. پاخالنى ئاز-ئازدىن ئېلىپ تاكى بىر تال بۇغداي ئۇنىڭ ئارىسىدا قالمىغۇچە كەينى-كەينىدىن سىلكىدى. ھۆل بولۇپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن پاخالنى داندىن ئاجرىتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇ ئالدىرىماي ئارا چوقۇپ، كۈچەپ سىلكىپ دەم ئالماي ئىشلىدى. يامغۇردا قالغاندەك چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمدى. قارا تەر پېشانىسىدىن ئېقىپ كىلىرىدىكى قىزغۇچ ساقىلىغا، سۇيۇق قېشىنىڭ ئاستىدىكى ئورا كۆزىگە ئېقىپ چۈشۈپ ئۇنى تولىمۇ بىئارام قىلىۋەتتى.

نامازشامغا يېقىن ئۇ پاخالنى ئېلىكدەپ بولۇپ دۆۋىلەنگەن پاخالغا دەرماندىن كېتىپ يېقىلدى. بىردەمدىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ كەچكى قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا يالتىراپ، شامالداپ تۇرغان سامان ئارىلاش بۇغدايلارغا قاراپ كۆڭلى تىندى. بىر يىللىق ئەجرىم ھەر ھالدا بىكارغا كەتمەپتۇ، بەش مو يەردىن ئەللىك چارەك بۇغداي ئېلىشىمدا گەپ يوق، دەپ ئويلاپ ئۆز-ئۆزىدىن سۆيۈندى. ئورنىدىن قوپۇپ بۇغدايلارغا بىر پەس قاراپ تۇردى ۋە كەينىگە ئۆرۈلۈپ، مول ھوسۇل، باج، ئوزۇق-تۈلۈك، تەئەللۇقات توغرىسىدا بىر-بىرىدىن قالايمىقان خىياللارنى قىلغاچ ئۆيىگە ماڭدى.

خەلچىخان ئۇنىڭغا ئاش ئۇسۇپ ئېلىپ قويغانىدى. ئۇ ئاش ئىچىۋېتىپ قىزىنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ خەلچىخاندىن سورىدى.

— ئېشىنى ئىچىپ بولۇپلا ئوينايمەن دەپ پالاقشىپ كېتىپ باراتتى، — دېدى خەلچىخان ئېرەنشىمگەن قىياپەتتە، — ھېلىغىچە كېلىپ قالار.

— كۈنمۇ ئولتۇرۇپ بولدى، شۇ ۋاقىتچە بالا بىلەن كارىڭلار يوق. يۇرەمسىلە؟

— ۋاي مەنمۇ تېخى قاچا يۇيۇپ ئەمدى بىكار بولدۇم، موزاي بولمىسا ئۇ باغلاپ قويسا تۇرىدىغان.

— موزاينىڭ گېپىنى قىلماڭلا خۇدالىق ئۈچۈن، بالا قېنى دەيمەن زادى!

— ۋاي مەشەدە بار. بولماي نەگە بارىدۇ، دېۋەيلمەي تورۇڭلا ئادەمگە، ئىزدەپ باقاي...

خەلچىخان راخماننىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ قازاننى تاشلاپ قولىنى يۇمايلا تالاغا ئۆزىنى ئاتتى. راخمانمۇ ئىشنى قويۇپ خەلچىخاننىڭ ئارقىسىدىن قىزىنى ئىزدەپ ماڭدى.

خەلچىخان «ئامىنەم، ئامىنەم» دەپ جېنىنىڭ بارىچە توۋلاپ راخماننىڭ يۈرەك سوقۇشىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئۆپچۆرىسىگە سىنچىلاپ قاراپ ئەتراپنى دىققەت بىلەن كۆزەتتى. ئۇ تويۇقسىز تېمىنىڭ قېشىدىكى ئۇبدان كۆكلىگەن كېۋەزلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر نەچچە توپ مايسىنىڭ باشقىچىلا تەۋرەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دىققىتى شۇ ياققا ئاغدى، ئالدىراپ باردى ۋە كۆز ئالدىدىكى ئىشەنگۈسىز بىر ھالەتتىن قاتتىق ھەيران بولۇپ جايىدىلا قېتىپ قالدى. بېشى پىرقىراپ ئايلانغاندەك بولدى. ئېگىشىپ قايتا قارىدى، كۆرگىنى يەنىلا بايىقىدەك: قىزى يەردە ئوڭدىسىغا ياتقان بولۇپ، ئۈستىگە روزى چىقىۋېلىپ ئۇنىڭ ئاپپاق يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ ئىنتايىن پەس ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دەپ گۇڭگۇرلايتتى، ۋىلىقلاپ كۈلەتتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ يۈزى قىزىرىپ، كۆزلىرى بىر قىسىملا بولۇپ يالتىراپ كەتكەنىدى. راخمان غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتالماي روزىنىڭ گەجگىسىدىن ئاسلاننى كۆتۈرگەندەك يۇلۇپ ئالدى. روزى قاتتىق چۆچۈپ ئاپئاق ئاقاردى، ئاندىن يۈزى كۆكىرىپ تىلىقىپ يىغلاپ كەتتى.

— ھۇ پوقتىن بەنا بولغان ئىتنىڭ كۈچۈكى، قىزىمغا نېمىشقا چېقىلىسەن؟! ئۇنى نېمىشقا بوزەك قىلىسەن؟! — راخمان ئۇنى سىلكىشلەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. روزى بىر ھازا يىغلاپ ئاندىن كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئۆكسۈپ تۇرۇپ:

— ئا... ئاكام مېنى قىل دېسە، — دېدى ۋە يەنە بار ئاۋازى بىلەن يىغلاپ كەتتى.

— ئاكاڭ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلدۇ؟

— ئا... كام ئى بايا با... تى، تاۋۇز يەپ ماڭا بە مەي ئۆزى يېدى.

— ئاكاڭ ئامىنەگە نېمە قىلدى؟

روزى دەرھال يىغىدىن توختاپ پەسكە قاراپ ئۈمچەيدى. راخمان ئۇنىڭ قولىقىدىن سوزۇپ دېيىشكە قىستىدى. روزى ئاغرىققا چىدىماي يەنە يىغلاپ كەتتى. راخمان ئۇنى يىغىدىن توختىتىشقا كۆزى يەتمەي جىلە بولۇپ ئەتراپقا قارىدى. روزى ئۇنىڭ بىخەستە تۇرغىنىدىن پايدىلىنىپ چاشقاندەك غىرتلا قىلىپ سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ۋە جېنىنىڭ بارىچە «ئاتوي، ئاپوي» دەپ ۋارقىراپ يىغلاپ ئۆيىگە چاپتى. راخمان سەل چۆچۈپ تۇرۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ غەزەپ ئاخىر كۈچلۈك كەلدى. قولىغا يوغان بىر چالمىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ باردى ۋە تۇتۇق بەرمەي قېچىۋاتقان روزىنىڭ دۈمبىسىنى چەنلەپ ئاتتى. چالما ئوتتۇر بېرىپ ئۇنىڭ بېشىغا تېگىپ ئۇشتۇلۇپ كەتتى. روزى

ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بۇ زەربىدىن ئۆزىنى باشقۇرالماي ئۇدۇلدىكى دەرەخكە كېلىپ ئۇستى ۋە يەنە راخماننى ھەيرانلىقتا قالدۇرۇپ جارقىراپ يىغلىغىنىچە ئۆيگە قاراپ جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ ئۇزاپ كەتتى.

## 12

— يىغاڭنى پەس قىل، مۇناپىق، ئېيتە، سېنى كىم ئۇردى؟ — روزى دادىسىنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي يەنە يىغلاپ كەتتى.

— ئوبدان ساقام، دادىڭىز كەمپۈت ئېلىپ بەرسۇن، دەڭە سىزنى كىم ئۇردى، — ئالتۇنخان ئۇنىڭ يۈزىدىن تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان يېشىنى ئېرتىپ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى.

روزى ئۇنىنى پەسلىتىپ ئۆپكىدەپ تۇرۇپ، راخماننىڭ ئۇرغانلىقىنى دەپ بەردى.

— نەرىڭگە ئۇردى، بالام؟

موللىئىمناخۇنمۇ ئالتۇنخاننى دوراپ ئاۋازىنى مۇلايىم چىقىرىشقا تىرىشتى.

روزى دوقىسىنى كۆرسەتتى. ئالتۇنخان ئۇ يەرنى تۇتۇپ بېقىپلا چوغنى تۇتقاندەك ۋارقىراپ كەتتى:

— تۇخۇمدەكلا ئىششىپ چىقىپتۇغۇ!؟ قاراڭلا ما دەلتىنىڭ قىلغان ئىشىنى.

موللىئىمناخۇن قايتىلاپ سورىدى:

— بېشىڭغا نېمە بىلەن ئۇردى؟

— چالما بىلەن.

موللىئىمناخۇن ئىششىپ چىققان يەرنى بېگىز بارمىقى بىلەن بېسىپ كۆرۈۋېدى، روزى يەرنى تېپچەكلەپ يىغلاپ كەتتى.

— ساراڭ بولدۇڭلىمۇ؟! — ئالتۇنخان ئۇنىڭ قولىنى تارتقۇشلىدى، — دەلدۈڭنى دوراپ سىلىمۇ دەلدۈڭ بولاي دەمسىلە! ئاش بەرگەنگە مۇشت بېرىپتۇ دەپ ئۆتكەندە سىلە راخماننى ئەمەس ئادەم كۆرۈپ رەھىم قىلغاننى بىلمەيدىغان بىر ساراڭكېتىش ھايۋاننى باشلاپ كەپتىكەنسىلە ئۆيگە، ئىتمۇ ئاش بەرگەن ئىگىسىنى تونۇيدۇ، بىزنىڭ قانجۇقمۇ ئۇنىڭدىن ياخشىراق. ھەقىچان خەلچەكمۇ بولۇشۇپ بەرگەندۇ، ئىككى ساراڭ بىر بولسا ئالەمنى مالەم قىلىدۇ. مەن بېرىپ ئۆتكۈدەك بىر گەپ قىلىپ قويۇپ كېلەي، مۇشۇ ساراڭلارغىمۇ بوزەك بولۇپ ئۆتىمىزمۇ بۇ جاھاندىن، ماڭە روزى، — ئالتۇنخان روزىنى يېتىلەپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— توختاڭلا، — موللىئىمناخۇن ئورنىدىن قوپتى، — نېمىشقا ئۇردى، ئۇقمايلا ماڭىۋېرەمسىلە، قۇرۇق گەپ ئاقمايدۇ. خەلچىخان بىر سۆزلىگىلى تۇرسا ئۇنىڭ زۇۋانى قاتار تامغىچە ئاڭلىنىدۇ. ئۇ ساراڭ خوتۇنغا بولۇشۇپ سىلىمۇ سۆزلىگىلى تۇرساڭلا ئالىمادىس بوغۇشۇپ قالساڭلا، ئۇ يەرگە يەنە مەن بارمىسام بولمايدۇ، مەن بارغاندىن كېيىن راخمان قوپىدۇ. ياۋاشنىڭ ئىچىدە مۈڭگۈزى، ساراڭنىڭ ئىچىدە تەلۋىلىكى بارلىقىنى بىلمەمسىلە. ئۇ بىزنىڭ ئۆيدە ئاش يېگەن بىلەن ئاچچىقى كەلسە ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ، كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. كۆزىنى قىزارتىپ، قوڭىنىڭ تېرىسىنى يۈزىگە چاپلاپلا كەتمەن كۆتۈرۈپ كەلسە، «ھاي، ھاي» دەپ بولغۇچە پوككىدە

بىر ئىش چىقىپ قالسا، كىچىككىنە ئىشنى دەپ چوڭ بالا-قازاغا ئۇچرايمىز. ما گېپىمنى ئاڭلاڭلا، ساراڭغا بىز تەڭ بولمايلى، كاللىنى يۈگۈرتۈپ، پەم ئىزدەپ، پۇرسەت تېپىپ خەققە تۇيدۇرمايلا يىقىتىدىغاننىڭ ئېپىنى قىلىلى.

ئالتۇنخان كەينىگە ياندى، موللىئىمىناخۇننىڭ كۆزىدە پارلاپ تۇرغان بىر خىل ئىشەنچ نۇرىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بىر نېمىنى تۇيۇپ، «نېمە قىلساڭلا قىلىڭلا ئەمسە» دەپ ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدى.

— ئالتۇنخان، — موللىئىمىناخۇن بىر قارارغا كەلگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ خوتۇنىغا كەسكىن بۇيرۇدى، — ئاۋۇ تۇراققا دەڭلار هارۇنى قاتسۇن.

ئالتۇنخان ئاۋازىنى سوزۇپ «تۇراقجان، تۇراقجان» دەپ بىرنەچچە قېتىم تۈۋلىدى. ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ خوراز بىلەن مېكياننى بىر كاتەككە سولاپ تاماشىسىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان تۇراق خۇيى تۇتۇپ ئاپىسىنى ئىچىدە بىرمۇنچە تىللاپ ئۆگزىدىن چۈشتى. ئالتۇنخان ئۇنى كۆرمەي تۈۋلاۋەردى.

— ۋۇي نېمە!؟ — تۇراق شوتىدىن چۈشكەچ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ۋارقىرىدى.

— مېڭىڭ، ئا ئاتىڭىز هارۋا قاتسۇن دەيدۇ، ئادەمگە گۆلەيمەي بېرىپ بۇيرۇغان ئىشنى قىلىڭ.

— نېمە قىلىدىكەنمىز؟

— ئاتىڭىزدىن سوراڭ.

تۇراق ئېرىنچەكلىك بىلەن هارۋىنى قېتىپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى.

— ئاپاڭ دېگەندىكىن ماقۇل دەپ چاپسانراق بولساڭ بولمامدۇ؟ چىقە هارۋىغا، كۈن كەچ بولۇپ كەتتى، هارۋىنى تېز هەيدە!

— نەگە؟

— سايلىققا.

تۇراق هەيران بولۇپ ئاتىسىغا قارىدى. موللىئىمىناخۇن سىرلىق كۈلۈپ: «بارغاندىن كېيىن بىلىسەن» دەپ قويدى.

ئۇلار زاۋال چۈشۈپ قاراڭغۇلۇق ئاستا-ئاستا يېيىلىشقا باشلىغاندا كاللىنى يورغىلىتىپ هەم چاپتۇرۇپ، دەل-دەرەخ، زىرائەتلەر بىلەن قاپلانغان كۆجۈم مەهەللىلەردىن ۋە قۇم-بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ئىهاتىلەنگەن كەڭرى ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ سايلىققا چىقتى.


— هارۋىنى توختىتىپ گۈرجەكنى ئېلىپ كەل، — دېدى موللىئىمىناخۇن يەرگە ئېڭىشىپ، — ماڭا قارا مانا، تۇخۇمدەك، ئۆرۈكتەك، جىگدىدەك مۇنداق تاشلارنى ئىلغىۋېتىپ، گۈرۈچتەك، بۇغدايدەك مۇنداق تاشلارنى ئۇسىمىز، كۆردۈڭمۇ؟ يا بولمىسا چېپىتنىڭ ئېغىزىنى سەن ئاچ، مەن ئۇساي، جاهاندارچىلىق دېگەن قانداق بولىدۇ، ئاستا-ئاستا بىلىپ قالىسەن، بۈگۈن مەن ئۇسسام، ئەتە چوقۇم سەن ئۇسىسەن! — موللىئىمىناخۇن سۆزلىگەچ خېلى ئۇزۇن هەپىلىشىپ ئاشۇنداق ئۇششاق، ئېزىك تاشلاردىن يېرىم چېپىتا توشقۇزدى. هارۋىغا تەستە بېسىپ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋالدى. شاپاق دوپپىسىنى ئېلىپ يۈزىنى يەلپۈگەچ يولدا كەلگۈچە بىر گەپنى ئەزۋەيلەپ ماڭدى: خۇدانىڭ بۇيرۇغىنى ۋاجىپ، ئاللانىڭ

ئىرادىسى ھەممىگە قادىر. قارا بالام، ئاسماندىكى ئايمۇ بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەپ تۇرۇپتۇ. تەڭشەلمىگەن جاھاندا خۇدا راخمانغا ئوخشاش بەزىلەرگە قارا كۈچنى بېرىپ ئەقىل بەرمىگەن، شۇڭا ئۇ قانچە كەتمەن چېپىپ، تەر تۆككىنى بىلەن يەنىلا كۆتۈرۈلەلمەيدۇ، يېرىم نېنى پۈتۈن، بىر مېلى ئىككى بولمايدۇ. مانا بىز ھەر ھالدا ئەقىل بىلەن ئىش قىلىمىز. راخماندەك ئەقلى گەجگىسىگە ئۆتۈپ قالغان، تەلۋىلىكىگە تايىنىپ كېچىكنى بۆزەك قىلىدىغان ئىشەكتەك ھارام كۈچى بارلارغا كەتمەن كۆتۈرۈپ ئەمەس، مانا مۇشۇنداق پەم ئىشلىتىپ باپلايمىز. تۆيمايلا قالىدۇ. سەن تولا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالما، كاللاڭنى ئىشلەت، ھەر ئامال بىلەن خەققە ئۆزىمىزنى تۇتقۇزۇپ قويمايمىز، مۇشۇنداق قىلماي تۇرۇپ بۇ جاننى جان ئەتكىلى بولمايدۇ.

تۇراق ئىشنىڭ ئاخىرى نەدىن چىقاركىن دەپ گەپ-سۆز قىلماي ھاڕۋا ھەيدەپ ماڭدى. ئۇلار ئاخىر راخماننىڭ شامال بەك تېگىدۇ دەپ ئۇپچە خاماندىن ئايرىم ئېتىۋالغان خامانلىقىغا يېتىپ كەلدى. موللىئىمىناخۇن ئەتراپنى ئوغرىدەك دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، ئىنسى-جىن كۆرۈنمىگەندىن كېيىن كاللىسىنى قاپلاپ تۇرغان ئەندىشە تۇمانلىرى بىر ئاز تارقاپ شادلىقى كۈچىيىپ كەتتى: مانا، مانا راخمانباي، ۋاي سولتەك ساراڭ، ئۇۋىسىدىن چىقمايدىغان ئۆلۈمتۈك چاشقان، پاخاللىرىڭنى تېخى تىغ بۇغدايدىن ئايرىپ تەييار قىلىپ قويۇپسەن ئەمەسمۇ! بۇغدايلار مانا مەن دەپ چىقىپ قاپتۇ، قاراپ باقايچۇ، ئوھوي، خېلى سېمىز بۇغدايلار ئىكەنتۇق. بىر ئاز نەم تۇرامدۇ نېمە؟ كارايىتى چاغلىق، ئېلىۋالاي دېسەم تاغىرىم يوق. بىراق مېنى ئوغرى دەپ ئويلاپ قالما خالايىق، دىندار ئادەممەن، راخمانغا رەھىم قىلىۋاتىمەن. ھىم، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ خۇدانىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالغىنى تېخى قىزىق! قانداق، راخمىناخۇن، بالامنى چالما بىلەن ئۇرغان چېغىڭدا مېنى مۇشۇنداق قىلا دەپ، ئويلىغانمىدىڭلا، بىلىپ قويۇڭلا، مەن بوش ئادەم ئەمەس، مەن دېگەن مەن، موللىئىمىن دېسە مۇشۇكۇممۇ ئەيمىنىپ قارايدۇ. شۇغىنىسى راخمان سەن ئالدىمدا بۇغدىيىڭغا چاڭگال سالغۇدەك ئېغىر ئىش قىلمىدىڭ، بىر قېتىم كەتمەن كۆتۈرۈپ قويدۇڭ راست، بىرنى سالغان بولساڭ كۆرىدىغان كۈنۈڭ بار ئىدى تېخى، ئاقىۋىتىڭنى ئويلاپ قالدىڭمۇ قانداق. جىم تۇرۇپ قالدىڭ. ئاندىن كېيىن قىزىڭغا دەپ سېنى چاقىرىپ چىرايلىق چاي قۇيۇپ ئاش بەرسەم كىچىككىنە بالامنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ بىزگە ھەيۋە قىلدىڭ. ئەگەر بۇ قېتىم جىم تۇرۇپ بەرسەڭ ئەتىگىچە بىزنىمۇ ئۇرۇپ بېشىمىزنى يېرىۋېتىدىغان ئوخشايسەن، شۇڭا ھوشۇڭنى تاپ دەپ ساڭا غايىبتىن جازا بېرىۋاتىمەن... بۇمۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى! بۇغدايىڭ ئادالىغۇچە بىر ئاز جاپا چېكىپ قالسەن شۇ، بالامنى ئۇرغان قولۇڭ ئارا دەستىسىنى تۇتۇپ قىينالسۇن، خوتۇنۇڭ ئۆتكەمنى تۇتۇپ قىينالسۇن، كىم قىلغاندۇ، خۇدانىڭ ئاپىتىمدۇ دەپ ھەيران قېلىشقان رەپتارىڭنى بىر كۆرسەم ئىدى... بىراق ھەي راخمان، مۇشۇنداق قىلغىنىمغا ھېلىمۇ شۈكرى دېسەڭ بولىدۇ... شۈكرى دە ساراڭ، شۈكرى دېمەي ئىلاجىڭ يوق! بېشىدىن تۇخۇم ئۈنگەن روزى قارى، باياتىن يىغلاپ كېتىۋىدىڭ، ئەمدى ئاشۇ يىغاڭنىڭ ئەتىنى ئېلىۋاتىمەن، ئاپاك

سىنى يېتىلەپ ئۇرۇشقىلى بارغان بولسا چوڭ چاتاق چىقاتتى. كاللىسى ھېچنېمىگە ئۆتمەيدۇ-دە خوتۇن خەق دېگەننىڭ، مانا مەن ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئەتىگىنى ئېلىۋاتىمەن، خوش بولامسەن، مانا قارا...

موللىئىمناخۇن شۇ خىيال بىلەن كۆرەڭلەپ ھەم جىددىيلىشىپ، تۇراقنى ئەتراپقا كۆزەتچى قىلىپ، چىپتىنى پەۋقۇلئاددە غەيرەتتە كۆتۈرۈپ ئالدى ۋە ئېغىزىنى يېشىپ بۇغداينىڭ ئۈستىگە يېيىپ چاچتى. دۆۋىلىشىپ قالغان تاشلارنى پۇتى بىلەن ئىتتىرىپ ھەممىنى دانغا قوشۇۋەتتى.



— ئاتوي بولۇڭ، بولۇڭ پاشا چېقىپ كەتتى، — تۇراق ۋەھىمىلىك ئاۋازدا توۋلاپ كەتتى.

— ۋارقىرىما مۇناپىق، مانا ئاز قالدى.

موللىئىمناخۇن تاشنىڭ ھەممىسنى يىراقتىن قارىسا بىلىنمىگۈدەك قىلىپ بۇغدايغا ئىلەشتۈرۈۋەتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ھارۋىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ چېقىپ كالىنىڭ سۆڭگۈچىگە قاتتىق تەپتى. كالا تۇيۇقسىز تەگكەن زەربىدىن چۆچۈپ ھارۋىنى سۆرەپ بار كۈچى بىلەن ئۆيگە چاپتى. تۇراق ئېغىرلىقنى يوقىتىپ ھارۋا ئۈستىگە ئۈگدىسىغا يىقىلدى.

— ئەمدى كۆرگەنسەن، — دېدى موللىئىمناخۇن پىخىلداپ كۈلۈپ.

— نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىمىز؟ — دېدى تۇراق چۈشەنمەي، — شۇنچە جاپا تارتىپ، ئېلىغاپ كەلگەن تاشنى راخماننىڭ بۇغدىيىغا قوشۇۋەتتىڭغۇ؟!

— راخمان ئۇكاڭنى ئۇرسا بىزنىڭ يا ئۇ تەلۋىگە كۈچىمىز يەتمىسە، مۇشۇنداق قىلماي قانداق قىلىسەن. ھۇ دۆت، كالۋا، بايا مەن كالىغا سۆزلەپتىكەنمەندە، تېخىچە بىلمەي يۈرۈيدىما خام قاپاق، بەز، ئالە تاياقنى، ھارۋىنى تېز ھەيدە!

تۇراق ئاتىسىنىڭ قەھرىدىن ئەمەس، بەلكى راخماننىڭ ئۇكىسىنى ئۇرغانلىقىدىن سەل چۆچىدى، كاللىسىغا بىر-بىرىدىن قورقۇنچلۇق خىياللار كەلدى.

## 13

مەھەللە باشلىقى قاتارلىق بىرنەچچەيلەن يېزىغا يېڭىدىن قۇرۇلماقچى بولغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئۈچۈن دېھقانلاردىن ھەر مو يەرگە ئون يۈەندىن ھېسابلاپ پۇل يىغماقچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تالاي قېتىم مەجلىس ئېچىپ بۇنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقى ئىكەنلىكىنى، دېھقانلارنىڭ چوقۇم جىن چىراغتىن قۇتۇلۇپ توك چىراغقا ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆچەپ تەشۋىق قىلدى.

دېھقانلار بۇغدايلىرىنى يىغىپ ساڭغا ئۆتكۈزۈپ پۇلنى تېخى قولىغا ئالماستىنلا يەر بېجى، سۇ بېجى قاتارلىق تۈرلۈك باجلارنىڭ بىر-بىرلەپ قىرقىشى، بانكىدىن ئالغان يالترا، ئوغۇت قەرزىنىڭ بوغۇشى بىلەن، ئۇمىدىنى قوناق، زىغىر، شال، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەردىن كېلىدىغان دارامەتكە باغلاپ تۇرغان ئەھۋالدا، مەجبۇرىي تېگىلگان بۇ يۈكتىن قانداق قۇتۇلۇشنى بىلمەي غەمگە پاتتى.

مەھەللە باشلىقى بوشاپ كېتىۋاتقان ئورنىنى مۇستەھكەملەشنىڭ بۇ قىممەتلىك پۇرسىتىدە ئۆيمۇ ئۆي ئارىلاپ ئۆز ھوقۇقىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن ئىشقا سالدى. ھال-ئوقتى ياخشىلار نەق پۇل بەردى. نەق پۇل بېرەلمىگەنلەر ئوزۇقلۇق ھەم ئۇرۇقلۇققا قالدۇرۇپ قويۇلغان بۇغدايلىرىنى مو بېشىغا چارەكنى ئون يۈەندىن ھېسابلاپ بەردى. مەھەللىدىن بىر قانچە كىشى بۇ بۇغدايلارنى ئەركىن بازاردا شۇ باھادا سېتىشقا مەسئۇل بولدى. مەھەللىدە بىر مەيدان پاتىپاراقچىلىق، غۇلغۇلا باشلىنىپ كەتتى. ئۈچ-تۆت ئادەم توپلىشىپ قالغان سورۇندا دائىم مۇشۇ گەپ بولاتتى.

مەھەللە باشلىقى دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە بىر قانچەيلەننى ئەگەشتۈرۈپ، قاتاردىن بۆلۈنۈپ كەتكەن يالغۇز تاملارغا قەدەم باستى. بۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىدە تەئەللۇقات تولۇپ ياتاتتى، ئەمما ئۆي ئىگىسى بولغان موللىئىمناخۇن تۈرلۈك باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، يىگىرمە مو يەرگە گىجگىلىق قىلىپ بىر يۈەننى قايرىۋېلىپ يۈز يۈەن، قالغىنىغا ئون چارەك بۇغداي بېرىپ قۇتۇلدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن قارنى بىر ھازا ئېچىشىپ، ئىچى تىتىلداپ، ئالتۇنخان بىلەن بىر پەس كوتۇلداپ، ئارقىدىن سەل قىزىرىشىپ كېيىن يەنە شۇكلەپ قېلىشتى.

مەھەللە باشلىقى بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ راخماننىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇ ئۆيدىن بىر نەرسە چىقىشقا ئۇلار تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ۋەزىپە دېگەن ۋەزىپە، مەجبۇرىيەتنى ئورۇندىماي بولمايدۇ-دە! مەھەللە باشلىقى ئىشىكنى چېكىپ راخماننى تۈۋلىدى. قالغانلار ھويلىدىكى ئالمىنى قېقىپ يېيىشكە باشلىدى. بىر كەمدىن كېيىن ئىشىك جۇۋازدەك سەت غىچىرلاپ ئارقىدىن راخماننىڭ ئورۇق گەۋدىسى كۆرۈندى. ئۇنىڭ مەڭزى تومپىيىپ، كۆزلىرى ئۆڭكۈر ئىچىدە پىلىلداۋاتقان شام نۇرىدەك ھەممە نەرسىگە تىنچ ۋە پەرۋاسىز تەرىزدە قادىلىپ تۇراتتى. ئۇ پەسكە تېخىمۇ ئېڭىشىپ، زورىغا كۈلۈمسىرەپ ھەممەيلەن بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. شۇ ئەسنادا ئارقا تەرەپتىن خەلچىخان ۋە قىزى پەيدا بولدى. خەلچىخان ئۇلارنى كۆرۈپلا كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، رەڭگى ئۆزگىرىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ غېرىب كەپىسگە كىرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئەدەب يۈزىسىدىن بولسىمۇ ئۆيگە

تەكلىپ قىلدى. مەھەللە باشلىقى ئۇنىڭغا يالغاندىن رەھمەت ئېيتىپ، راخمانغا كېلىش مەقسىتىنى ئوچۇق ئېيتتى، راخمان ئىگىلىكىدىكى ئون مو يەر ئۈچۈن يۈز يۈەن بېرىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇپ ھۆججەت يازدى.

راخمان پاتىگىنى بېرى كېسىپ تاشلىغاندەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ خەلچىخانغا يەر تېگىدىن بىچارىلەرچە قارىدى. خەلچىخانمۇ ئۇنىڭغا قاراپ سالپىيىپ تۇراتتى، ئاپئاق كۆيۈپ كەتكەن قارامتۇل يۈزى تېخىمۇ قارىداپ، كۆزلىرى خونۇكلىشىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قىزى بولسا ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز چىرايلىق كۆزلىرىنى ئالدىدىكى ناتونۇش كىشىلەردىن ئۈزمەي، قىزىقسىنغان ھالەتتە ئاپىسىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇراتتى. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا قاراپ شۇنچە سەت، كۆرۈمسىز ئادەملەرنىڭمۇ كىشىنىڭ كىرگۈسى كەلمەيدىغان مۇشۇنداق ئېغىلدەك ئۆيدە پەرىزاتتەك بالا چوڭ قىلغىنىغا ئۆز ئىچىدە يەنە ھەيران بولۇشۇپ، گويا ئۇنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغاندەك تەمەخور كۆزىنى تىكىپ، ۋەسۋەسىگە تولۇپ بىر-بىرىگە يوشۇرۇن كۆز ئىشارىسى قىلىشتى. بىرەيلەن بايا قاقىقان ئالمىسىنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

مەھەللە باشلىقى راخماننىڭ گەپ-سۆز قىلماي يەردىكى چۆمۈللىرىگە قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاۋازىغا ھوقۇقدارلارغا خاس ھەيۋەت، سالماق تۈس بېرىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇنداق گۆشىيىپ تۇرۇۋالساڭلا قاملاشمايدۇ راخمىناخۇن، ما ۋەزىپىنى سىلىگە ئۆتكۈزۈپ بېرەيمۇ يا، باشقىلارنىڭ ھەممىسى بۇغدايلىرىنى ساڭغا ئۆتكۈزۈپ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى، سىلە ئۇ قاتاردا يوق، ئۆزىنى ئوڭشىۋالغۇچە بوپتۇ دەپ ئېتىبار قىلىپ ئۇنى زىممەڭلىدىن كۆتۈرۈۋەتسەك، ئەمدى كېلىپ ھۆكۈمەتنىڭ مۇشۇنداق مۇھىم چاقىرىقلىرىغىمۇ ئاۋاز قوشماي بەزدەك ئىششىپ تۇرۇۋالساڭلا نېمە دېگىلى بولىدۇ ئەمدى سىلىگە! كوپىراتسىيە كەتتى راخمىناخۇن، چاپان تېخى تىزدىن ئاشمىسا، خوتۇنۇڭلا بىرەر يېڭى كۆڭلەك ئېلىپ كىيەلمىسە، ماۋۇ بىچارە قىزىڭلا مۇشۇنداق توپا يەپ، ئەسكى كىيىم كىيىپ يۈرسە ئۇۋال ئەمەسمۇ!؟ ئۇنى مەكتەپكە بەرمەمسىلە، ياخشى ئوقۇتۇپ قەددىڭلىنى كۆتۈرمەمسىلە؟!

راخمان تاقەتسىزلىنىپ ئۈن قاتتى. ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك بوغۇق ۋە پەرىيادلىق چىقىپ كەتتى:

— ماقۇل، ماقۇل، ياندا ھازىر پۇل يوق، بانكىدىن ئالغان قەرزمۇ تېخى شۇ پېتىمدا، بۇغداي... بۇغداي بەرسەكمۇ بولار؟

— ھە، بېرىڭلا، نېمە بەرسەڭلا بېرىڭلا.

راخمان خەلچىخان بىلەن ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىردەمدىن كېيىن بىر تاغار بۇغداينى ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇغداي يىغىشقا مەسئۇل بولغان كىشى تاغارنى ئېچىپ بۇغداينى ئالىقىنىغا ئېلىپ قارىدى، ھەيرانلىقىنى ئۆز-ئۆزىگە دەۋاتقاندەك سۆزلەپ كەتتى:

— مانىڭغا قاراڭلا، بۇ قانداق ئادالىغان بۇغداي، ئارىسىدا ساپ ئۇششاق تاشلار تۇرىدىغۇ؟!

باشقىلارمۇ ئۇ يەرگە يىغىلىپ بويۇنداپ قارىدى. راخمان بىلەن خەلچىخاننىڭ يۈرەكلىرى سىيلىپ كەتتى. خەلچىخان ئىچىدىكى ئەلەمنى باسالماي بومبىدەك پارتلاپ، ئاللىكىملەردىن زارلانغاندەك، ئاللىكىملەرگە يالۋۇرغاندەك سۆزلەشكە باشلىدى:

— قانداق ئادالىغان بۇغداي دەيسىلەرغۇ، نەچچە كۈن ئۈتكەمدىن ئۈتكۈزۈپ، نەچچە كۈن غەلۋىردە تاسقىدۇق، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. تارتمىغان جاپايىمىز قالمىدى؛ قانچە قىلساقمۇ بۇ تاش ئۈتكەمدىن ئۆتۈپ كەتتى، غەلۋىردىن چۈشمىدى: شامالدا ئۇچۇرۇۋېتىلى دېسەك قوغان ئەمەس؛ بىر تالدىن تېرىپ ئاللى دېسەك بەش مو يەرنىڭ بۇغدىيى. ئويلاپ بېقىڭلا، شۇنچە كۆپ بۇغدايدىن قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن شۇنچە كۆپ تاشنى قاچان ئىلغاپ تۈگىتەلەيمىز؟! تاشلىۋېتىلى دېسەك قىش، ياز ئىشلەپ تېرىپ سۇ قۇيۇپ ئۇغۇتلاپ، خاماندا تېپىپ، سوقۇپ ئەمدى مۇشۇنچىلىك بولغاندا تاشلىۋەتسەك قىشچە نېمە يەيمىز؟! رەھبەرلەر ئويلاپ بېقىڭلا، مۇشۇ يىقىندىن بېرى تېخىمۇ ئەبگالىشىپ كەتتۇق. خۇدايىم نېمە قىلغان گۇناھىمىزغا بالا ـ قازانى بىزگە شۇنچە كۆپ بېرىدىكىن؟! بىر موزىيىمىز بارتى، ساتساق يۈز كويغا يارايتتى، ئۆلۈپ كەتتى. بانكىغا قەرزدار بولۇپ خەقنى دوراپ ئۇغۇت ئېلىپ شاللىققا چاچساق سۈيىنى خەق تارتىۋالدى. ئەمدى كېلىپ ئاش تېرىپ ئېغىزىمىزغا ئالا ـ ئالمايلا ئاسماندىن تاش چۈشۈپ ئۈستىمىزنى باستى. بۇمۇ چوقۇم بىر كىمنىڭ قىلغان ئىشى، كۆڭلۈم تويۇپ تۇرىدۇ، لېكىن ئېغىزىمدىن چىقىرالمايمەن. خۇدا ئۈستىمىزدە تۇرۇپتۇ، ئۇ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان ئاشۇ يامانلىقلىرى بىر كۈن ئەمەس بىر كۈنى يېنىپ قالىدۇ، — خەلچىخان غەزەپتىن تىترەپ، يىغلىۋەتمەسلىككە تىرىشىپ، قىزىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئۇنىڭ كۆڭلىكنى تۈزەشتۈردى.

راخمان ئۆزىنى خەلچىخاننىڭ ئاشۇ سۆزلىرى بىلەن ئىچى بوشاۋاتقاندەك ھېس قىلدى. مەھەللە باشلىقى قاتارلىقلاردىن ئۆز ھالىغا يېتىپ يەنە بىر قېتىم كەچلىك قىلىشنى ئۆتۈندى.

— بۇغدىيىڭلىغا كىم تاش تۆكۈۋېتىپتۇ، ئۇقتۇڭلىمۇ؟ — دېدى مەھەللە باشلىقى.

— ئەگەر ئۇقسىڭىز پەيچۇسوغا بېرىپ ئەرز قىلسىڭىز ئاقىدۇ، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

خەلچىخاننىڭ كۆزىدە ئۈمىد شولىسى پارلاپ كەتتى. بىراق، كۆز كۆرمىسە، گۇۋاھچى بولمىسا بولمايدۇ. قانۇن دېگەننىڭ داڭقان پۇتى كۆپ. خەققە تۆھمەت قىلىپسەن دەپ ئۆزىگە گەپ كېلىپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، راخماننىڭ كۈندە دەيدىغىنىمۇ شۇ: ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما. مۇشۇ كونا گەپكە ئۇ مەھكەم يېپىشىۋالىدۇ. نەق جايدا تۇتۇۋالالمىسا، باشقا يەردە پالانچى مۇنداق قىلىپتۇ دېسە خەققە تۆھمەت دەپلا يۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا خەلچىخانغا نېمە چارە؟! شۇنداق قىلىپ، خەلچىخاننىڭ كىچىككىنە ئۈمىدى قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تېز يوقالدى.

— ئۇ كۈنى كەچتە ھېرىپ كېتىپ ئۆيدە ئۇخلاپ قاپتىكەنمەن. شۇنىڭغا ئۆزۈمگە ھازىرغىچە ئاچچىقىم بار. ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرمىگەندىكىن خەققە بېرىپلا ئۈسكىلى

بولمايدىكەن، — دېدى راخمان.

— ئەمسە ما ئىشنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى مەھەللە باشلىقى قاپقىنى تۈرۈپ.

— توك پەيدا قىلغىلى بولسىغۇ ئوبدان ئىش ئىكەن، ئاتام زامانىسىدا كۆرمىگەن ئىشلارنى كۆرىدىغان ئوخشايمىز، ھۆكۈمەتنىڭمۇ ئويلىغانلىرى بار، پەرمانىغا بويسۇنىمىز.

— قورۇق گەپنى ئاز قىلىپ ما پۇلنى تۆلەيدىغانىنىڭ ئىشىنى قىلىڭلا!

— تۆلەيمىز، ئالدىرىماي تۆلەيمىز.

— قاچان تۆلەيسىلە؟!

— شال پىشسۇن، كېۋەزلەر ئېچىلسۇن، يا بولمىسا، قورۇلۇشقا ئادەم كېرەك بولۇپ قالسا ھاشارنىڭ سىرتىدا ئىشلىشىپ بېرەرمەن.

— ئۇ يەرگە قارا كۈچ ئەمەس، كاللا كېرەك، تېخنىكا كېرەك، سىلىدە شۇنداق قۇدرەت بارمۇ!؟ — دېدى مەھەللە باشلىقى چىچىلىپ، — شۇڭىمۇ دەيمەن، سىلىنىڭ بېشىڭلىدا زادى ئازراق زاغۇن بار. قاچانلا كەلسە كاللىنىڭ بېزىدەك مۇشۇنداق ئىششىپ تۇرسىلە، يا سىلىنى بۇرۇنقىدەك تۇتۇپ ئاپىرىپلا سولىتىپ قويغىلى بولمىغان، ئۇرۇپ-دەسسەشنىڭ تېخى ئورنى يوق. پۇلنى نەدىن بولىسۇن تېپىپ مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە تەييار قىلىڭلا، قېشىڭلىغا ئەمدى كۈندە كېلىۋەرمەيلى، بىكارچى ئادەم يوق سىلىگە...

مەھەللە باشلىقى يەنە بىر مۇنچە قايناپ، ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كۆزدىن يوقالدى. راخمان بېشىنى ساڭگىلىتىپ غەمگە چۆكۈپ ئولتۇردى.

## 14

ئەتىسى سەھەردە مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى يەنە بىر قانچە كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ راخمانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى. راخمان ئۆيدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، خىزىر بىلەن ئۇچراشقاندەك يۈكسەك ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى.

— بولدى كايىماڭ، — دېدى ئىمام ھاسىسىنى ئىككى قوللاپ يەرگە تىرەپ تۇرۇپ، — مەسچىتنى يېڭىلاشقا تەرەددۇت قىلىپ، تۈنۈگۈنىنىڭ بېرىسى مەھەللە كويىدىن بىرەر چارەكتىن بۇغداي بېرىڭلار دەپ كۆپ ۋەز ئېيتتۇق. ھەممەيلەن دېگۈدەك بىرەر چارەكتىن، خالىغانلار ئىككى، ئۈچ، ھەتتا بەش چارەكتىن بۇغداي سەدىقە قىلدى، ئىمانىغا يارىشا ئاتىغانلىرىنى بېرىشتى. قارىسام، تويىڭىنىڭ ئىچىدە يەنە سىلە يوق. مەسچىتكىغۇ بەزىدە چىقماي يۈرۈڭلا، خۇدالىق ئۇچۇن ئەمدى ئاز-تولا ئۈششرە بېرىڭلار دېسە، بېشىڭلىنى يەنە ئىچىڭلىگە تىقىپ يۈرەمسىلە؟ قارىسام، قانار تامدىن يىراقكە نىسلە، شۇڭا ئاتايىتەن ئۆزۈم مۇشۇ يەرگە قېرى جىنىمنى سۆرەپ كەلدىم. ئىلكىڭلىدە بىرەر نېمە باردۇ؟ قورۇق قول ياندۇرساڭلا يۈزۈڭلىگىمۇ سەت، خۇدانىڭ ئۆيىگە سەل قارىغان گۇناھكارلار قوشۇلۇپ مەھشەرگاھتا جازاغا ئۇچرايسىلەر.

راخمان بۇ گەپلەرگە چىداپ تۇرالماي ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ۋە خەلچىخان بىلەن ئۇزۇن ھەپىلىشىپ، ھەممىدىن پاكىز ئادالىدۇق دەپ ئايرىپ قويغان بۇغدايدىن بىر چارەك ئېلىپ چىقتى.

— نېمە تاش بۇ؟! — ئىمام ھاسىسىنى جۇنۇپ بىرە-بىرە ئايرىلىشىپ تۇرغان

تاشلارنى كۆرسەتتى.

راخمان خەلچىخان بىلەن كۆرۈنۈپ قالغان تاشلارنى ھاپىلا-شاپىلا ئىلغاپ تاشلىۋەتتى. ئىمام زوكزىيىپ، قولىنى ئارا شەكىلدە بۇغدايغا تىقىپ ئۇنى چالغىنتتى. بىر مۇنچە ئۇششاق تاشلار يەنە كۆرۈنۈپ قالدى.

— ھوي، بۇ نېمە ئالامەت، راخمىناخۇن؟! — ئىمام ئاچچىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئېتىقادىڭلا دۇرۇسمۇ ئۆزى، مۇشۇنداق ئەخلەت بۇغداي بىلەن بىزنى يولغا سالماقچىمۇ؟! تۈزۈكرەك بۇغدايدىن يوقمۇ ئۆزى؟!

— ھەممىسى مۇشۇنداق بۇغداي، — دېدى راخمان ئوڭايسىزلىنىپ.

— بىر نائەھلى بۇغدىيىمىزغا تاش تۆكۈۋېتىپتۇ قارىسىلا، ئىمام ئاخۇنۇم، — دېدى خەلچىخان دەردىنى سۆزلەپ.

— خۇدانىڭ نېمىتىنى مۇشۇنداق خارلىغان بارمۇ، يولغا يارىغۇدەك باشقا ئوقىتىڭلىمۇ يوقمۇ ئۆزى، — ئىمام ئەتراپقا نەزەر تاشلاۋېتىپ تويۇقسىز ئىشىك ئالدىدىكى چەللىگە ئارتىپ قويۇلغان موزاي تېرىسىنى كۆردى ۋە، — پاكىز بۇغداي بولمىسا ئەمىسە ئاۋۇ كالا تېرىسى بولسىمۇ بولىدۇ، — دېدى.

— بۇ... بۇنى قىزىم كۈزدە مەكتەپكە كىرىشكە ئۆلگۈرتۈپ سېتىپ دەپتەر، قەلەم ئېلىپ بېرەي دېگەنىدىم.

— نېمە؟ نېمە دېدىڭلا، يەنە دەڭلا شۇ گېپىڭلىنى!

راخمان ئىمامنىڭ ئۆزىگە چەكچىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— بولدى بېرىۋېتەيلى، — دېدى خەلچىخان راخماننىڭ بەكلا قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، — كۆزلۈككە يەنە ئاش ساتىمىزغۇ، خۇدايىم نېسىپ قىلار.

راخمان ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، ئاپتاپ يەپ خېلىلا پارقىراپ قالغان تېرىنى ئاۋايلاپ ئالدى ۋە ئىمامنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ ئۇزاتتى.

— قارىڭلا بەك ئاغرىپ كەتكەن بولسا مەيلى، — دېدى ئىمام يەنە ساقىلىغا تۈكۈرۈپ، — بۇ نېمىڭلىنى مەن ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالايمەن، مەسچىتنى دېمىسەم بۇ يەرگە قەدەم باسمايتتىم. ھەر يىلى بىر كېلىدىغان مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئىشقىمۇ تىرناق تاتىلاپ، كېكەچلەپ تۇرىدىغان سىلىدەك بەندىگە خۇدا ھېلىمۇ بېرىپتۇ!

— بولدى ئىمام ئاخۇنۇم، ماڭا قويۇڭ، مەن تەربىيە قىلاي، بۇ ئادەمنىڭ ئىمانىغۇ ئەزەلدىن سۇسراق، كىيىنچە ئۇنداقمۇ بولماس، — خەلچىخان تېرىنى ئىمامنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويماقچى بولۇپ يېقىنلاپ كېلىۋىدى، ئىمام دەرھال ئارقىغا داجىپ:

— بولدى، بولدى، قولۇمنى تۇتماڭ، تېرىنى ماڭا بېرىڭ، — دەپ خەلچىخاننى سىلكىۋەتتى.

خەلچىخان جايىدىلا قېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئارقىدىن سالپىيىپ تۇرغان راخمانغا قاراپ ئۇھ دەپ ئېغىر تىندى. ئىمام بىر نېمىلەرنى دەپ سۆزلەپ، راخماننى ئىچىدە قارغاپ يولغا راۋان بولدى.

## 15

تەبىئەت پەسلىگە قاراپ رەڭمۇ رەڭ تۈس ئېلىپ شۇ قەدەر گۈزەل، تەبىئىي، پاك ھالەتتە، ئىچى خىلمۇ خىل خام-خىيال، ۋەسۋەسىگە تولغان ئادەملەرنىڭ يورۇق

ئالەمدە كۆرسىتىۋاتقان قەبىھلىكلىرىگىمۇ، ئىزگۈلۈكىگىمۇ گويا ئانىسى گۆدەك بالىسىنىڭ ھەممە قىلىقلىرىغا كۆنۈپ كەتكەندەك كۆنۈپ كەتكەن.

ئادەمنىڭ بالىلىق دەۋرى، بولۇپمۇ سەھرادا ئۆتكەن بالىلىق دەۋر ئۆزىنىڭ غۇبارسىزلىقىنى تەبىئەت بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەچكە، غايىۋى گۈزەللىكتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھەممىدىن ئۇنتۇلماس كېلىدۇ. بالىلىق تەسەۋۋۇردىكى تەبىئەت گويا تاڭدىكى سۇبھىدەك شۇ قەدەر جىمجىت، شۇ قەدەر خىلۋەت، شۇ قەدەر نۇرانە! يىللار ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئەسلىملىرى غۇۋالىشىدۇ، ئەمما شۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ تېخىمۇ گۈزەل تۈس ئالىدۇ. بالىلىققا قايتا نەزەر سالغاندا تەسەۋۋۇرۇڭدا پەيدا بولغان ئۇ گۈزەللىك سېنى پاكلىققا، ياخشىلىققا ئۈندەيدۇ. ئەپسۇس! شۇنىڭغا يېتەلىگەنلەر قانچىلىكتۇ؟

روزى ئۆيدىن چۈشلۈك تامىقىنى يەپ چىقىپلا راخماننىڭ ئۆيدىن ئۇدۇل ئامىنەمنى تاپتى. چۈشتىكى پىژغىرىم ئىسسىقتا راخمان ئۆيگە قايتماي، ئېتىزلىقتا بىرەيلەننىڭ كالىسىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇسا قىلىنغان ئېتىزلىقىنى ئاغدۇرۇۋاتاتتى. خەلىچىخان بولسا قاتتىق ئىسسىقتا تالاغا چىقماي ئۆيدە تەكىينى قىرلاپ ئۇخلاپ ياتاتتى. ئامىنەم ئۇنىڭغا تۇيدۇرمايلا ئۆيدىن چىقىپ روزى بىلەن تېپىشتى.

ئىككىسى بىر-بىرىنى قوغلاپ كېۋەزلىكتە بىردەم مۆكۈشمەك ئوينىدى، پىشمىغان قوغۇن-تاۋۇزنى چېقىپ يېيىشتى. ئاندىن توپىلىق يولدا يالىڭاچ پۇتلىرى بىلەن رەسىم سىزىپ بىر-بىرىگە كۆرسىتىپ كۈلۈشتى. زىرائەتلەرنى، كۆكتاتلىقلارنى ئارىلاپ، ئۇيەر-بۇيەردە ئېچىلىپ قالغان گۈللەرنى ئۈزۈپ كېپىنەكلەرنى ئۇچۇرتۇپ ئارقىسىدىن قوغلاپ خېلى بىر يەرگە بارغاندا توختاپ، ھارغىنلىقتىن چۆپلۈككە ئۆزىنى تاشلاپ بىردەم ئېغىناشتى.

— كۆن بەك ئىسسىقكەن، — دېدى روزى كۆزىنى چېقىپ ئارام بەرمەيۋاتقان كۈچلۈك قۇياش نۇرىنى توسۇپ.

— ئەمسە كېتىلمۇ، — دېدى ئامىنەم ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ياق، ئۆستەڭ بويىدا ئاكام بار، شۇ يەرگە بارىلى.

— ئاكاڭ نېمە قىلىدۇ؟

— سۇ ئۈزىدۇ.

— ياق، ياق، ئۇ يەرگە بارمايمەن، ئاكاڭ بوزەك قىلىدۇ.

— قورقماڭ، سۇ ئۈزۈشنى كۆرسىتىپ قويىدۇ.

ئىككىسى بىر-بىرىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، گاھ ئاجرىتىپ، گاھ بىرلىشىپ ماڭغانچە ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ كېلىشتى.

— ئاكاڭ قېنى گوللاڭچى!؟

— ئاۋۇ يەردە ئوخشايدۇ.

ئۇلار يەنە بىردەم مېڭىپ ئۆستەڭ كۆۋرۈكىدىن ئۇ قاتقا ئۆتتى.

— ئالما! ئالما! — ئامىنەم ئۈشتۈمتۇت ۋارقىرىۋەتتى.

— قېنى، قېنى؟ — روزى يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— كېلە، كېلە، ئاينا، ئېقىپ كېلىۋاتىدۇ، يېقىن كەلدى، مانا، مانا ھازىر

تۇتۇۋالىمەن.

بىر ئاق ئالما قىرغاقتا يېقىن ئاستا ئېقىندا بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ ئېقىپ كېلىۋاتاتتى. ئامىنەم ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەتلەرنى ئارىلاپ ئۈتۈپ قىرغاققا كەلدى. ئالمىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تۇتۇۋالىمەن دەپ ئورنىنى يۆتكەپ ئالدىغا بېرىپ قولنى سوزۇپ تۇردى. ئالما بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى، ئاز قالدى! ئامىنەم جىددىيلىشىپ قولنى تېخىمۇ ئۇزۇن سوزۇپ تەييار تۇردى. ئالما ئۈزۈپ كېلىپ ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرىغا ئۇرۇلدى. ئۇ ئالمىنى ئالغىنىمغا ئالىمەن دەپ بار كۈچىنى يىغىپ ئۇنىڭغا ئىنتىلدى.



شۇئان قىرغاقتىكى تىنىپ قالغان لايغا پېتىپ تۇرغان پۇتى تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ، لاي قومۇرۇلۇپ، ئەجەلنىڭ يۇرەكنى جىغىلدىتىدىغان سەزگۈلىرى ئۇنىڭ ئالما ھەققىدىكى تاتلىق خىياللىرىنى قاباھەتلىك ماكانغا سۆرەپ كەتتى!

روزى ئۇنىڭ سۇغا چۆكۈۋاتقان ھالىتىگە داڭقېتىپ قالدى. ئامىنەم ئۇنى چاقىرغاندەك قىلدى، ئىككى قولنى پۇلاڭلاتتى، ئاي كەبى يۈزى سۇغا شولا چاچقاندەك، ئاستا ـ ئاستا چۆكۈپ، ھەتتا سۇنىڭ ئاستىدىكى زۇلمەتنىمۇ يورۇتۇۋاتقاندەك نۇرلاندى. روزى دائىم قاراپ ئۈزىنىڭ چۆمۈلدەك ئەكسىنى كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن چوڭ، نۇرلۇق كۆزى چاقماقتەك چاقناپ، ئۇنىڭ يۇرەك ـ باغرىنى چايان چاققاندەك تىلغاپ، قەلبىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ ئېسىگە كەلگەندە رەھىمسىز سۇ ئاۋۇالقىدەك لايلىنىپ، دولقۇنلىنىپ ئېقىپ كېتىۋاتاتتى. ئالمىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، بەلكىم ئامىنەم ئۇنى يېگىلى ئەكەتكەن بولسا كېرەك.

روزى سۇغا ئەگىشىپ داۋاملىق يۈگۈردى، ئامىنەمنىڭ بېشى كۆرۈنمىدى، ئۇ ھاسىراپ يەرگە يىقىلدى، سۆگەتنى قۇچاقلاپ يەنە ئورنىدىن تۇردى، سۇغا يەنە قارىدى. بىراق، ئۇ شۇنچە زارىقىپ كۈتكەن نۇرلۇق سىما سۇ يۈزىدە قايتا پەيدا بولمىدى. تاش يۇرەك لاي سۇ ئۇنى ئۈز قارنىغا يۇتۇپ كەتتى! روزى مىشىلداپ

يىغلىدى، كېيىن بىردىنلا ھۆڭرەپ يىغلاپ مەھەللىگە چاپتى.

## 16

ئامىنەمنىڭ ئۆلۈمى پۈتۈن مەھەللىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى.

راخمان شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۈستەڭ بويىغا بېرىپ قىزىم دېسە قىزىم دەپ ھۆڭرەپ يىغلاپ ئېقىننى بويلاپ شامالدەك تېز يۈگۈردى، ئاخىر ماجالى يەتمەي يەرگە گۆپپىدە ئۆزىنى تاشلاپ يەرنى مۇشتلاپ، تىرنىلاپ ئۆمرىدىكى ئەڭ قاتتىق نالە-زارىنى باشلىۋەتتى. ۋۇجۇدىنى پايمال قىلىۋالغان ئەرلىك غۇرۇرىنى چۆرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ بۇ نالىسىگە قىسسىلەردە ئېيتىلغاندەك سۇدىكى بېلىقلارمۇ، ھاۋادىكى قۇشلارمۇ چىداپ تۇرالمايتتى.

خەلچىخاننىڭ يىغىسىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. ئۇ راخماننىڭ ئالدىدا كۆتۈرۈپ قويۇقسىز سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلەتتى، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ دەرد-ھەسرىتى تېخىمۇ كۆپەيدى. راخمان ئۇنى يىغلاپ تۇرۇپ تىللىدى، ئۇردى. خەلچىخانمۇ كۆزىدىن ياش ئېقىتىپ راخمانغا يالۋۇردى، پاچىقىدىن تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى ئايىغىغا قويۇپ، يۈزىنى تۇپراققا سۈرتۈپ كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق يىغلاپ كەتتى. راخمان ئۇنىڭ كۆكسىگە، قورساقلىرىغا تېپىپ ئۇنى ئۆزىدىن ئاجراتتى ۋە سۇنۇپ كەتكەن كەتمەن دەستىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇردى. ئاڭغىچە باشقىلار كېلىپ قىلىپ ئىككىسى ئىككى ياندىن ئۇنىڭ قولىنى قايرىپ تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى.

— قويۇپ بېرىش! ھەي مۇناپىق ئاقساقاللار، قويۇپ بېرىش دەيمەن ئاناڭنىڭ ھەققىدە بولسىمۇ! — راخمان ئوتتا كۆيگەن قىلدەك تولغىناتتى، يۇلقۇناتتى. — مەن بۇ ئۇيقۇغا تويماس ھارام چوشقىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ نېمە كۆرسەم كۆرىمەن، بالىغا قارىماي زادى نېمە ئىش قىلدى بۇ قانجۇق، ئۆزىگە بىرەرنى سولاپ بەردىمۇ؟! شۇۋىسىنى قايىنتىپ بەردىمۇ؟! قويۇۋېتىڭلار دەيمەن، مەن بۇ ئېرىمەس قەلەندەرنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈكىنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەرمەيدىغان بولسام ئادەم بولماي كېتەي!

— ئاچچىققا ھاي بېرىڭلا راخمناخۇن، قىزىڭلىنىڭ ئۆلۈمىگە ھەممە ئادەمنىڭ ئىچى ئېچىشىدۇ، ئاللانىڭ تەقدىرى ئەمدى، قانداق قىلىمىز، ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن ئۆلگىلى بولامدۇ؟! قىزىڭلىغا ئوبدان ھېزى بولالماي ئەمدى خوتۇنىڭلىغايۇ بىزگە ۋارقىراپ بەرگەن بىلەن ئىش تاڭاتامدۇ؟!

— خەپ ئاشۇ مۇناپىق ئوغرىنىڭ چىشقاق كالىسىنىڭ ئورنىدا ئىشلەيمەن دەپ يۈرمىگەن بولسام...

— گەپ ئۆزۈڭلىدىكەن ئاينا، خەلچىخاننى ئانداق قىلمەن، مانداق قىلمەن دېمەي، بېرىپ قىزىڭلىنى ئىزدىمەمسىلە! ئىست، ئىست بىچارە قىز، بۇ چاغقا نەلەردە ئېقىپ، نەلەردە تۇرۇلۇپ يۈرەر!

راخمان بوشىشىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزىنى قويۇۋېتىپ كەتكەندە ئاچچىقىدىن يانماي، خەلچىخاننى يەنە ئۇرماقچى بولۇپ، قوناقلىقنى ئارىلاپ، ئوتتۇر كەلگەن قوناقنى سۇندۇرۇپ «خەلچەك، بۇياققا چىق» دەپ ۋارقىراپ تاپالمىغاندا ئارقىغا قايتتى. كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلار تۆكۈلەتتى. ئۇ ئېرىق بويىغا كېلىپ ئازراق سۇ ئىچتى. سۇنىڭ تەمىمۇ ناھايىتى يات، قىرتاق، ئاچچىق تۇيۇلدى. خوتۇن كىشىدەك ئەمدى

يىغلاۋەرمەسلىك قارارىغا كېلىپ يۈز-كۆزىنى يۇدى، كۆزىدىكى ياشلارنى سۇ بىلەن قوشۇپ چىقىرىۋەتكەندەك سەل يېنىكلەپ قالدى. ئازراق مېڭىپلا يادىغا يەنە قىزىنىڭ ئىنچىكە ئاۋازى، خىيالىغا ئوماق چىرايى كىرىۋېلىپ كۆڭلىنى قايتا بۇزدى. ياشلار ئىختىيارىغا بويسۇنماي مەڭزىدىن ساقىپ قىزغۇچ ساقاللىرىغا كېلىپ توختىدى. قىزى ھايات چېغىدا ئۇنىڭ مۇشۇ ئۇچلۇق ساقاللىرىغا ئويماقتەك ئېغىزىنى يېقىپ سۆيۈپ قوياتتى. كۆزلىرىگە مەھكەم قادىلىپ ئاتىسى بىلەن كۆز بېقىشىپ ئۇنىڭ خاتىرىسىدە مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان جىلۋىلەرنى قالدۇرغاندى:

«— قىزىم ماڭا كۆيەمسىز، ئاپىڭىزغىمۇ؟

— سىز سۆيۈپ قويىسىڭىز سىزگە، ئاپام ناخشا ئوقۇپ بەرسە ئاپامغا.

.......

— قىزىم، ئالما ئېلىپ بېرەيمۇ؟

— ھەئە، ھەئە.

— قايسىنى؟

— ئاۋۇ ئۇچىدىكى پىشقاننى.»

راخمان ئۆزىنى تۇتالماي يەنە قاتتىق يىغلاپ كەتتى. بىر ھازا يىغلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ماڭدى. ئۆزىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۆزىنى قاتار تامنىڭ ئالدىدا كۆردى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ مەھەللە باشلىقىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىردى. مەھەللە باشلىقىمۇ خۇددى راخمانغا ئوخشاش مۇسىبەتتە چۆكۈپ غەمكىن ھالدا ئولتۇرغاندەك كۆرۈنەتتى:

— قىزىم، قىزىم... ئۇ... — راخمان بوغۇزىغا يىغا كەپلىشىپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

— ئۇقتۇم، ئەجەب بىر قىز ئىدى، كۆز تەگكەندەك ئىش بوپتۇ. بولدۇ، مەن دەي، ئۆستەڭدىكى سۇنى توختىتىپ تۇرسۇن، قىزىڭىزنى ئىزدەيلى.

راخمان تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ھەسرەت ياشلىرىغا خۇشاللىق يېشىمۇ قوشۇلۇپ كەتتى.

**17**

راخمان سۇ توختىتىلغان ئۆستەڭنى بويلاپ، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە قىزىنى ئىزدەشكە چۈشتى. ئۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. ئۈنسىز ياش تۆكەتتى. دىلىدا خۇدانى مىڭ قېتىملاپ يادلاپ ھەم ئۇنىڭدىن مىڭ قېتىملاپ زارلاپ، يۈرەكلىرى جىددىيلىك ئىچىدە پوكۇلداپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار يېرىم كۈن ئىزدىگەن جەسەت ئاخىر سۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى بىر توغاندىن تېپىلدى. راخمان قىزىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ ئۆزىنى ئاتتى. قىزىنىڭ ئاق، سۈزۈك يۈزى كۆك رەڭگە كىرىپ، كېيىملىرى تىتىلىپ، يۇمران تېرىلىرىگە چىڭ چاپلىشىپ قالغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەن تۇرقىدىن يەنىلا تەڭداشسىز بىر سېھرىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. كۆپچىلىك كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. كىرپىكى ئۆسۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار بىر-بىرىگە چىڭ كىرىشىپ يەنىلا ئۆستىگە قايرىلىپ تۇراتتى. بۇرنى، لېۋى ئاۋۋالقىدەك پارقىراق ئىدى. مۇز چوكىسىدەك يالتىراپ تۇراتتى. بويى ئېگىزلەپ،

زىبا قامىتى توغانىنىڭ قوزۇقلىرىغا مەجنۇنتالدەك يۆگىشىپ قالغانىدى.

— ۋاي جېنىم قىزىم، مېنىڭ كۆز نۇرۇم، سەن ئۆلگۈچە مەن ئۆلسەم، يا بولمىسا ئاپاڭ دېگەن پاڭقاي ئۆلسە بولمامدۇ!؟ ئاھ خۇدا! مۇشۇ كۈنىمۇ بىزگە كۈن دەپ كۆرسەتتىڭمۇ، قېنى مېنىڭ جىگەر پارەم. قېنى، زادى قېنى! — راخمان قىزىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇنى سىلكىپ ئويغاتماقچى بولغاندەك بەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ، قىزىنىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ ھۆ تارتىپ يىغلاپ كەتتى. باشقىلار ئۇنى يەردىن تەستە يۆلەشتۇرۇپ مەھەللىگە ئېلىپ كەلدى.

جامائەت راخمانغا كۆپ نەسىھەت قىلىپ ئۇنى خەلچىخانىنىڭ بالىسىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە، سۆيگە ئېلىشىغا ئۇناتتى. قىز يۇيۇپ، تارىلىپ، كېپەككە ئېلىنىپ، ئاپئاق كېپەنلىككە ئورۇلۇپ ئەبەدىلىك ئارامگاھىغا قايتتى. نامىزىغا قىزنى ھايات چېغىدا كۆرگەنلا ئادەم بولسا قاتناشماي قالمىدى. خەلچىخانىنىڭ راخمانغا كۆپ يىلىنىشى ۋە قېيىن ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا نۇرغۇن قېتىم ۋەز-نەسىھەت قىلىشى بىلەن راخمان ئاخىر يۇمشاپ خەلچىخان بىلەن بىرگە قىزىنىڭ نەزىر-چىراغلىرىنى ئۇرۇشماي-تالاشماي ياخشى ئۆتكۈزۈۋالدى.

— مەن ھېچ بىلمىدىم، — دېدى خەلچىخان قىزىنىڭ يەتتە نەزىرىنى بېرىپ بولغان ئاخشىمى راخمانغا ئورۇن سېلىۋېتىپ، — خۇدا بىزدەك پېقىر-مىسكىن ئادەملەرگە نېمىشقا مۇنداق تەتۈر قارايدۇ؟! ئاشلىقىمىزغا خەق زىيان سالسا، مۇزايغۇ مەيلى، ئەمدى ئاشۇ بىر تال قىزىلگۈلدەك قىزىمىزمۇ ئېچىلماي توزۇپ كەتسە... — خەلچىخان ئۆزىنى باسالماي يەنە يىغلاپ كەتتى.

— بولدى، بولدى، — دېدى راخمان بېشىنى يوتقانغا پۈركەپ، — تولا يىغلىماڭلا بېشىمنى قوچۇپ، ئەتىگىچە يەنە نېمە بولىمىز خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

— ئەمدى ئۇنداق قىلماي سەھەر تۇرۇپ مەسچىتكە چىققىلا، ئۆشرە-زاكاتنى قىسۋالماي بېرىلى، بالا-قازا كېلىۋەرمىسۇن ئادەمگە، — پات يىغلىمايدىغان خەلچىخان قىزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن دائىملا يىغلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. نەزىردىمۇ ئۇ «ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي توزۇغان بالامەي» دەپ قىزىنى قوشاقتا قېتىپ يىغلاپ نەزىرگە كەلگەنلەرنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىپ، كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزدى. بىراق، راخمانغا ئۇنىڭ يىغىسى دائىم يالغاندەك بىلىنەتتى. خەلچىخان يىغلىسا قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالغۇدەك بولۇپ، ئىچى ئاچچىققا تولۇپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتەتتى. يالغۇز قالغانلىرىدا «رازى بولۇڭلا ئەمدى» دېگەننى قىلىپ ئۇنى يىغلىماسلىققا كۆندۈرۈپ، ئۆز ئىچىدە قىزىنى سېغىنىپ يوشۇرۇن ياش تۆكەتتى.


## 18

كۈنلەر بىر-بىرىنى قوغلىشىپ يوپۇرماقلار ھەش-پەش دېگۈچە سارغۇچ رەڭگە كىردى. كۈن پارقىراپ چىقىپ ھەممە ياقنى ئىللىق ئاپتاپقا چۆمدۈردى. راھەتبەخش كۈز شامالىرى ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان زىرائەتلەرنى لەرزان تەۋرىتەتتى. مەھەللىنىڭ ئەڭ مول باياشاد چاغلىرى يېتىپ كەلدى.

چىڭقى چۈش مەزگىلى. تۇراق ھويلىسىدىكى مەي باغلاپ پىشقان ئۈزۈمدىن بىر

ساپاق ئۇزۇپ يېگەچ تالاغا چىقتى. زېرىكىش ئۇنىڭ كاللىسىنى خىلمۇ خىل ئويلارغا دۇچار قىلىپ پۇتىنى قايدۇردى. ئۇ بۇ كەگرى زېمىندىن ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇشنى ئويلاپ ئېتىزلىقنى ئارىلاپ ماگدى. پۇرچاق بولامدۇ، كاللىماش بولامدۇ يولدا ئۇچرىغان يېگۈدەك نەرسە بولسىلا يەپ ماگدى. ئاندىن خەقلەرنىڭ كېۋەزلىكىگە كىرىۋېلىپ پىشىپ يېرىلىپ كەتكەن تاۋۇزلارنى يەرگە چېقىپ يەپ شاپاقلىرىنى تاشلاپ ئۇسسۇزلۇقنى باستى. ئۇنىڭ قۇۋۇۋەتكە تولغان ئېگىز بەستى، خېلى كېلىشكەن سىياقى مەھەللە قىزلىرىنىڭ بېشىنى ئاسان ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. ئۇ مەكتەپتىمۇ تۇزۇك ئوقۇمىدى. ھە دېسىلا قىزلارنى بوزەك قىلغاچقا مۇئەللىمى ئۇنى ئۇرۇپ قويۇپ، موللىئىمناخۇن شۇ باھانىدە ئۇنى ئوقۇشتىن چىقىرىۋېلىپ ئۆزىگە يانتاياق قىلىۋالدى.

ئۇ كېۋەزلىكتە بىردەم ئولتۇرۇپ ئۆتكەنكى شېرىن مىنۇتلارنى خىيال قىلدى. كاللىسى شەھۋەت خىياللىرىغا يەنە تولۇپ، نەپسى ئاشۇ نەرسىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ ئۇنىڭ لايىغەزەل جىسمىنى سۆرەپ ماگدى. ئۇ ئىچى پۇشۇپ كاللىسىنى قاشلاپ، قالايمىقان دەسسەپ راخماننىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا كەلدى. خەلچىخاننى ئىسىگە ئېلىپ روجەكتىن مارىلىدى. كۆزى چەكچىيىپ ئۆيىنىڭ ئىچىنى تىنتىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆيدە بەھۇزۇر ھالدا ئۇخلاپ ياتقان خەلچىخاننى كۆرۈپ ھەۋەستىن مېڭىسى سەكرەپ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. شەپە چىقارماي مېڭىپ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى پاكار تام بىلەن قورشالغان سامانلىقتا ئارتىلىپ چۈشۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە تىۋىشسىز قەدەم بىلەن كىردى ۋە خەلچىخان ئۇخلاپ ياتقان سۇپىغا ئاستا ئۆمىلەپ چىقىپ ئۇنىڭ يېنىغا يۆكۈندى.



خەلچىخان ھېچنېمىنى تۇيماي پۇشۇلداپ ياتاتتى. ئۇ بىردىنلا ئەسنەپ ئوگدىسىغا ئۆرۈلدى، كۆكسى ئۈستىگە تومپىيىپ چىقىپ قالدى. كۆڭلىكىنىڭ بىر تەرىپى ئېچىلىپ، قورسىقى چىقىپ، كالتە ئىشتىنىنىڭ رېزىنكىسى كۆرۈنۈپ قالدى. تۇراق تۆكۈرۈكىنى ئىچىگە يۇتۇپ، يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان كۈچلۈك ھەۋەستىن لاغىلداپ تىترەپ، ئۆزىنى

توختىتالماي خەلچىخانىڭ ئۈستىگە ئارتىلدى. ئىشتاننى پەسكە تارتىشقا ئۈلگۈرمەيلا خەلچىخان چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، تۇراقنى كۆرۈپ يۈزى شۇ هامان قارىداپ، چىڭقىلىپ، بىلەكلىرىگە كۈچ تولدى، بار كۈچىنى يىغىپ ئۇنى ئۈستىدىن يىقىتىپ تاشلاشقا هەرىكەتلەندى. ئىشتىنىغا چىڭ ئېسىلىپ هاسىراپ تۇرۇپ ئۇنى تىلىلدى:

— ۋۇي ئېشەك سۈتى ئەمگەن، نومۇسنى بىلمەيدىغان، كالىنىڭ قېرىنىدىن چۈشكەن ماز پايىنەك، چۈشە، ئۈستۈمدىن چۈش. ئاپاڭنىڭ ئەمچىكى ئەمەس بۇ مۈجۈقلاپ ئوينايدىغان! قاچانغىچە ئادەمنى بوزەك قىلىسەن؟!

— ئوبدان ئاچا، خەسەم ئاچا، خوش بولاي پەقەت مۇشۇ بىر قېتىم ... — تۇراق ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە پىچىرلاپ يالۋۇردى.

— چۈشە شوۋىچى، ئاچاڭنى تېپىپ ئاچا دە!

— چۈشمەيمەن، — تۇراق چىڭ تىركىشىپ تۇرىۋالدى.

— چۈش دەيمەن، هېلى راخمناخۇن كىرىپ قالىدۇ.

تۇراق راخماننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ سەل چۆچۈپ شۈكلەپ قالدى، خەلچىخان شۇ پۇرسەتتە بىرلا كۈچەپ ئۇنى ئۈستىدىن ئىرغىتىپ تاشلىدى. تۇراق ئورنىدىن قوپۇپ يەنە ئېسىلدى:

— سىز ماقۇل دېمىگۈچە بۇ يەردىن كەتمەيمەن، راخمان كېلىپ قالسا سىزگىمۇ ياخشى ئەمەس، ئاڭغىچە ئىشنى چاققان پۈتتۈرۈۋېتەيلى.

— ئەمىسە بىر شەرتىم بار.

— قانداق شەرت؟ بولدى دەڭ، هازىرلا ئورۇندايمەن.

— ئۇنداق بولسا دەي، — خەلچىخان بىر ئويلىنىۋېلىپ ئارقىدىن قوشۇپ قويدى، — ئەمما راست گەپ قىلىسەن جۇمۇ!

— ۋاي بولدى، چاتاق يوق.

— دەپ باقە، ئاتاڭ راست بىزنىڭ شاللىقتىكى ئوغۇت سۈيىنى ئېتىزلىقىغا ئېچىۋالغانمۇ؟

تۇراق نەپسى غالىب كېلىپ راستىنى ئېيتىۋەتتى:

— هەئە، ئەمدى بولغاندۇ؟!

— ياق، تېخى تۈگىمىدى، — دېدى خەلچىخان ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان غەزىپىنى يوشۇرۇپ، — بىزنىڭ بۇغداي خامىنىغا تاش تۆككەنمۇ سېنىڭ ئاتاڭمۇ؟

تۇراق بىر پەس شۈك تۇرۇپ خەلچىخانىڭ ئۆرلەپ هەم پەسلەۋاتقان كۆكسىگە، كالتە ئىشتىنىنىڭ كەڭ پۇشقاقلىرىدىن كۆرۈنۈپ قالغان يوتىلىرىغا قاراپ كاللىسىنى باشقۇرالماي قالدى، كونا خامانىنى سورۇغان بىلەن بىزنى نېمە قىلالايتتى، دەپ ئويلىدى.

— هەئە، ئۇنىمۇ بىز تۆككەن، — تۇراق شۇنداق دەپلا يولۋاستەك ئېتىلىپ بارغىنىچە خەلچىخاننى ئاستىغا ئالدى، خەلچىخان غەزەپلىنىپ ئۇنى يۇقىرىغا ئىتتىرەتتى، تۇراق پەسكە باساتتى. ئۇلار شۇ هالەتتە تىركىشىپ، پومداقلىشىپ تۇرغاندا راخمان قورسىقى ئېچىپ كېتىپ ئېتىزلىقتىن قايتىپ ئۆيگە كىرىپ قالدى، كۆز ئالدىدىكى رەسۋاچىلىقتىن دەرغەزەپكە كېلىپ قولىغا كەتمەننى ئالدى. هەۋەستىن قىزىپ خۇدىنى

يوقاتقان تۇراق راخماننىڭ ئالۋاستىدەك تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ خەلچىخاننى تاشلاپ سامانلىققا قاچتى، گويا ئۇر-ئۇرغا قالغان چاشقاندەك كىرگىلى تۆشۈك تاپالماي جان قايغۇسىدا تەمتىرەپ كەتتى. ئاخىر بار كۈچىنى يىغىپ تامدىن ئارتىلىپ ئۆزىنى سىرتقا ئاتاي دېيىشىگە راخمان پىرقىرىتىپ ئاتقان كەتمەننىڭ جۇلدىسى بىقىنىغا تېگىپ پۇتى تامنىڭ ئىچىگە سىيرىلىپ كەتتى. راخمان ئۇنى ئەسەبىيلەرچە قاتتىق ئۇرۇپ، تېپىپ، دەسسەپ يۈز-كۆزىنى كۆرگۈسىز قىلىۋەتتى. ئارقىدىن چاتىرىقىغا كەلتۈرۈپ تېپىپ ۋايجىنىنى چىقىرىۋەتتى. تۇراقنىڭ بايىلا قان تولۇپ تۇرغان ئەرلىك بەلگىسى زەربىگە ئۇچراپ ئۆمۈرلۈك مەجرۇھلۇققا گىرىپتار بولدى. راخماننىڭ غەزىپى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى، تەسەۋۋۇرىدا قىزىنىڭ پەريادلىق چىرايى ۋە مولللىئىمناخۇن بىلەن ئالتۇنخاننىڭ يىراقتىن ۋارقىراپ كېلىۋاتقان كۆرۈنۈشى ئارىلىشىپ كەتتى.

— ۋاي ئاكا، ئاكا دەي... بولدى قىلىڭ، — تۇراق شىمىنىڭ ئېغىنى قاماللاپ يىغلامسىراپ يالۋۇردى.

— قىزىمنى بوزەك قىلغىنىڭنى ئاز دەپ ئەمدى بۇ قانجۇقنى تاپتىڭمۇ!؟ سېنى مۇشۇ يەرگە ئەكەلگەن شادا پاچاق پۇتۇڭ مۇشۇغۇ-ھە؟!

— بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق .قىلماي... — تۇراق بۇ گەپنى دەپ بولغۇچە ئۇنىڭ تىزىغا كەتمەن كېلىپ تېگىپ بولدى، ئۇ جان ئاچچىقىدا ۋارقىراپ، كاردىن چىققان پۇتىنى قۇچاقلاپ تامغا ئۇسسۇپ يىغلاپ كەتتى، ئارقىدىن ئۇنى بوغۇلۇپ قەغەزدەك ئاقىرىپ ھوشىدىن كەتتى.

راخمان ئۆمرىگە كېلىپ بىرەر كىمنى بۇنداق قاتتىق ئۇرۇپ باقمىغانىدى، ئۇ تۇراقنىڭ ھوشسىز ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا سەل ئىچى ئاغرىغاندەك بولدى. بۇ خىل ھېسسىيات كۈچەيگەنسېرى خەلچىخانغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى ئەۋجىگە يەتتى: خەپ توختا ئىپلاس قانجۇق، ھورۇن چوشقا، قېچىپ قۇتۇلغىنىڭنى بىر كۆرەي! راخمان كەتمەننى كۆتۈرۈپ تالاغا قېچىپ چىقىپ كەتكەن خەلچىخاننى قوغلاپ ماڭدى. ئۇ ھېچنېمىنى كۆرمەيتتى، ھېچنېمىنى ئاڭلىمايتتى. قەلبىنىڭ چوڭقۇر تېگىدە پەقەتلا «ئۆلتۈرۈۋەت! ئۆلتۈرۈۋەت!» دېگەن بىر سادا ئاڭلىناتتى. كۆپتىن بۇيان ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئورناپ قالغان بارلىق قەبىھ نەرسىلەر بىر-بىرلەپ سۇغۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئەزەلدىن سەل كەمتۈك ئەقلىنىمۇ يوقىتىپ بېرىۋاتاتتى.

خەلچىخان قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قورقۇنچتىن تۈگۈلۈپ، تىترەپ ئولتۇراتتى. راخمان قوناقلىقنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىسمىنى بۆرە ھۇۋلىغاندەك بىرقانچە قېتىم غەزەپ بىلەن توۋلىدى. خەلچىخان چىقاي، چىقاي دەپ كۆڭلى يەنە مەلۇم بىر بالا-قازانى تۇيۇپ چىققۇسى كەلمىدى. راخمان ئارقىدىنلا قوناق شاخلىرىنى ۋەھمىلىك شالدىرلىتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقا باشلىدى. بۇ شەپە ھەممە تەرەپتىن تەڭلا ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. خەلچىخاننىڭ يۈرەكلىرى .دەھشەتلىك سىلىپ كەتتى. ئۇ مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قاچماي جىم ئولتۇرۇپ راخمان كەلگەندە ئۆزىنى ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىغا ئېتىپ كەچۈرۈم سوراپ، تۇراقتىن ئاڭلىغان ئىشەنچلىك پاكىت ئارقىلىق ئۇنى قايىل قىلىش ھەم ئۆزىنىمۇ ئاقلاش نىيىتىگە كەلدى. مۇمكىن بولسا كېيىنچە سوتقا ئەرز سۇنۇش

ۋە ئۆزىنى دوختۇرلار ئارقىلىق تەكشۈرتۈپ ھەقىقىي نەھۋالنى ئېنىقلاپ چىقىش ئىشىنىمۇ ئويلاپ قويدى. راخمان كەلسە ئۇنى دەرھال توختىتىۋالالايدىغان گەپلەرنىمۇ كۆڭلىدە پىشۇرۇپ قويدى.

راخمان قوناق شاخلىرىنى پاراسلىتىپ بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ كىردى ۋە قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان خەلچىخاننىڭ قارىسىنى كۆرۈشى بىلەنلا قاپلاندەك ئېتىلدى. خەلچىخان ئۇنىڭ بۇنچە تېز كېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى، قورقۇنچتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، ھودۇققىنىدىن كاللىسى ئىشلىمەي قالدى. ئەجەل پەيتىدىكى بىخوتلۇق ئۇنى قىسماق ئاستىغا ئالدى، دەيدىغان گېپىنى تاپالماي دۇدۇقلاپ كەتتى.

— توختاڭلا، ھە... ھە... تۇ... تۇ...

خەلچىخان بېشىنى قولى بىلەن توساپ ئېچىنىشلىق چىرقىرىۋەتتى، ئۆزىنى ئوڭشاشقا ئۈلگۈرمەيلا كاللىسىغا تەگكەن ئۇشتۇمتۇت زەربىدىن مېڭىسى چاچراپ كەتكەندەك بولۇپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇچۇقۇپ كەتكەن روھى ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچە مۇدھىش ۋە سوغۇق ئالەمگە پەرۋاز قىلدى.

راخمان كەتمەننى تاشلاپ يەردە سونايلىنىپ ياتقان خەلچىخانغا جىممىدە تىكىلىپ



قاراپ قالدى. ئۇنىڭ بېشىدىن توختىماي ئېقىپ چىقىۋاتقان قانلارنى كۆرۈپ جان-جېنى سىرقىراپ، تېقىمىدا جان قالماي يەرگە لوككىدە چۆشۈپ يۈكۈندى. ئۇنىڭ بۇرنىغا قولىنى يېقىن تۇتۇپ، تىنىقى توختىغانلىقىغا ئىشەنمەي، مەيدىسىگە قۇلىقىنى يېقىپ يۈرەك سوقۇشىنى ئاڭلىماقچى بولدى. ئەمما ئۇ كېچىككەنىدى، رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنىڭ ئۈلگەنلىكىنى راستىنلا ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئىللىق تىنىقىدىن ھارارەت، كۆكسىدىن لەززەت بەرگەن بۇ قەدىناس ۋۇجۇد شۇ تاپتا گويا تۇپىدىن ياسالغان ھەيكەلدەك سوغۇق، جانسىز ھالدا قېتىپ تۇراتتى.

قىزىل قانلار ئاللانىڭ ئادەملەرگە ئۆز رىسقىنى تېپىپ يېيىشى ئۈچۈن

ئاتا قىلغان بۇ مۇبارەك زېمىننى بۇلغىدى! خۇدانىڭ كىشىلەرگە ئادەتتە تىك باقالمايدىغان ئىتائەتمەن، ياۋاش، مۆمىن بىر بەندىسى شۇ سائەتتە ئەتراپىدىكىلەردىن يوشۇرۇن ھالدا قاتىللىق قىلدى، ئادەم ئۆلتۈردى! بۇنداق دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟ بۇنىڭغا كىممۇ ئىشىنەر-ھە!؟ بىراق، بۇ خۇدا كۆرگەن ئىش، ھەممىدىن تېنىۋالغان بىلەنمۇ خۇدادىن تېنىۋالغىلى بولمايدۇ. مەھەللە كوي، خەلقى ئالەم بۇنى بىلمەي قالمايدۇ! راخمان بۇقۇلداپ يىغلاپ يەرگە ئېگىشتى. پېشانىسى يەرگە تەگدى، ئۇنىڭغا شۇ تاپتا يەر، ئاسمان تەڭلا پىرقىراپ ئەتىلا قىيامەت بولىدىغاندەك بىلىندى.

## 19

كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىدى. راخمان موزاينىڭ ئارغامچىسىنى بېلىگە باغلاپ ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا مۇدۇرۇپ-چوقۇرۇپ قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭدى. يولدا كېتىپ بارغان بىر قانچە كىشىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە ئەرۋاھتەك كۆرۈندى. زېمىندىكى جىمى شەيئىلەر ئۇنىڭغا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، ئۆزىنى يەرگە ئەمەس، بۇلۇتقا دەسسەپ كېتىۋاتقاندەك سېزەتتى. گاھىدا بېشى قېيىپ مازارلىققا ئەمەس، باشقا ياققا كېتىپ قالاتتى. خىيالىغا تۇرۇپلا ئاپىسى ۋە باللىق چاغلىرىدىكى بەزىبىر ئىشلار كېلىپ قالاتتى، ئارقىدىن خەلچىخاننىڭ قارامتۇل چىرايى ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ كېتەتتى. ئۇ توساتتىن سىڭايان كۆزلىرى بىلەن راخمانغا ئالۋاستىدەك تىكىلدى، ئاۋازىمۇ قورقۇنچلۇق پەريادلىق چىقاتتى:

« — مېنى نېمىشقا ئۆلتۈرسەن؟

— يەيدىغان رىسقىڭ شۇنچىلىككەن. »

ئۇ كۆڭلىدە بۇ جاۋابنى ئەڭ توغرا تاپتى. ئۆزۈمنىڭمۇ يەيدىغان رىسقىم ئاز قالدى، دەپ ئويلىدى، كاللىسى شۇ ھامان يورۇپ كەتكەندەك بولدى، نىشاننى توغرا تاللاپ قەبرىستانلىققا كەلدى، قىزىنىڭ قەبرىسىنى خاتاسىز تېپىپ باردى، ئىچ-ئىچىدىن ئەڭ چوڭقۇر گەپلەر تىزىلىپ چىقتى، دۇرۇت ئوقۇغاندەك تىترەپ-تىترەپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— قىزىم، قىزىم... ماڭا قارا، ماڭا بىر قاراپ قويچۇ! مەن ئاپاڭنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم! نېمىشقا دەمسەن؟ ئۇ سېنى ئالقىنىمغا چۈشۈرگەن، ئاندىن مۇشۇ زېمىنغا بەنا قىلغان شەرمى ھايالىق نەرسىنى سېنى بوزەك ئەتكەن، نازۇك تېنىڭنى خارلىغان ئادەم سۈرەتلىك ئالۋاستىغا تۇتۇپ بەردى! چىدىيالمىدىم قىزىم، ئاپاڭدەك خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتقان گۇناھىمغا سېنىمۇ مۇشۇ يەر ئاستىغا سۆرەپ كەلدىم، سېنى دېمىگەن بولسام، سەن ئۇنى غەزەل ئوقۇپ بېرىدۇ دېمىگەن بولساڭ مەن ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ كەشىنى ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە توغرىلاپ بولاتتىم! ئۇنىڭ ئىپلاسلىقىدىن دانلىرىمىزدىن تارتىپ موزايلىرىمىزغىچە قويماي ئۆلدى، يوقالدى! ئەمدى مەن يەنە ئۇنىڭ بىلەن سەنسىز ئۆي تۇتۇپ ئادەمدەك كۈلۈپ ياشىيالامدىمەن؟! شۇڭا، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىپ، ئۆلۈكنى قوناقلىققا تاشلاپ قويۇپ ئۆزۈم بۇ يەرگە كېلىۋالدىم. قىزىم، قىزىم ئامىنەم، گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئاتاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالىدىڭمۇ؟ سەن ھازىر نەدە؟ ئەرۋاھىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ماڭا قارا قىزىم، گېپىمنى ئاڭلا، غەزەل دېگەننى مەنمۇ ئېيتالايمەن، مەن قېشىڭغا بارسام ئىككىمىز تەڭ ئېيتىمىز، ئاپاڭ دېگەن پاڭقاي كۆزنى

قىسىپ قالدۇ، ئۇنىڭ ئەرۋاھى يېنىمدا يۈرگەندەكلا قىلدۇ! ئۇ ئەمدى سېنىڭ قېشىڭغا بېرىۋالمىسۇن، ئۇنى يېقىن كەلتۈرمە! ئۇنى يېقىن كەلتۈرمە!

راخمان يەردىن توپا ئېلىپ ئەتراپقا چاچتى، ئارقىدىن قىزىنىڭ قەبرىسىدىكى تۇپراققا يۈزىنى يېقىپ بىر هازا يىغلىدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، بۆككىدە ئۆسكەن تېرەكلىككە كىرىپ، مەزمۇت ئۆسكەن تېرەكنىڭ قاپ بېلىگە چىقىپ، ئارغامچىنى پۇتاققا باغلاپ بىر سىرتماق ياسىدى.

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. تۇساتتىن قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. دەرەخلەر بوراندا ئىرغاڭلاپ تەۋرىنەتتى، گويا هازىرلا سۇنىدىغاندەك غىرىس-غىرىس قىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى. راخمان تېرەككە چىڭ يېپىشىپ هايات-مامات كۈرىشى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئېلىشىۋاتاتتى. ئۇ كېچىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى، تاڭنىڭ بىردەم ئاتماي تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدى. بوران چىقىۋەردى، ۋاقىت ئۇنىڭ يۈرەكلىرىنى جىغىلدىتىپ دەرمانىنى قويمىدى. تەسەۋۋۇرىغا يەنە كىچىك چاغلىرى، ئاتا-ئانىسى، ئارقىدىن قىزى بولۇپ بىر-بىرىدىن سۆيۈملۈك ئوبرازلار كېلىپ تىزىلدى. ئارقىدىن بىر قاباهەتلىك مەنزىرە پەيدا بولدى: خەلچىخان قوناقلىقتا ئۆلگەن يېرىدىن قوپۇپ چۈمۈلىدەك ئاستا، لېكىن قويۇنتازدەك تېز مېڭىپ مازارلىققا كەلدى ۋە پۈتۈن ئۆلۈكلەرنى ئويغىتىپ، «ئۇ قاتىل، ئۇ قاتىل» دەپ يۇپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنىڭ پۇتىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ تاڭ ئاتقاندا ئۇنى مەسچىت جامائىتىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلىماقچى بولدى. راخمان ئۆز خىيالىدىكى بۇ قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالدى، گويا شۇنداق بولىدىغاندەك دەهشەتكە چۆمدى. ئۇ هوشقىيتىپ تۇرغان بوراننىڭ هەم بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ پات-پات شار-شۇر قىلىپ شاۋقۇن كۆتۈرىدىغان تېرەك يوپۇرماقلىرىنىڭ ۋەھىملىك ساداسىنى ئاڭلاۋېرىپ قۇلاقلىرى پاڭ بولۇپ كەتكۈدەك بولدى. هەر بىر شاۋقۇندا بىر تىترەپ تېرەكتىن يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس قالدى. يىقىلىپ چۈشسىلا تېرەك تۈۋىدىكى ئەرۋاھلارنىڭ هەرىدەك ئولىشىپ ئۆزىنى دەسسەپ چەيلىشىنى، تاڭ ئاتقاندا جامائەتكە تاپشۇرۇپ بېرىشىنى يەنە خىيال قىلىپ قاتتىق ۋەھىمىگە چۆكۈپ تاڭ يورۇشتىن ئاۋۋال جەزمەن ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىدىكى هەممە قورقۇنچنى قىلغان بارلىق ئىشىم ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتىدۇ دېگەن ئىشەنچ بىلەن يەڭدى، ئۆزىنىڭ كېيىنكى هاياتىنىڭ يەنە بوغۇلۇش، سىقىلىش، تىل-ئاھانەت، لەنەت-نەپرەت ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلاپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى، روهىي دۇنياسى قاراڭغۇلۇق بىلەن تولدى. ساراڭ بولۇۋېلىپ ئازراق بولسىمۇ كۆڭلىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈش خىيالىغىمۇ كەلدى، بىراق دەل مۇشۇنداق ئويلاشنىڭ ئۆزى ئۇنى ساراڭ قىلىۋېتەلمەي، بەلكى ئۇنىڭ هاياتلىققا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۆلۈمگە بولغان تەلپۈنۈشكە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۆلۈم دەهشىتى، ئۆلۈم ۋەھىمىسى، ئارغامچىدىكى سىقىلىش، تولغىنىش ئازابى ئۇنىڭ ئۈچۈن يەرگە چۈشۈشتىكى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئازابلارغا قارىغاندا كۆپ يېنىك ئىدى.

تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. بىرقانچە كىشى يىراقتىن ئەرۋاھتەك تەۋرىنىپ كەلدى. ماتەم سىگنالى چېلىندى. ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ھالقىغا بوينىنى ئۆتكۈزۈپ ئۆزىنى مۇئەللەققە قويۇۋەتتى. ئارغامچا چىڭىپ ئۇنىڭ گېلىنى سىقتى. ئۇنىڭ ئاخىرقى

نەپسىدە كاللىسىغا كەلگىنى قىزىنىڭ ئۆزىگە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆرۈنۈشى ۋە «جەننەت» دېگەن بىر غايىۋى نەرسە بولدى.

بايا كۆرۈنگەن كىشىلەر يىراقتىكى توپ تېرەكنىڭ ئارىسىدا بىر تۈپ تېرەكنىڭ باشقىچە ئىرغاڭلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر نەرسىدىن گۇمان قىلىشىپ ھەم سەل قورقۇپ، پايپاسلاپ يېتىپ باردى. ئالدىدا يېتىپ بارغىنى مەھەللە ئىمامى ئىدى. چىرايى تۆمۈردەك قارىيىپ، كۆزلىرى پولتىيىپ قېتىپ قالغان راخماننى ئۇ دەسلەپ تونۇيالماي كېيىن تونۇدى. ئەتراپىدىكىلەرگە «ئارغامچىنى چاققان كېسىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. بىراق، ئۇنىڭ نەپەسى ئاللىقاچان توختىغانىدى.

## 20

مەھەللىنى بىر مەيدان مۇسىبەت باستى.

خەلچىخان قوناق ئورۇۋاتقان چاغدا بايقالدى. شۇ مەيداندا بارلارنىڭ بىرى قورقۇپ ھوشىدىن كەتتى. پەيچۇسودىن ئادەم چىقىپ تەكشۈردى ھەم قوناقلىقتا تاشلاپ قويۇلغان كەتمەننىڭ راخماننىڭ ئىكەنلىكىگە قاراپ، «راخمان خوتۇننى ئۆلتۈرۈپ ئارقىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپلا ئىشنى تۈگەتتى.

خەلچىخاننىڭ جەسىتى ئىسسىقتا پۇراپ، سېسىپ كەتكەن، يوتا ۋە ساغرىسىنى غالجىر ئىتلار يەپ سۆڭىكى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. مەھەللىدىكى بىرقانچە رەھىمدىل كىشىلەر ئېرىنمەستىن ئۇنى تاۋۇتقا سېلىپ، راخماننىڭ تاش گۆرلۈكىگە ئېلىپ كېلىپ ئىچىدىن يەنە بىر يەرلىك كولاپ ئاز-تولا خەتمە-قىرائەت، رەسىم-قائىدە بىلەن دەپنە قىلدى.

راخماننىڭ مىراس قالغان يەرلىرى، ۋەيرانە ئۆيىدىكى قولغا چىقمايدىغان مال-مۈلكىنى تالىشىپ راخماننىڭ ئۆيىدىكىلەر، خەلچىخاننىڭ ئۆيىدىكىلەر، مەھەللە رەھبەرلىرى ۋە بانكا كادىرلىرى ئوتتۇرىسىدا باش-ئاخىرى يوق جەڭگى-جېدەل بىرەر ئايغىچە بېسىقمىدى.

موللىئىمناخۇن بالامنىڭ دوختۇر پۇلىنى راخمان تۆلەيتتى دەپ ئۇششۇقلۇق قىلىپ ئاخىر يەنە ئاقتۇرالماي ئۆزىگە يۈك بولۇپ پالەچ ھالەتتە ۋايجانلاپ ياتقان تۇراققا ھەر قىسما گەپلەر بىلەن دوق قىلدى. تۇراق دەھشەتلىك ئاغرىق ۋە كوتۇلداشلارغا چىدىماي ئۆيدە موللىئىمناخۇن بىلەن ئالتۇنخان يوق چاغدا ئۇيۇققا تىقىپ قويۇلغان ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسىنى جىق ئىچىۋېلىپ بۇ ئالەمدىن خوشلاشتى. موللىئىمناخۇن بىلەن ئالتۇنخان قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئۆلۈپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ داد-پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاشتى. ئۇلار يىغلاش، قاقشاش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ كىچىك ئوغلى روزىنى ئەستىن چىقىرىپ قويدى.

روزى ھېلىقى ۋەقەدىن كېيىن كۈندە دېگۈدەك تاماق يېمەي يېتىۋالىدىغان، تۇرۇپلا يىغلايدىغان، ئۆستەڭگە دائىم قېچىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئامىنەم سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغاندىن كېيىن مەھەللىدىكىلەر ئۆزىنىڭ ئۇششاق باللىرىنى ئۆيدىن تالاغا چىقارماي بېقىشتى. ئەمما، روزى پۇرسەت تاپسىلا قاچاتتى. باغنىڭ سۆگۈچىدىن، دەرۋازىنىڭ تېگىدىن قىسىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى، موللىئىمناخۇن ئۇنى يېرىم يولدا يا بولمىسا ئۇ ئۆستەڭ بويىدا سۇغا قاراپ ئولتۇرغاندا بېرىپ تۇتۇۋالاتتى. ئۆيگە كەلگۈچە چۇۋۇق بىلەن ساۋايتتى.


ئۇ ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئۆزى بىلەن كارى يوق تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، قىيغىتىپ يۈگۈرۈپ يەنە ئۆستەڭ بويىغا كەلدى. ئۆستەڭگە بىردەم چالما ئېتىپ ئوينىدى. سۆگەت تاللىرىنى سۇندۇرۇپ، سۇلارنى چالغىتىپ شاۋقۇن ھاسىل قىلدى. ئېقىننىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ يۈگۈردى ۋە ئامىنەم ئالما سوزىمەن دەپ يوقاپ كەتكەن جايغا كەلدى. ئامىنەم قالدۇرغان پاتقاق ئىزىمۇ تېخى شۇ پېتى تۇراتتى.

روزى قىرغاقتا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، قولىدىكى تالنى سۇغا چىلاپ ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان سىزىقچىلارغا بىر پەس قاراپ تۇردى. تۇيۇقسىز كىچىك بىر قول سۇ يۈزىگە ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، ئارقىدىن سۇمبۇل چاچلىرى نازۇك بويۇنلىرىغا يۆگىشىپ تۇرغان بىر قىزنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ بېشىنى ئاستا-ئاستا بۇراپ روزى تەرەپكە قارىدى. ئەگىم قاشلىرى، قاپقارا كىرپىك بىلەن ئورالغان شەھلا كۆزى، ئېقىپ چۈشكەن بۇرنى، ئويماقتەك ئاغزى ئېنىق كۆرۈندى. ئۇنىڭ گۆدەكلەرگە خاس پاكلىق، گۈزەللىك تېمىپ تۇرغان رۇخسارىدىن ئانىسىنىڭ ئۇغۇز سۈتىدەك ئاق، ساپ، يۇمشاق نۇرلار تۆكۈلۈپ تۇراتتى. چىرايى سۇغا چۈشكەن ئاي شولىسىدەك نۇر چاچاتتى. قىز غۇبارسىز، غەرەزسىز ۋە ئىنتايىن جەزىبىلىك ھالەتتە روزىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. بۇ كۈلۈمسىرەشتىن روزىنىڭ يۈرىكى تېپچەكلەپ كەتتى. قىز ئۇنىڭغا خرۇستالدەك ئاق، سۈزۈك، يۇمران، بۇدرۇق قوللىرىنى چىقىرىپ سۇندى. يۈزىمۇ، كۆزلىرىمۇ ئاپئاپتەك پارلاپ، سەدەپتەك چىشلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس كۆرۈنۈپ قالدى، قىز سۆزلەۋاتاتتى: «روزاخۇن، كەل ساڭا بېلىقتەك سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىپ قوياي»، «ئامىنەم، مانا، قاراپ تۇر-ھە!» روزى قولىنى سوزۇپ، چاقماقتەك ۋال قىلىپ ئىچ-باغرىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ قۇياشتەك يوپيورۇق قىلىپ تۇرغان ئاشۇ گۈزەل سىماغا ئۆزىنى ئاتتى...

شار-شۇر قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ لايلىنىپ ئېقىۋاتقان سۇ دولقۇنلىنىپ كەتتى. روزى بايا تۇتۇپ تۇرغان تال چۈۋۇق سۇ يۈزىدە لەيلەپ قالدى.

**خاتىمە**

ئۇ جانلار زېمىننىڭ ئۈستىدە ھەم ئاستىدا، ئۆلۈكلەر، تىرىكلەر ئايرىلىشىپ كەتكەن، قۇياش، تۇپراق، ئۆسۈملۈك گىرەلىشىپ كەتكەن ئاشۇ خىلۋەت ماكاندا. قۇياش كۆيدۈرىدۇ، شامال سۆيدۈرىدۇ. ئۇلار يەنىلا شۇ يەردە، ۋاقىت ئۆتمەكتە. لاي سۇلار ئاۋۋالقىدەك ئاقماقتا...



ئەنۋەر مۇھەممەد 1974-يىل ئۆكتەبىردە ئاقسۇ ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقيار يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1991-يىل ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى مىللەتلەر تىلى ئىككىنچى فاكۇلتېتى 1991-يىللىق ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان. ئۇ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1992-يىللىق 7-سانىدا ئېلان قىلىنغان «مەڭگۈلۈك سوئال» ناملىق ئوبزورى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىر قانچە ھېكايە، شېئىر، ئىلمىي ماقالە ۋە خەۋەرلىرى «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «تىل ۋە تەرجىمە»، «شىنجاڭ تەنتەربىيىسى» قاتارلىق ژۇرناللارغا بېسىلغان. «لاي سۇ ئىچكەن جانلار» ناملىق پوۋېست ياش ئاپتور ئەنۋەر مۇھەممەدنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىقتىدارىنى روشەن نامايەن قىلىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر **كامىل تۇرسۇن**

ياسىنجان سادىق

# ئەتە يەنە پوچتالىيون كېلىدۇ

(ھېكايە)

ئەتە يەنە پوچتالىيون كېلىدۇ. كىملەرگىدۇر خۇشاللىق، كىملەرگىدۇر ئازاب، كىملەرگىدۇر خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچى خەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن كىشى ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن خەتلەرنى تولىمۇ كېچىكتۈرۈپ ئېلىپ كېلىدۇ.

ۋارىس ۋېلسىپىت پېدالىنى كۈچەپ تېپەتتى. ۋېلسىپىت ئۇنىڭ قارام كۈچىدىن غۇيۇلداپ ئۇچاتتى. ئۇ بىلىككە يەنە قارىدى. ئىشقا چۈشىدىغان ۋاقتىنى 35 مىنۇت ئېشىپ كېتىپتۇ. پوچتالىيون چوقۇم كېلىپ بولدى. ھازىر خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى قىز خەتلەرنى بۆلۈم-ئىشخانىلارغا تارقىتىپ بولدى. چوقۇم شۇنداق بولدى. ئىشخانىنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىتىكى سىرى چۈشۈپ كەتكەن كونا ئىش ئۈستىلىگە بىر پارچە ئاق رەڭلىك كونۋېرتنى تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئىشخانىدىكىلەر پەرۋاسىز ھالدا كىتىرلىتىپ خەت يېزىشماقتا. پەقەت ھەبىبەنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى خەتكە تىكىلمەكتە. ئەنە، ئۇ 35 ياشلىق ئاياللارغا خاس سېمىز بەدىنىنى ئورۇندۇقتىن چاققانلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىشخانىدىكى خىزمەتداشلىرىغا كۆز يۈگۈرتۈۋېلىپ، قاراڭغۇ بۇلۇڭدىكى ئىش ئۈستىلىگە — ئىگىسىنىڭ قەدىرلەپ ئېلىشنى، تەشنالىق بىلەن ئاۋۋال باغرىغا، كېيىن لېۋىگە بېسىشنى كۈتۈپ تۇرغان خەتكە قاراپ، كۆڭلەككە پاتماي قالغان كۆكسىنى لىغىرلاتقىنىچە يەڭگىل قەدەم تاشلىدى. مۇشۇكنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى كونۋېرتتىكى چىرايلىق يېزىلغان ئادرېسقا نەشتەردەك تىكىلدى. كونۋېرت ئىچىدىكى خەتنى ئوقۇۋاتقاندەك ئۇزاق تىكىلدى...

ۋارىس بىر خىل يوشۇرۇن تۈيغۇنىڭ تۈرتكىسىدە ۋېلسىپىتنى جىددىي تورمۇزلىدى. ۋېلسىپىتنىڭ بىر نەرسىگە جالاقىدە سوقۇلۇشى ئۇنى تولۇق ئېسىگە كەلتۈردى.

— ۋېلسىپىتنى ئاستاراق ھەيدىسىلە ئىنىم. ھېلىمۇ خۇدا ساقلىدى...

ئۇ ئالدىدىكى ئوتتۇرا ياشلىق كىشىگە ئەيىبكارلاردەك تىكىلدى. ۋېلسىپىت بىلەن ۋېلسىپىت سوقۇشقان، ھېچقانداق زىيان-زەخمەت يوق. لېكىن، ھېلىقى كىشىنىڭ كۆزلىرى ئۇنى ئەيىبلىمەكتە.

— كەچۈرسىلە ...

ئۇ پەس ئاۋازدا شۇنداق دېدى-دە، ۋېلسىپىتكە لىككىدە قوندى. ئۇنىڭ قارام كۈچىدىن ۋېلسىپىت يەنە غۇيۇلداپ ئۇچتى. ئۇنىڭ كۆزى ئىشخانىغا كىرىپلا ئىش

ئۇستىلىگە تېكىلدى. ئۇستەل ئۇستىدە تۇنۇگۈن يىغىشتۇرۇلماي قالغان ماتېرىياللار چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇ ماتېرىياللارنى بىردىنبىر ئۆرۈپ-چۆرۈپ قارىدى. لېكىن ئۇنىڭ خىيالىدىكى ئاپئاق كونۋېرت يوق ئىدى. ئۇ ھەببەنىڭ ئۇستىلىگە غەزەپ بىلەن چەكچەيدى. ھەببە مەيدىسىنى ئۇستەلنىڭ قىرىغا تىرىگىنىچە قولىدىكى خەتكە قاراپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى.

بىزەڭ خوتۇن، خەقنىڭ خېتىنى تەپ تارتماي ئوغرىلىقچە كۆرىدۇ-يۇ، يەنە تېخى كۆزىنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتىپ كەتكىنىنى. ئوغرى مۈشۈك...

ۋارىسنىڭ قانلىرى قىيان ياسىدى. كۆزىگە ئوتقاشتەك قىزىللىق تىقىلدى. ئالتە قەدەم ئارىلىقنى بىر قەدەمدىلا چامدىدى.

— بۇ خەت...

مۈشۈك كۆز بىلەن ئوت كۆز توقۇنۇشتى.

— قاراڭ ۋارىس، جاھاندا شۇنداقمۇ ئىپلاس ئادەملەر بولىدىكەن. مەندەك ھالال، پاك بىر ئايالغا قارا چاپلاپ... شۇمۇ ئەر بولدىمۇ، خىزمەتتنى دەپلا چىرايلىق خوتۇنىنى ئالتە ئايلاپ تاشلىۋەتكىنىنى ئاز دەپ يەنە تېخى خەقنىڭ يالغان-ياۋىداق گەپلىرىگە ئىشىنىپ يازغان خېتىنى. ۋاي كىمگە ئېيتاي بۇ دەردىمنى. ھېلىمۇ ئالتە ئايدىن بېرى ئىككى شۇمنى بېقىپ، كېچىلىرى يالغۇز ۋاسا ساناپ يېتىپ، ئىچ پۇشقىدا ساراڭ بولۇپ قالمىدىمغۇ...

ۋارىسنىڭ كۆزىدە يانغان ئوت سۇ قۇيۇۋەتكەندەك لاپپىدە ئۆچتى. پاراسىدە ئۆزۈلۈپ كەتكۇدەك چىڭىغان ئەسەبلىرى پىلىكتەك يۇمشىدى. ئىشخانىدىكى ئۇستەل، ئورۇندۇقلار پىرقىرايتتى...

ئەتە يەنە پوچتالىيون كېلىدۇ. كىملەرگىدۇر خۇشاللىق، كىملەرگىدۇر ئازاب، كىملەرگىدۇر خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچى خەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن كىشى ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن خەتلەرنى تولىمۇ كېچىكتۈرۈپ ئېلىپ كېلىدۇ.

زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسماندا بىر ئاق قۇ ئۇچۇپ كەلمەكتە. ئۇ بىر ئاپئاق كونۋېرتنى چىشلىۋالغان. چىمەن قىرغاقتا ئولتۇرۇپ تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان زىلال سۇغا نەزەر سېلىۋاتقان ۋارىس بىردىنلا ئاق قۇنى كۆرۈپ قالدى. گوياكى كۆكرىكىگە قۇياش كۆچكەندەك ۋۇجۇدى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بىر يالقۇن ئىچىدە قالدى. ئۇ غۇلاچلىرىنى كەڭ كېرىپ، ئاق قۇغا قاراپ يۈگۈردى. بىرنەچچە قەدەم چامداش بىلەن تەڭلا كېلىشكەن بىر ئەركەك ئاق قۇغا ئايلاندى-دە، ھېلىقى ئاق قۇغا قاراپ قانات قاقتى. زۇمرەتتەك ئاسماندا ئالقانچە بۇلۇت يوق ئىدى. ئىككى ئاق قۇ بىر-بىرىگە قاراپ شىددەت بىلەن پەر قاقاتتى. جانغا راھەت بېغىشلىغۇچى غۇر-غۇر شامال ئاق قۇلارنىڭ قاناتلىرى ئارىسىدا يېقىملىق غۇيۇلدايتتى. ئىككى ئاق قۇ ئاخىر ئۇچراشتى. قاناتلىرى بىر-بىرىگە چېپىسلاشتى. ئەركەك ئاق قۇ چىشى ئاق قۇنىڭ ئاغزىدىكى خەتنى ئالماقچى بولۇپ، تۇمشۇقىنى ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا يېقىن ئېلىپ كەلدى...

شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چاقتى. غايىبتىن پەيدا بولغان دەھشەتلىك قارا قۇيۇن چىشى ئاق قۇنى ئورىۋالدى. ئەركەك ئاق قۇنىڭ قاناتلىرى بوغۇشلانغاندەك بولۇپ ماغدۇرسىزلاندى. ئاسمان قاپقارا تۈتەك ئىچىدە قېتىپ قالغان بولۇپ، چىشى ئاق قۇ غايىب بولغانىدى.

— ئانار، ئانار...

ۋارىس مېھرىبان بىر قولىنىڭ يەڭگىل تۈرتىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ياشتىن

ئەملەنگەن كىرپىكلىرىنى ئەستە ئاجراتتى. ئانىسى ئۇنىڭغا خاتىرجەمسىزلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— قارا بېسىۋالغان ئوخشايدۇ بالام. ئەجەب ئانا، ئانا دەپ توۋلاپ كەتتىڭ.

ئانا ئوغلىنىڭ پېشانە ۋە قاڭشىرىدا پەيدا بولغان، چېكىم-چېكىم تەرلەرنى سۈرتكەچ ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇشقا باشلىدى. ۋارىس ئانىسىنىڭ ئورۇق، قوۋزاقتەك قوللىرىنى تۇتۇپ، مەڭزىگە ئاستا ياقتى-دە، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئانا ئالقانلىرى بىلەن ئۇنىڭ قويۇق ساقال باسقان يۈزىنى، قوڭغۇرەڭ بۇدرە چاچلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى-دە، بىر-كۆزلىرىدگە بىرنەچچىنى سۆپلىدى.

— خۇدا دەردىڭگە داۋا، رەنجىڭگە شىپا بېرەر بالام.

لامپۇچكا ئۆينىڭ تۆت تېمىنى ۋە ۋارىسنى ئۈزىنىڭ تالا-تالا نۇرلىرىغا كۆمۈۋەتكەنىدى. ۋارىس لامپۇچكىغا ئۇزاق تىكىلدى. لامپۇچكا ئۇنىڭغا بىردە قىزنىڭ شوخلۇق بىلەن قىسىلغان كۆزىدەك، بىردە ۋىلىقلاپ كۈلۈپ تۇرغان گۈزەل چىرايىدەك كۆرۈنەتتى. ئانارنىڭ كۆزى، ئانارنىڭ چىرايى... ھازىر سەنمۇ ئۆيۈڭنىڭ تورۇسىدىكى لامپۇچكىغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتامدىغانسەن ئانار...

— يۇرتىڭىزغا راستىنلا كېتەمسىز ۋارىس؟

قىزنىڭ قىيالماسلىق، ئىلتىجا ئارىلاش ئاۋازى تىترەيتتى. قويۇق كىرپىكلىرى ئارىسىدا گۈل بەرگىدىكى شەبنەمدەك ياش تامچىلىرى لىغىرلايتتى. ۋارىس قىزدىن كۆزىنى ئەپقاچتى.

— ھە ئە، يۆتكىلىش رەسمىيەتلىرىمنى بېجىرىپ بولدۇم.

— كەتمەڭ، ئاخىرقى قېتىم ئۆتۈنۈپ قالاي،

قىزنىڭ كىرپىكلىرىدىكى ياش تامچىلىرى ئاق يېغىندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ، ئانار، يۇرتتا ئانام تىكەندەك يالغۇز قالدى. مەن ئۇنىڭ بىر تاللا يۈرەك پارىسى.

— ئانامنى قېشىمىزغا ئەكىلىۋالايلى. ئىشىنىڭ، سىزگە ئىمانىم بىلەن قەسەم قىلىپ بېرەي. ئىككىمىز توي قىلالايدىغانىنىڭ ئىشى بولسا، ئانىڭىزنىڭ ھەرقانداق تەلىپىگە مەن رازى. كۆڭلىنى تېرىقچىلىكمۇ رەنجىتمەيمەن. ماقۇل دەڭ، قېشىمىزغا قايتۇرۇپ كېلەيلى.

— سىزگە ئىشىنىمەن ئانار، — يىگىت ھاياجاندىن گەدەنلىرىگىچە قىزاردى. ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترىدى، — بىراق تەلىپىڭىزنى ئورۇنلىيالمايمەن. مەرھۇم دادامنىڭ تېنى تۇپراققا قوشۇلۇپ كېتىپ بولالمىدى. ئانامنىڭ دادامنى، ئاتا-بوۋىلىرىنى قوينىغا ئالغان تۇپراقنى تاشلاپ يىراق يۇرتقا كېتىشكە يۈرىكى چىدىمايدىكەن. ئانامغۇ قېشىمغا قايتىپ كېلەلمىسەڭ مەيلى، پات-پات خەت يېزىپ تۇرساڭ بولدى. مەن بۇ يەردە داداڭنىڭ قەبرىسىنى يوقلىغاچ بەختىڭگە دۇئا قىلىپ تۇرىمەن بالام، دەيدۇ. بىراق، ئويلاپ بېقىڭ، مەن ئانامنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، بۇ يەردە قانداقمۇ خاتىرجەم خىزمەت قىلالايمەن. سىزنى جېنىمدىنمۇ ئەزىز كۆرىمەن ئانار. ئەگەر مەن بىلەن بىللە كېتىشنى خالىساڭىز مەن بېرىپلا سىزگە ئىش ئورنى ئۇقۇشۇپ خەت يازاي، ئۇنىڭغىچە سىز ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرۈڭ.

— ماقۇل، — دېدى قىز يىگىتنىڭ يوغان ئالقانلىرىغا يۇمران مەڭزىنى سۈركىگەن ھالدا، — چۈشىنىڭ، خۇددى سىز

ئانىڭىزغا قىيمىغانىدەك، مەنمۇ ئاتا-ئانامغا، شەھىرىمگە قىيمايدىكەنمەن. شۇڭلاشقىمۇ سىزنى مۇشۇ يەردە قېلىشقا قىستىغانىدىم. بوپتۇ، سىز خاتىرجەم بېرىپ، ماڭا ئىش ئورنى ئىزدەڭ. ۋاقتى كەلگەندە مەن سىزنىڭ قېشىڭىزغا خۇددى ئاق قۇغا ئوخشاش ئۇچۇپ بارىمەن.

لامپۇچكا ئۆينىڭ تۆت تېمىنى ۋە ۋارىسنى ئۆزىنىڭ تالا-تالا نۇرلىرىغا كۆمۈۋەتكەندى. لامپۇچكا ئۇنىڭغا بىردە ئانارنىڭ شوخلۇق بىلەن قىسىلغان كۆزىدەك، بىردە ۋىلىقلاپ كۈلۈپ تۇرغان گۈزەل چىرايىدەك كۆرۈنەتتى. ۋارىسنىڭ ھەم ئازابلىق ھەم شېرىن ئەسلىمىلىرى كاللىسىدا ئاق قۇ بىلەن خەتتىن ئىبارەت ئىككى ئوقۇمنى قالدۇرۇپ، ئاستا-ئاستا غايىب بولدى. ۋارىس ئويلايتتى. ياق، تىنماي ئىندا قىلاتتى. ئاق قۇ، خەت، ئانارنىڭ خېتى...

ئەتە يەنە پوچتالىيون كېلىدۇ. كىملەرگىدۇر خۇشاللىق، كىملەرگىدۇر ئازاب، كىملەرگىدۇر خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچى خەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن، كىشى ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن خەتلەرنى تولىمۇ كېچىكتۈرۈپ ئېلىپ كېلىدۇ.

— ۋارىس، كۆزۈڭنى ئاچ بالام.

ۋارىس مەھكەم كىرىشىپ كەتكەن كىرپىكلىرىنى تەستە ئاجراتتى. ئانىسىنىڭ يول-يول قورۇقلار باسقان مېھرىبان چىرايىغا قاراپ يىقىملىققىنا كۈلۈمسىرىدى.

— مىجەزىڭ يوقمۇ بالام؟

— ياق، ئانا...

— قارا، ساقال-بۇرۇتلىرىڭ ئۆسۈپ كېتىپتۇ، يىگىت بالا دېگەن پاكىز يۈرگۈلۈك، داداڭ رەھمەتلىك ھەپتىدە ئىككى قېتىم چاچ-ساقىلىنى ياساتاتتى. تۇر، ناشتا قىلىۋېلىپ خىزمەتكە ماڭ.

ئانا ناشتىلىق داستىخانىنى پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا راسلىغانىدى. سۇپىنىڭ لېۋىگە قويۇلغان تەشتەكتىكى گۈل ھۇپپىدە ئېچىلغان بولۇپ، سەھەرنىڭ نەمخۇش ھاۋاسىدا خۇش بۇي ھىد چېچىپ دىماقنى غىدىقلايتتى. ۋارىس قىزىلگۈلگە ئۇزاق تىكىلدى. قۇياش نۇرىدا گۈلنىڭ بەرگىدىكى شەبنەم يالتىرايتتى. ۋارىس شەبنەم تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن دېگەندەك، ئاستا بويىنىنى ئېگىپ، گۈلنى قېنىپ-قېنىپ پۇرىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئېسىگە بىر چاغلاردا ئانىسى ئېيتىپ بەرگەن قىزىلگۈل ھەققىدىكى چۆچەك كەلدى:

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇق بولغانىكەن. ئۇلار بىر-بىرىگە شۇنداق ئامراق، ساداقەتمەن ئىكەنكى، تەڭرىدىن بۆلەك ھېچقانداق كۈچ ئۇلارنى ئايرىۋېتىشكە قادىر ئەمەس ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ ئېلىگە يات ئەل باستۇرۇپ كىرىپتۇ. يىگىت يۇرتىنى قوغداش ئۈچۈن مەشۇقىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. قىز يىگىتنى جەڭگاھقا ئۇزىتىش ۋاقتىدا يىگىتكە بىر تال قىزىلگۈل يوللۇق تۇتۇپتۇ. «بۇ گۈلنى يېنىڭىزدا مەھكەم ساقلاڭ، — دەپتۇ قىز يىگىتكە جېكىلەپ، — ھەر كۈنى سەھەردە بۇ گۈلگە بىر قېتىم قاراڭ ۋە قانغۇچە پۇراڭ. بۇ گۈل سىزگە ھەرقاچان مەن يېنىڭىزدا تۇرغاندەك تۇيغۇ، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدۇ. ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ، مەن بالا-قازاغا يولۇقسام ياكى سىزگە ساداقەتسىزلىك قىلسام، گۈل بەرگىلىرى قۇرۇپ تۇزۇپ كېتىدۇ. خۇش پۇراق چاچمايدۇ...»

— چېيىڭ سوۋۇپ قالدى بالام.

ئانىسىنىڭ سۆزى ۋارىسنىڭ خىيالىنى

بۆلۇۋەتتى. ئۇ تەشتەكتىكى قىزىلگۈلگە قايتىدىن نەزەر تاشلىدى. گۈل توق قىزىل ئېچىلغان، يۇمران بەرگلىرى ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى.

ۋارىس ۋېلىسىپىت پىدالىنى كۈچەپ تېپەتتى. ۋېلىسىپىت ئۇنىڭ قارام كۈچىدىن غۇيۇلداپ ئۇچاتتى. سەھەرنىڭ غۇر-غۇر شامىلى قويۇق ساقال باسقان يۈزىنى يەڭگىل سىپايتتى. ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىپلا دېرىزىگە قويۇلغان گۈل تەشتىكىگە نەزەر تاشلىدى. تەشتەكتە بىر تال قىزىل گۈل پۈرەكلەپ ئېچىلغانىدى. ۋارىس گۈلنى قېنىپ-قېنىپ پۇرىۋالغاندىن كېيىن، تۈۋىگە سۇ قۇيدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئېيتقۇسىز بىر خىل ئۈمىد ۋە خاتىرجەملىك بىلەن لىق تولدى.

مانا يېرىم سائەت، بىر سائەتمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ۋارىس پات-پات بويۇنداپ، ئىدارە دەرۋازىسى تۈۋىدىكى خەۋەرلىشىش ئۆيىگە قاراپ قوياتتى. تېخىچە پوچتالىيون-دىن ھېچقانداق شەپە يوق. ئۇ بىر تال تاماكىنى لېۋىگە قىستۇردى-دە، ئالدىدىكى جەدىۋەللەرنى تولدۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ، ھەر قېتىم ئىشتىن باش كۆتۈرگەندە دېرىزىدىكى قىزىل گۈلگە مېھرى بىلەن نەزەر تاشلايتتى. ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان يۇمران گۈل بەرگلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئۇنىڭدىن تارىغان خۇش بۇي ھىد دىماقنى غىدىقلايتتى.

دولىسىغا سالماق بىلەن تەگكەن يۇمشاق نەرسىدىن ۋارىسنىڭ ۋۇجۇدى تاتلىققىنە جۇغۇلدىدى-دە، چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ھەببە كۆڭلىكىگە پاتماي قالغان يوغان كۆكسىنى ئۇنىڭ دولىسىغا تەگكۈزۈپ، مۇشۇك كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرغىنىچە ھىجىيىپ تۇراتتى. ۋارىس ئوڭايسىزلانغان ھەم ھودۇققان ھالدا سەل ئالدىغىراق ئىڭىشىپ دولىسىنى قاچۇردى.

— قىزىق بالىسىزدە ۋارىس، — دېدى ھەببە چاڭىلداپ سۆزلەپ، — بىر بولسا سائەت-سائەتلەپ خىيالدىن باش كۆتۈرمەي-سىز. بىر بولسا باش چۆكۈرۈپ بىر ئىشلىسىڭىز دەم ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىسىز. مەن چۈشتىن كېيىن كېلەلمەيمەن. بۆلۈمدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى چاقىردىم. بۈگۈن كەچتە ئوسمان ئاكىڭىز قايتىپ كېلىدىكەن. ئۈنۈگۈن خەۋەر-لىشىش بۆلۈمىدىكى قىز ئۇنىڭ تېلېگراممىسىنى ماڭا بېرىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. بايا تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئوسمان ئاكىڭىزنىڭ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ بىر ئولتۇرۇش قىلىپ بېرەي دەۋاتىمەن. كەچتە چوقۇم بېرىڭ.

— بۈگۈن پوچتالىيون كەلمىدىمۇ؟

ۋارىسنىڭ جۆيلىگەندەكلا سورىغان سوئالىغا ھەببە تۈزلا جاۋاب بەردى:

— كەلمىدى، بەلكىم ئەتە كېلىپ قالار، كەچتە چوقۇم بېرىڭ-ھە.

ھەببەنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ۋارىسنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزىدىكى قىزىل گۈلگە مېھرى بىلەن قارىدى. گۈل ئەتىگەنكىدىنمۇ يوغانراق ئېچىلغان بولۇپ، يۇمران بەرگلىرى ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. ۋارىس گۈل بەرگلىرىگە لەۋلىرىنى تەگكۈزۈپ تۇرۇپ پىچىرلىدى: بەلكىم، پوچتالىيون ئەتە كېلىپ قالار...

ھەئە، ئەتە يەنە پوچتالىيون كېلىدۇ. كىملەرگىدۇر خۇشاللىق، كىملەرگىدۇر ئازاب، كىملەرگىدۇر خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇ-چى خەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن، كىشى ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن خەتلەرنى تولىمۇ كېچىكتۈرۈپ ئېلىپ كېلىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە



ئەخمەتجان قۇربان

# كالتە قۇيرۇق چاشقاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى

(باللار چۆچىكى)

## 1

كىچىك دوستلار، مەن سىلەرگە
ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولۇۋاتقان
بۇ كالتە قۇيرۇق چاشقاننىڭ سەرگۈزەشتىلە-
رى بەكمۇ كۆپ. ئىشىنىمەنكى، ئۇنىڭ
سەرگۈزەشتىلىرى چوقۇم سىلەرنى قىزىقتۇ-
تۇرالايدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ قۇيرۇقىمۇ ئۇنىڭ
دوستلىرى قارا تۇمشۇق، بىگىز قۇيرۇق،
پارقىراق كۆز، ئاغمىخان باشلارنىڭكىگە
ئوخشاشلا ناھايىتى ئۇزۇن ۋە چىرايلىق
ئىكەنتۇق، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ كالتە بولۇپ
قېلىشىغىمۇ ئۇنىڭ بىر سەرگۈزەشتىسى
سەۋەب بولغانىكەن.

ئۇ، ئەسلىدە قارا تۇمشۇق قاتارلىق
دوستلىرى بىلەن بۇ چاتقاللىقتا خۇددى
ئۆزىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا ئوخشاش ناھايىتى
خاتىرجەم ياشاۋاتقانىكەن. بۇنىڭدىن بىر
يىل بۇرۇن بۇ چاتقاللىقنىڭ غەرب تەرىپىگە
بەش قەۋەتلىك بىر بىنا سېلىنىپ چاتقال-
لىقنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ۋەيران قىلىنىپتۇ.
ئەتراپىنى ئادەملەرنىڭ ۋاڭ-چۇڭى،
كەپسىز باللارنىڭ قىيا-چىياسى قاپلاپ
كەتكەنلىكتىن كالتە قۇيرۇق چاشقان ۋە
ئۇنىڭ دوستلىرى كۈندۈزى ئۇۋىسىدا
يېتىپ، قاش قارايغان چاغدىلا تالاغا
چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. يەيدىغان ئوزۇقلۇق
تېپىش ئۇلارغا تولىمۇ تەس كەپتۇ.

بىر كۈنى ئۇۋىسىدا يېتىۋېرىپ زېرى-
كىشتىن جاق تويغان ئاغمىخان باش ئىسمىلىك
چاشقان كامىردا ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭغىنىچە
سۆزلەپلا كېتىپتۇ:

— ھەي باللار، ھازىر مېنىڭ
قورسىقىم ئېچىپ تاش يېگۈدەك بولۇپ
كەتتىم. بۇ يەردە يا مۇشۇك، يا مۇشۇك-
ياپىلاق بولمىسا، مەن بوۋامدىنمۇ، مومامدىن-
مۇ ياكى دادام، ئاپامدىنمۇ ئادەملەر
چاشقان تۇتۇپ يەيدۇ دېگەننى ئاڭلاپ
باقمىغان، شۇنداق بولغاندىكىن بىز تالاغا
چىقىپ پۇخادىن چىققۇچە ئوينىمامدۇق.

ئاغمىخان باشنىڭ بۇ گېپى كالتە
قۇيرۇق، قارا تۇمشۇق، بىگىز قۇيرۇقلارنى
خېلىلا جانلاندۇرۇپتۇ. شۇڭا ئۇلار:

— شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ھەي ئاغمىخان
باش، بۇ ئەقىلنى نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق
كۆرسەتمىگەنسەن؟ — دەپ چۇرقىرىشىپ
كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يۈگۈرگىنىچە
تالاغا چىقىپ پۇخادىن چىققۇچە ئويناپتۇ،
ئوۋمۇ ئوۋلاپتۇ، راست دېگەندەك، شۇ

كۈنى ئۇلارنىڭ يېنىدىن نەچچە ئادەم ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارغا كۆز قىرىنىمۇ سەپ قويماپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار بىنانىڭ يېنىغا بىرىپ ئادەملەرنىڭ ئاياغ ئاستىلىرىدىن يۇگۇرۇپ ئۆتۈپ بىخارامان يۈرۈيدىغان بوپتۇ. بۇ خۇشاللىق كۈنلەردىن ھاياجانلانغان كالتە قۇيرۇق قاتارلىقلار ئاغمىخان باشنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختايدىغان، ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق چاشقان دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى كەچتە ئاغمىخان باش، كالتە قۇيرۇق، قارا تۇمشۇق قاتارلىقلارغا مۇنداق ماختىنىپ بىرىپتۇ:

— مېنىڭ سىلەرگە ئېيتماي كېلىۋاتقان مۇنداق بىر مەخپىيە تىلكىم بار. مېنىڭ بوۋامنىڭ دادىسى ئەسلىدە مۇشۇ ئادەملەرگە پادىشاھ بولغانىكەن، ئۇ چاغلاردا بۇ ئادەملەر يىل بويى ئىشلەپ تاپقان بۇغداي، قوناق، پۇرچاق قاتارلىق ئاشلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى بوۋامنىڭ دادىسىغا تەقدىم قىلىدىكەنتۇق، ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ جەمەتىمىز ھازىرقى بىزگە ئوخشاش تۆشۈكلەرگە مۆكۈنۈپ بىرەر تال دانغا زار بولماستىن، ئەكسىچە مايلىق توقاچقا سىرىق ماي سۇركەپ يەيدىكەنتۇق.

— مايلىق توقاچ، سىرىق ماي دىگەنلىرىڭ نىمە ئۇ، ئاڭلاپ باقمىغانلا گەپنى قىلسەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قارا تۇمشۇق ھەيران بولغان ھالدا.

— سەن قاپاقباش نىمنى بىلەتتىڭ، تۈنۈگۈن بىنانىڭ ئالدىدىكى تۆمۈر ساندۇقتىن ھەر قايسىڭغا بۆلۈپ بەرگەن نەرسە مايلىق توقاچ دىگەن شۇ، ئالدىنقى كۈنى بىگىز قۇيرۇق تېپىپ ئەكەلگەن يۇمشاق نەرسە سىرىق ماي دىگەن شۇ، ئەمدىغۇ بىلگەنسەن كالىۋا، پەيزىمنى ئۇچۇرۇپ گەپنى قاپ بېلىدىن ئۈزگىنىنى قارا ئۇنىڭ، — دەپتۇ ئاغمىخان باش غەزەپلەنگەن ھالدا.

— ھەي، ئاغمىخان باش، خاپا بولساڭمۇ سوراپ باقاي، ئۇ چاغدىكى ئادەملەر چاشقانلاردىن قورقمامدىكەنتۇق؟— سوراپتۇ كالتە قۇيرۇق يەنە.

— مەن شۇنى دەپ بىرەي دەۋاتسام نەدىكى سوئاللارنى سوراپ گېپىمنى ئۈزۈپ قويۇشتۇڭ، — دەپتۇ ئاغمىخان باش تېرىككەن ھالدا، — ئۇ چاغلارنىڭ ئادەملەرى ھازىرقىدەك يوغان ئەمەس، بەلكى بىزگە ئوخشاش كىچىككىنەتۇق، چاشقانلار بولسا، ھازىرقىدەك كىچىك بولماستىن، ئادەملەردەك يوغان ئىكەنتۇق. ئادەملەر تۆشۈكلەردە، چاشقانلار بولسا ئېگىز بىنالاردا ياشايدىكەنتۇق. بىراق چاشقانلار ئادەملەر ئەكىلىپ بەرگەن ئاشلىقنىلا يەپ، ئويۇن-تاماشاغا بېرىلىپ ئەسكىلىك قىلىۋەرگەچكە، خۇدايىم قارغاپ بىزنى ئادەملەرنىڭ ئورنىغا، ئادەملەرنى بىزنىڭ ئورنىمىزغا چىقىرىپ قويغانىكەن. مەن ئاپامدىن مۇشۇ ھەقتە مۇنداق بىر قوشاقنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدىم:

ئەسلى بىز ياشايتتۇق ئايۋان-سارايدا،
ئادەملەر ياشايتتى ئەسكى تۆشۈكتە.
سىرىق ماي توقاچنى يەيتتۇق تويغىچە،
ئاشقىنىنى بىرەتتۇق ھەتتا مۈشۈككە.
يولۋاسمۇ قورقاتتى بىزدىن ھەم ھۆركۈپ،
شىر تەزىم قىلاتتى بىزگە يۈكۈنۈپ.
ئۇ چاغدا پىلدىنمۇ چوڭتى بەستىمىز،
ئۆتەتتى كۈنىمىز يايراپ ۋە كۈلۈپ.
تەقدىرنىڭ چاقچىقى ئەجەپ ئىكەنغۇ،
قورقىمىز بۈگۈن بىز ھەتتا مۈشۈكتىن.

نەلەرگە كەتتىكىن ئايۋان-سارايلار،
بۈگۈن بىز ياشايمىز چىقماي تۆشۈكتىن.

— پاھ، پاھ، كارامەت شېئىر ئىكەن جۇمۇ بۇ، — دەپتۇ كالتە قۇيرۇق ھاياجانلانغان ھالدا، — مەن مۇشۇنداق بىر ناخشا تېكىستى تاپالماي يۈرەتتىم. ئالدىنقى كۈنى ناخشىچى كىرپىجان بىزنىڭ چاتقاللىقنىڭ يېنىدىكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپتىكەن، ئۇنىڭ بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، يەنە بەش كۈندىن كېيىن، ياق، ياق، ھە... يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن قاراسۇ بويىدىكى پاقىلارنىڭ يۇرتى ساسلىقتا مۇشۇ ئەتراپتا ياشاۋاتقان ھايۋانلارنىڭ ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىكەن، بۇ مۇسابىقىگە ئاشۇ كىرپىجان مەسئۇل بوپتۇ. ئۇ، بىزدىنمۇ بىر ناخشىچىنىڭ قاتنىشىشىنى ئېيتقان، بىراق بىزدە تۈزۈكرەك ناخشا ئېيتالايدىغانلار يوق. مەنمۇ ناخشىنى كارامەت ئېيتىۋېتىمەن، ئەمما يېڭى ناخشا يوق. ئۆزۈم يېقىندا ئىجاد قىلىپ قويغان خېلى ئوبدان مۇزىكىدىن بىرنەچچىسى بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان تېكىست تاپالمىغانىدىم. ئاغمىخان باش، يارايسەن، مەن بۇ تېكىستنى ئاھاڭغا سېلىپ ئاشۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىمەن. خەقلەر بۇ ناخشىنىڭ مەزمۇنىدىن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانداق ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى بىلىپ قالسۇن.

— توغرا، توغرا، — دەپتۇ قارا تۇمشۇق قاتارلىقلار كالتە قۇيرۇقنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — سەن ناخشىنى ھەقىقەتەن ياخشى ئېيتىسەن، شۇنداق تۇرۇپ بۇ ناخشا مۇسابىقىسىگە قاتناشمىساق قانداق بولىدۇ، قېنى ئاغمىخان باش، سەن كالتە قۇيرۇقنىڭ ناخشا تېكىستىنى يادلىۋېلىشىغا ياردەم قىلغىن.

شۇنىڭ بىلەن ئاغمىخان باش كالتە قۇيرۇققا ھېلىقى شېئىرنى ئالدىرىماي دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىشكە باشلاپتۇ. كىچىك دوستلار، ئۇلار مۇشۇ يەردە بىردەم شېئىر يادلىشىپ تۇرسۇن، ئەمدى مەن سىلەرگە كالتە قۇيرۇقنىڭ نېمە ئۈچۈن كالتە قۇيرۇق بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەي.

چاشقانلار ياشاۋاتقان بۇ چاتقاللىقتا ھېلىقى بەش قەۋەتلىك بىنا سېلىنماسىنىڭ ئالدىدا ئىنسى-جىن يوق ئىكەندۇق. پەقەت چاتقاللىقتا يېقىنلا يەردە بىر بوۋاي، مومايىنىڭ سوقما تامدىن ياسىلىپ ئۈستى سامان ۋە پاخاللار بىلەن يېپىلغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيى بار ئىكەنتۇق. كالتە قۇيرۇق بىر كۈنى ئۆزىچە قىزىقىپ ئۇلارنىڭ ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ قاپتۇ ھەمدە ئۇ يەردىكى توقاچ، قايماق ۋە كاۋا ئورۇقلىرىدىن تويغۇچە يەپ ناھايىتى يايراپ كېتىپتۇ. موماي بىلەن بوۋاي كالتە قۇيرۇق تائاملارنى



ھۆزۈرلىنىپ يەۋاتقان چاغدا ئاشخانا ئۆيگە نەچچە كىرىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇنى پەقەت كۆرمەپتۇ. كالتە قۇيرۇق بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ، كۆزىنىڭ خېلىلا ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ كالتە قۇيرۇق چاشقان بوۋاي-مومايلارنىڭ ئۆيگە بىمالال كىرىپ خالىغىنىنى يەپ، بۇزۇپ-چېچىپ كېتىدىغان بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيدە كۆرۈۋاتقان راھەت-پاراغىتىنى ئاغمىخان باش ۋە قارا تۇمشۇقلاردىن مەخپىي تۇتۇپتۇ. باشقىلار يەيدىغان بىر نەرسە يوق، ئاچ قالدۇق دەپ زارلانغان چاغلاردا ئۇمۇ يالغان زارلىنىپ قويۇپ بىخرامان ئۇخلاۋېرىپتۇ.

لېكىن كالتە قۇيرۇقنىڭ بۇ خۇشاللىق كۈنلىرى ئۇزۇنغا بارماپتۇ. ئۇنىڭ بوۋاي--مومايلارنىڭ ئاشخانىسىدا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكى كاۋا ئۇرۇقى ئىكەن. ئۇ بۇنىڭغا شۇنداق ئۆگىنىپ كېتىپتۇكى، بىرەر كۈن كاۋا ئۇرۇقى يېيەلمەي قالسا، خۇمارى تۇتۇپ تۇتقان-قويغىنىنى بىلەلمەي قالىدىكەن. كالتە قۇيرۇق كېيىنكى كۈنلەر-دە ئاشخانىدا كاۋا ئۇرۇقىنى ئۇچراتمايدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ ئىشتىيى تۇتۇلۇپ باشقا يېمەكلىكلەرنىمۇ يېگۈسى كەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. چاتقاللىقلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاپئاق كىچىك تاشلارمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى كاۋا ئۇرۇقىدەك كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتقان چاغلىرىمۇ بوپتۇ.

بىر كۈنى كالتە قۇيرۇق خۇمارى قاتتىق تۇتۇپ يەنە ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ-تۇ. ئۇ ئۇيان-بۇيان ئىزدەپ يۈرۈپ ئۇچاق-نىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇلغان بىر پارچە تاختاينىڭ ئۈستىدىكى قانداقتۇ بىر نەرسىگە ئېلىپ قويۇلغان ئىككى تال كاۋا ئۇرۇقىنى كۆرۈپ نەپسى تاقىلداپ كېتىپتۇ ۋە خۇشال بولغان ھالدا: پاھ، ھاي، كاۋا ئۇرۇقى! دەپ ۋارقىراۋېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ كاۋا ئۇرۇقىغا ئالدىرىماي يېقىن-لىشىپتۇ ۋە تاختاينىڭ ئۈستىگە چاققانلىق بىلەن چىقىپ نېمىگىدۇ ئېلىپ قويۇلغان كاۋا ئۇرۇقىنى بىر چەتتىن ئاۋايلاپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ئۇ، بەك سېغىنىپ كەتكەچكىمۇ بۇ قېتىم كاۋا ئۇرۇقى ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە تاتلىق تېتىپ كېتىپتۇ.

ئۇ بىر تال ئۇرۇقنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق يەپ تۈگىتىپتۇ-دە، ئىككىنچى ئۇرۇقنى زور ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلاپتۇ. نەپسى بارغانسېرى تاقىلداپ كېتىپ بارغان چاشقان ئۇرۇقنى قاتتىق چىشلەپ بىر سىلكىگەن ئىكەن، تاختاي سەل مىدىرلىغاندەك بوپتۇ. ئۇ بىر خەتەرنى چاقماق تېزلىكىدە ھېس قىلىپ ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشقا پاق قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ قۇيرۇ-قى زىڭىلداپ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىپ كېتىپتۇ. پاق قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىغان بوۋاي، مومايمۇ يۈگۈرگىنىچە ئاشخانا ئۆيگە كىرىپتۇ، بىراق كالتە قۇيرۇق چاققانلىق بىلەن ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ئارىسىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ تالاغا قېچىپتۇ. ئۇ شۇ يۈگۈرگىنىچە توختىماي قاراسۇ بويىغا كېلىپتۇ. ئۇ قۇيرۇ-قىنىڭ ئاچچىق ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قۇيرۇقىنى پولاڭشىتقانىكەن، قۇيرۇقى كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ سۇ بويىغا يېقىن كېلىپ سۇدىكى شولىسىدىن قۇيرۇقىنىڭ تۈپتىن ئۈچ قىسمىنىڭ يوق تۇرغانلىقىنى، ئۇ يەردىن قان تەپچەرەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھۆكرەپ يىغلىۋېتىپتۇ. كالتە قۇيرۇق سۇ بويىدا ياتقىنىچە ئويلىنىپ قاپتۇ: ئەمدى دوستلى-رىمنىڭ يېنىغا نېمە دەپمۇ بارارمەن؟

قۇيرۇقۇڭ نەگە كەتتى دېسە ئۇلارغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمەن، قۇيرۇق دېگەن بىزنىڭ بىر ھۆسنىمىز ئىدىغۇ، ئاغمىخان باش، قارا تۇمشۇقلار قۇيرۇقۇمنى ئاغزىدا ماختىغان بىلەن ئىچىدە تولىمۇ ئىچى تارلىق قىلاتتى. ئەمدى بۇ ھالىتىمنى كۆرۈپ مازاق قىلىپ كۈلىشىدىغان بولدى-دە، ئېسىت قۇيرۇقۇم، ئېسىت چىرايلىق قۇيرۇقۇم، مەندىن ئايرىلىپ نەلەردە خارلىنارسەن قۇيرۇقۇم، مېنى قوغدايمەن دەپ ئۆزىنى قۇربان قىلغان قۇيرۇقۇم، ئاتام كۆرگەن قۇيرۇقۇم، ئانام كۆرگەن قۇيرۇقۇم... — كالتە قۇيرۇق ئاشۇنداق قوشاق قېتىپ خېلى ئۇزۇنغىچە يىغلاپتۇ. ئاخىرى ئۇ شۇمشەيگەن ھالدا ئاغمىخان باش، قارا تۇمشۇق قاتارلىق دوستلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، بېشىغا كەلگەن بۇ كېلىشمەسلىكنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ھەي، ئۇ بوۋاي، مومايلارنىڭ ئۆيىگە مەن بىلەن بىللە بارغان بولساڭ، بۇ كېلىشمەسلىككمۇ ئۇچرىمايدىكەنسەنتۇق، سېنىڭ قۇيرۇقۇڭنى ئۈزىۋالغان ئۇ نەرسە تاختىمۇشۇك دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭغا ھەرگىز يېقىن يولايدىغان گەپ ئەمەستى، ھېلىمۇ ياخشى جېنىڭدىن ئايرىلىپ قالماپسەن. مېنىڭ بىر تاغام ئاشۇ تاختا مۇشۇكنىڭ قولىدا جان ئۈزگەن، — دەپتۇ ئاغمىخان باش ھەسرەتلەنگەن ھالدا.

— ئەمدى بولىدىغان ئىش بوپ بوپتۇ، ھەسرەتلەنگەننىڭ پايدىسى يوق، — دەپ سۆز باشلاپتۇ قارا تۇمشۇق، — كالتە بولسىمۇ يەنىلا قۇيرۇقۇڭ بار ئىكەن، ئىشقىلىپ بۇ بولمىغاندىن ياخشى، بۇ ساڭىمۇ، بىزگىمۇ چوڭ بىر ساۋاق بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن نەپسىمىزنىڭ كەينىگە كىرىپ، خەتەرلىك ئىشنى ھەرگىز قىلمايلى. بولۇپمۇ توپتىن ئايرىلىپ بېشىمىز قايغان، پۇتىمىز تايغان يەرلەردە ھەرگىز يۈرمەيلى.

— مەنمۇ قارا تۇمشۇقنىڭ گېپىگە قوشۇلىمەن، — دەپتۇ بىگىز قۇيرۇق كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە، — يېقىندىن بېرى سەنمۇ تۈرۈپ-تۈرۈپلا يوقاپ كېتىدىغان، قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭنى بىزدىن يوشۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدىڭ، بۇنداق قىلىشىڭنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى كالتە قۇيرۇقۇڭ ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ...

ئۇنىڭدىن كېيىن كالتە قۇيرۇق چاتقاللىقتىن ئانچە يىراققا كەتمەيدىغان، توپتىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ ئىسمىمۇ كالتە قۇيرۇق بولۇپ قاپتۇ...

كالتە قۇيرۇق بېشىغا كەلگەن بۇ مالامەتنى قوشاققا قېتىپ، بىر ئاھاڭ ئىجاد قىلىپتۇ. ئۇ «ئاھ قۇيرۇقۇم» ماۋزۇلۇق قوشاقنى دائىم ئېيتىپ ئۆزىنىڭ ھەسرىتىنى ئىپادىلەپتۇ، ئۇ ناخشىنىڭ تېكىستى مۇنداق ئىكەن:

ئاھ قۇيرۇقۇم، قۇيرۇقۇم،
نەگە كەتتىڭ قۇيرۇقۇم.
بۈگۈن سېنىڭ قەدرىڭگە،
بەكمۇ يەتتىم قۇيرۇقۇم.

ھۆسنىم ئىدىڭ سەن مېنىڭ،
قامىتىمگە ياراشقان.
سىلكىپ ماڭسام مەن سېنى،
بارچە ھەيران قاراشقان.

ئەمدى قانداق قىلارمەن،
ئەمدى قانداق چىدارمەن.
ئۆلسەم بوۋام ئالدىغا،
زادى قانداق بارارمەن...

لېكىن كۆپ ئۆتمەي كالتە قۇيرۇق ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنىڭ كالتىلىقىدىن ھەسرەت-لەنمەيدىغان، ھەتتا بۇ ئىسمىدىن پەخرلە-

نىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى يەنە كالتە قۇيرۇقنىڭ ناخشا مۇسابىقىسىگە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن باشلايلى:

ئەمدى كالتە قۇيرۇقنىڭ كۆڭلىرى پاقىلارنىڭ يۇرتى بولغان قاراسۇ بويىدىكى ساسلىقتا ئۆتكۈزۈلىدىغان ناخشا مۇسابىقىسىگە تەييارلىق قىلىش بىلەن ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئەتىگەن تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ چاتقاللىقنىڭ خالىي جايىغا كېلىپ ئاۋازىنى تەڭشەشكە باشلاپتۇ. ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قاقىرلارنىڭ «قى-قۇ!» قىلغان ئاۋازى ئۇنىڭغا «قۇيرۇقى يوققۇ» دېگەندەك ئاڭلىنىپ كېتىپ، ئۇلار مېنى مازاق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا بىر يۇلغۇنغا يۆلىنىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۆچىدە ھېلىقى قۇيرۇقنى ئۈزۈۋالغان تاختىمۇشۇك دېگەن ئەسكىنى نەچچە مىڭنى تىللاپتۇ. كالتە قۇيرۇق چاشقان بولۇشنىڭ تولىمۇ سەت ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئازابلىنىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. بىردەم مىجىلداپ يىغلىۋالغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپتۇ-دە، ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىپ بارغان قاقىرلارنى تىللاشقا باشلاپتۇ:

— تولا يوغان سۆزلەشمە، يۇرتىنىڭ تايىنى يوق، ئۇزۇن بويۇن مەخلۇقلار، سەنلەر نەدە كۈنۈڭ ياخشى ئۆتسە شۇ يەرگە چاپىسەن، يازدا بۇ يەرگە كېلىپ قى-قۇلىغىنىڭ بىلەن قىشتا سايەڭنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. سەنلەر ھەققەتەن تىرىكتاپ، ئاشۇ ھالىڭلارغا باشقىلارنى ئۇنداق-مۇنداق دەپ ئەيىبلەيدىغان نېمە ھەققىڭلار بار، ۋۇ، ئۇزۇن بويۇن كالتە قۇيرۇقلار!

شۇ چاغدا ئۇنىڭ كەينىدىكى چاتقاللىقتىن پاراققىدە قىلىپ كۆلگەن كۆلكە ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. كالتە قۇيرۇق چۆچۈپ كەينىگە قاراپ كۆلگەنلەرنىڭ ئاغمىخان باش، قاراتۇمشۇق، بىگىز قۇيرۇقلار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

— نېمىگە كۆلىسىلەر، مېنىڭ گېپىم يالغان بولۇپ قالامدىغاندۇ؟

— گېپىڭغۇ يالغان بولۇپ قالمىدى، بىراق ئۆزۈڭمۇ كالتە قۇيرۇق تۇرۇپ، باشقىلارنى كالتە قۇيرۇق دېسەڭ تولىمۇ كۆلكىلىك تۇيۇلىدىكەن.

— گەپ قىلماي بەرسەم بۇ ئۇزۇن بويۇنلار «قۇيرۇقى يوق!»، «قۇيرۇقى يوق!» دەۋېرىدۇ. مەنمۇ جان ئاچچىقىمدا قورساق كۆپۈكۈمنى چىقىرىۋالاي دېگەنىدىم.

— ھەي، ھازىر سېنىڭ باشقىلار بىلەن جېدەل-ماجىرا قىلىدىغان ۋاقتىڭ ئەمەس، ئۆگۈنلۈككە ناخشا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىسەن، مۇسابىقىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەي قالساڭ ساڭىمۇ، بىزگىمۇ سەت، بولۇپمۇ كۆرۈلىدىغان پاقىلارنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايلى. بايا كىرپىچان كەپتۇ، ناخشىنى قۇرۇقتىن-قۇرۇق ئېيتساڭلار بولمايدۇ، بىرەر سازغا تەڭكەش قىلىشىڭلار كېرەك دەيدۇ. بىزدە ھېچقانداق ساز يوق، قانداق قىلساق بولار، دەپ بېشىمىز قېتىپ قالدى، — دەپتۇ ئاغمىخان باش قانداق قىلىشنى بىلەلمىگەن ھالدا.

— ئاپلا! — دەپتۇ كالتە قۇيرۇق جىددىيلىشىپ، — بىز بۇ تەرىپىنى پەقەت ئويلىماپتۇق جۇمۇ، بىزدە ھېچقانداق چالغۇ دېگەن نەرسە يوق، بولسىمۇ ھېچقايسىمىز چالالمايدىغان تۇرساق.

— باشقىمىز چالالىساقمۇ بولمايدىكەن، كىرپىچاننىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، سازنى

ناخشچى ئۆزى چېلىشى كېرەك ئىكەن، — دەپتۇ ئاغمىخان باش تېخىمۇ جىددىيلىشىپ.

— پاھ-ھاي! بەك ياخشى بولدى، بەك ياخشى بولدى، مەن دۇتار چاللايمەن، چالغاندىمۇ كارامەت چېلىۋېتىمەن، — دەپ سەكرەپ كېتىپتۇ كالتە قۇيرۇق خۇشال بولغان ھالدا.

— ھەي سەن دۇتار دېگەننى كۆرۈپمۇ باقمىغان تۇرساڭ، ئۇنى چېلىشنى قانداق بىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پارقىراق كۆز كۆزلىرىنى تېخىمۇ پارقىرىتىپ تۇرۇپ.

— كىم مېنى دۇتارنى كۆرمىگەن دەيدۇ؟ ئالدىرىماي تۇرماسەن، مەن دۇتار چېلىشنى قانداق ئۆگەنگەنلىكىمنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي، مەن ئۇنى قۇيرۇقۇمنى كالتە قىلىپ قويغان ھېلىقى تاختىمۇشۇك بار ئۆيىنىڭ ئىگىسى بوۋايدىن ئۆگەنگەن، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە شۇنداق چىرايلىق بىر دۇتار بولۇپ، دۇتارنىڭ دەستىسىدە ناھايىتى چىرايلىق گۈللەرمۇ بار ئىدى. بوۋاي بىلەن موماي بىكار قالغان چاغلىرىدا بوۋاي دۇتار چالاتتى، موماي ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى ئۈچ-تۆت كۈندە بىر بولۇپ تۇراتتى. مەنمۇ ئاستاغىنا ئۆيگە كىرىپ قورسىقىمنى تازا تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا موكۇنۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرەتتىم. مەن ئۇ سازنىڭ دۇتار دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئاشۇ بوۋاي، مومايلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان. بىر كۈنى ئۆيدە بوۋاي-مومايلار يوق چاغدا دۇتارنى بىر چېلىپ باقاي دەپ ئېسىپ قويغان يېرىدىن مىڭ تەستە ئېلىپ چېلىپ ئۆگەنگەنتىم.

— سەن دۇتارنى ھەرقانچە ياخشى چالغان تەقدىردىمۇ دۇتارنى نەدىن تاپىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ بىگىز قۇيرۇق.

— راست دۇتارنى نەدىن تاپىمىز؟ — دەپ چۇرقىرىشىپتۇ ئاغمىخان باش، پارقىراق كۆز، قارا تۇمشۇقلارمۇ بىردەك.

— ھەي بالىلار، مەن ھېلىقى بوۋاي-مومايىنىڭ مۇشۇ بىنانىڭ 2-قەۋىتىگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ قالدىم، بۈگۈن كەچتە بىگىز قۇيرۇق ئىككىمىز ئاشۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇلارنىڭ دۇتىرىنى ئوغرىلاپ چىقساق قانداق؟ دۇتارنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئاپىرىپ ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويساق بولىدۇ ئەمەسمۇ، — دەپتۇ كالتە قۇيرۇق چاقماق تېزلىكىدە سۆزلەپ.

— ھەي، مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلمىساقمۇ بولاتتى، بىراق بۇ قېتىم شۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامال قالمىدى، بىگىز قۇيرۇق بىلەن كالتە قۇيرۇقنىڭ بۇنداق ئىشلارغا خېلى ئېپى بار، قېنى بىر قىلىپ كۆرەيلى، بىراق ناھايىتى ئېھتىيات قىلىڭلار، — دەپتۇ ئاغمىخان باش ئويلىنىپ تۇرۇپ.

شۇ كۈنى كەچتە بىنادىكى چىراغلارنىڭ ھەممىسى ئۆچۈپ خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كالتە قۇيرۇق بىلەن بىگىز قۇيرۇق بىناغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇلار بىنانىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن بىر پەس تىڭشاپتۇ، بىنادىن ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىغاندىن كېيىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بىنانىڭ ئىچىگە كىرىپ پەلەمپەي بىلەن 2-قەۋەتكە چىقىپتۇ. ئۇلار بوۋاي-مومايلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ھەرقانچە كۈچەپ ئىتتىرىپمۇ ئاچالماپتۇ، شۇ چاغدا ئۇلار ئىشىكنىڭ قۇلۇپلاقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

— ھەي، ئىشىك قۇلۇپلاقلىق ئىكەن، — دەپتۇ بىگىز قۇيرۇق پىچىرلاپ تۇرۇپ، — سەن مۇشۇ يەردە مىدىرلىماي تۇرغىن، مەن چىقىپ

قۇلۇپنى ئاچاي، — بىگىز قۇيرۇق گېپىنى تۈگىتىپلا ئىشىككە يامىشىپ قۇلۇپ بار يەرگە چىقىپتۇ-دە، بىگىزدەك قۇيرۇقىنى تۈزلەپ قۇلۇپنىڭ يوچۇقىغا پەم بىلەن كۆچەپ تىقىپتۇ، شۇئان «تىرىق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قۇلۇپ ئېچىلىپتۇ. بىگىز قۇيرۇق ناھايىتى چاققانلىق بىلەن يەرگە چۈشۈپ كالتە قۇيرۇق بىلەن بىللە ئىشىكنى ئاۋاز چىقارماي ئېچىپ ئۆيگە كىرىپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي تاشقىرىقى ئۆيدە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئۇلار ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە تەپسىلىي قاراپ بۇ ئۆيدە دۇتارنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپتۇ-دە، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۇلار دۇتارنىڭ گىلەم ئېسىلغان تامغا ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كالتە قۇيرۇق ناھايىتى چاققانلىق بىلەن گىلەمگە يامىشىپ چىقىپ، دۇتار ئېسىپ قويۇلغان يىپنى چىشى بىلەن قىرقىۋېتىپتۇ. گىلەمگە سىيرىلىپ چۈشكەن دۇتارنى بىگىز قۇيرۇق ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇۋاپتۇ. ئۇلار دۇتارنى كۆتۈرۈپ بىنادىن ناھايىتى تېزلىكتە چىقىپ كېتىپتۇ...

ئۇلارنىڭ بىرەر خىيىم-خەتەرگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇخلىماي قاراپ تۇرۇشقان ئاغمخان باش قاتارلىقلار كالتە قۇيرۇقلارنىڭ دۇتارنى ئېلىپ ساق-سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ.

— بۇ دۇتار ئەجەيمۇ چوڭكەن، كالتە قۇيرۇق بۇنى قانداقمۇ چالالىسۇن، — دەپتۇ ئاغمخان باش ئۇھ تارتقان ھالدا.

دۇتارنى ساق-سالامەت ئېلىپ چىقىۋالغانلىقىدىن خۇش بولغان كالتە قۇيرۇق بىلەن بىگىز قۇيرۇقمۇ روھى چۈشۈپ، لاسىدە بوشىشىپ كېتىپتۇ. ئارىلىقنى خېلى ئۇزۇنغىچە جىملىق بېسىپتۇ.

بولۇپمۇ كالتە قۇيرۇق بۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىمەن دەپ ھەممە دوستلىرىنى بىسەرەمجان قىلىۋەتكەنلىكىدىن خىجىل بولۇپ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قاپتۇ.

شۇ چاغدا پارقىراق كۆز كۆزلىرىنى ۋال-ۋۇل قىلىپ خۇددى مۇھىم بىر ئىشنى جاكارلايدىغاندەك سۈرلۈك ئاۋاز بىلەن سۆز باشلاپتۇ:

— ھەي باللار، بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتنىشىش يالغۇز كالتە قۇيرۇقنىڭلا ئىشى بولماستىن ھەممىمىزنىڭ ئىشى، شۇڭا بىز ھەممىمىز ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. دۇتار ھەقىقەتەن بەك چوڭ ئىكەن. بىراق، بۇ دۇتارنى خالىغىنىمىزچە كىچىكلىتىپ چوڭلىتىشنىڭ بىر ئامالى بار. بىراق بۇ ناھايىتى خەتەرلىك بىر ئىش. بۇنىڭ ئۈچۈن بەلكىم جېنىمىزنى سەپ بېرىشكىمۇ توغرا كېلەر، مەنغۇ جەمەتىمىزنىڭ شان-شەرىپى، دوستۇمنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن جېنىمنى تىكىپ قويۇشقا تەييار.

— ھەي پارقىراق كۆز ئاۋۋال ئامالىڭنى بىر دېگىنە تولا سۆز ئوينىتماي، — دەپتۇ قالغانلار پارقىراق كۆزنىڭ زادى نېمە ئامال تاپقانلىقىنى بىلىشكە ئالدىراپ.


— ئالدىرىماڭلار باللار، مەن سىلەرگە تەپسىلىيرەك دەپ بېرەي، بىر كۈنى بۇ چاتقاللىقتىن زېرىكىپ، ئاشۇ كۈن پېتىشتا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان توپا تاغقا بىر بېرىپ باقايمۇ، دېگەن نىيەتكە كېلىپ قالدىم-دە، ھەرقايسىڭلارغىمۇ دېمەي، غىپپىدە تىكىۋەتتىم. تاغقا بىر دەملا يامىشىپ چىقىپ بولدۇم، ئۇنىڭ ئۈستىدىغۇ بىز قىزىققۇدەك ھېچ نەرسە يوق ئىكەن. بىراق توپا تاغنىڭ ئۇ تەرىپى خۇددى بىر جەننەتكە ئوخشايدىغان بوستانلىق ئىكەن. تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپمۇ شاختىكى ئالما، ئانار، نەشپۈت،

ئامۇتلارنى كۆرگىلى بولىدىكەن. تاغقا
چىققۇچە قورسىقىم ئېچىپ كەتكەچكە ئۇ
مېۋىلەرنى كۆرۈپ ئاغزىمغا سېرىق سۇ
يىغىلىپ، نەپسىم تاقىلداپ كەتتى. شۇڭا
تاغدىن سېيىرىلىپ چۈشۈپ بىر ئالما
دەرىخىگە يامىشىپ چىقىپ ئالمىلارنى ئۈزۈپ
خۇدۇمنى يوقىتىپ يېگىلى تۇردۇم. كۆپ
ئۆتمەي قورسىقىمۇ، كۆزۈممۇ تويدى. بىراق
بۇ يەردىن ھېچ قايتقۇم كەلمىدىغاندەك
ئەمەس، قارىسام كۈنمۇ خېلىلا يورۇق
تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ يەرنى تەپسىلىيرەك بىر
ئايلىنىپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم-دە،
يەرگە چۈشۈپ ئايلىنىشقا باشلىدىم. شۇ
چاغدا قەيەردىندۇر بىر نەرسىنىڭ
شەپىسى ئاڭلانغاندەك بولدى. مەن شامال
چىقىۋاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ
ئالدىمغا كېتىۋېرىپتىمەن. بىر چاغدا دۆڭلەك
بولۇپ ئولتۇرۇشقان بىرمۇنچە قورقۇنچلۇق
مەخلۇقلارنى كۆردۈم-دە، دەرھال ئۆزۈمنى
دالدىغا ئېلىپ ئۇلارغا سەپسالدىم. ئۇلار
بىزدىن نەچچە مىڭ ھەسسە يوغانكەن،
پۈتۈن بەدىنىنى قاپقارا تۈك بېسىپ كېتىپتۇ.
كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىكەن.
ئاۋازى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك چىقىدىكەن،
مەن ئۇلارنىڭ گېپىدىن ئىسمىنى كۆپ
ئاڭلىغان بولساقمۇ، ئەمما كۆرۈپ باقمىغان
دىۋە دېگەن مەخلۇقلارنىڭ دەل ئاشۇلار
ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇلار ئوتتۇرىدا
ئولتۇرغان قالغانلىرىدىنمۇ يوغانراق بىر
سەت دىۋىنى خۇشامەت قىلغان ھالدا
ماختاشقا باشلىدى:
« بىزنىڭ تاغ تېشەر ئاتىمىز بۈگۈن
ھەقىقەتەن نوچىلىق قىلدى جۇمۇ، ھېلىقى
ھەيۋىسى بار، ئەقلىي يوق شىر دېگەن
مەخلۇقلارنى خاسىيەتلىك گۆھەرنىڭ
كاراماتى بىلەن كىچىكلىتىپ چاشقاندەك
ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپ بىر-بىرلەپ
بويىنىنى ئۈزۈۋەتتى. مەن ئۇ شىر دېگەن
مەخلۇقلارنىڭ كىچىكلەپ قالغاندىن كېيىنكى
بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ، كۈلۈپ ئۈچىيىم
ئۈزۈلۈپ قالغىلى تاسلا قالدى.»
شۇ چاغدا تاغ تېشەر دەپ ئاتالغان
ھېلىقى دىۋە ئاغزىدىن ھېلىقى گۆھەرنى
ئېلىپ ئەتراپتىكىلەرگە مەغرۇرانە ھالدا
كۆرسىتىپ قويۇپ:
« ھەممىڭلارنى چۈمۈلىچىلىك قىلىپ
قويۇپ يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ
قويايمۇ؟» دېگەنىدى، ھەممىسى، « ياق،
ياق، تاغ تېشەر ئاتا، ھەرگىز ئۇنداق
قىلماڭ،» دېيىشىپ يالۋۇرۇپ كەتتى.
بىراق تاغ تېشەر خۇددى ئۆزىنىڭ كارا-
مىتىنى يەنە بىر كۆرسىتىپ قويماقچى
بولغاندەك ھېلىقى دىۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى
چۈمۈلىچىلىك ھالەتكە كەلتۈرۈپ ھايال
ئۆتمەي يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويدى،
مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.
تاغ تېشەر ھېلىقى دىۋىلەر ئەسلىگە
كەلگەندىن كېيىن خۇددى ھاۋا گۈلدۈر-
لىگەندەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ ھېلىقى
گۆھەرنى ئاغزىغا سالدى-دە:
« بۇنى مەن كېچىسىمۇ ئاغزىمغا
سېلىپ ئۇخلايمەن، ئەگەر بۇنى مەندىن
باشقىلار ئىشلەتسە پەقەت بىر قېتىملا
ئىشلىتەلەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كارامىتى-
نى يوقىتىدۇ» دەپ قويدى. شۇنىڭدىن
كېيىن ئۇلار ھېلىقى توپا تاغنىڭ يان
تەرىپىدىكى يوغان بىر غارغا كىرىپ
كەتتى... — ھەي باللار مەن گەپنى
بەك سوزۇۋەتتىم. دېمەكچى بولغىنىم
ھازىر يېرىم كېچىدىن ئېشىپ كەتتى.
شۇڭا ھەممىمىز بىرلىكتە ئاشۇ توپا تاغقا
بېرىپ ئۇخلاپ قالغان تاغ تېشەرنىڭ

ئاغزىدىكى گۆھەرنى ئېلىپ كېلىپ بۇ دۇتارنى كالتە قۇيرۇققا ماس كەلگۈدەك ھالەتتە ئۆزگەرتمەمدۇق.

— بۇمۇ ناھايىتى ياخشى مەسلىھەت بولدى، ھەممىمىز ئەقلىمىزنى ئىشلىتەيلى باللار، ئەمسە يولغا چىقايلى، — دەپتۇ ئاغمىخان باش قەتئىيلىك بىلەن. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن توپا تاغقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئاغمىخان باش، كالتە قۇيرۇق قاتارلىقلار پارقىراق كۆزنىڭ باشلامچىلىقىدا خېلى ئۇزۇن يول يۈرگەندىن كېيىن توپا تاغقا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار توپا تاغنىڭ يېنىدا بىردەم ئارام ئېلىپ، مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن توپا تاغقا يامىشىشقا باشلاپتۇ. بۇ دەل جاھاننى تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان چاغ بولۇپ، ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇلار پارقىراق كۆزنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئاخىرى دىۋىلەر غارىنى تېپىپتۇ. باشتا پارقىراق كۆز باشقىلارنى غار ئالدىدا قالدۇرۇپ ئۆزى غار ئىچىگە كىرىپ ئەھۋالنى كۆزىتىپتۇ. غارنىڭ ئىككى تەرىپىگە گۈلخان يېقىپ قويۇلغان بولۇپ، ئىككى گۈلخاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېلىقى دىۋىلەر تاغ تېشەرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، گۈلدۈرلەپ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقانىكەن. تاغ تېشەر بىر قولىنى خۇددى گۆھىرىنى بىرى ئېلىپ قاچمىسۇن دېگەندەك ئاغزىغا قويۇۋالغانىكەن. پارقىراق كۆز ئېھتىيات بىلەن دىۋىلەردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ تاغ تېشەرنىڭ قولىنى ھەرقانچە تارتىپمۇ مىدىرلىتالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئاستا كەينىگە يېنىپ غار ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان دوستلىرىغا ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كالتە قۇيرۇق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى غار ئىچىگە كىرىپ چېۋەرلىك بىلەن تاغ تېشەرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇنىڭ قولىنى بىرلىكتە تۆۋەنگە تارتىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار خېلى ھەپىلىشىپ تاغ تېشەرنىڭ قولىنى ئاغزىدىن چۈشۈرۈپتۇ. بىراق تاغ تېشەر ھايال ئۆتمەيلا يەنە قولىنى ئاغزىغا ئاپىرىۋاپتۇ. ئۇلار يەنە كۈچەپ تاغ تېشەرنىڭ قولىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇپتۇ. ئۇلار مىڭ تەستە قولىنى ئېغىزدىن ئېلىشىغا تاغ تېشەر يەنە قولىنى



ئاغزىغا ئاپىرىۋالدىكەن. بۇ ئەھۋال ئەچچە قېتىم تەكرارلىنىپتۇ. قاراڭغۇلۇق تارقاپ تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلاپتۇ. ئۇلار ئاخىرى تاغ تېشەرنىڭ قولنى ئېغىزىدىن يۇتكەپتۇ. ئاغمىخان باش، پارقىراق كۆز، كالتە قۇيرۇقلار ئۇنىڭ قولنى چىڭ بېسىپ تۇرۇپتۇ. قارا تۇمشۇق تاغ تېشەرنىڭ يۈزىنىڭ ئۈستىگە پەم بىلەن چىقىپ ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىگە قۇيرۇقنى تىقىپتۇ. بۇرنى قىچىشقان تاغ تېشەر بىرلا چۈشكۈرۈپتىكەن، ئاغزىدىكى گۆھەر ئېتىلىپ چىقىپ يەرگە چۈشۈپتۇ. ئاغمىخان باش ئۇنى ئىتتىكلىك بىلەن ئېلىپ ھەممەيلەننى قېچىشقا بۇيرۇپتۇ. شۇ چاغدا تاغ تېشەرنىڭ چۈشكۈرۈكىدىن ئويغىنىپ كەتكەن دىۋىلەر ئالا-تۇپىلاڭ كۆتۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ. تاغ تېشەرمۇ ئاغزىدىكى گۆھەرنىڭ يوقلۇقىنى سېزىپ، قاتتىق ھۆركىرگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. دىۋىلەر ئەس-ھوشىنى يىغىپ بولغىچە كالتە قۇيرۇق قاتارلىقلار يامىشىپ تويپا تاغنىڭ قاپ بېلىگە چىقىپ بوپتۇ. خاسىيەتلىك گۆھەرنىڭ كالتە قۇيرۇقلار تەرىپىدىن ئېلىپ قېچىلغانلىقىنى سەزگەن دىۋىلەر ھۆركىرگىنىچە ئۇلارنى قوغلاپ كەپتۇ، شۇ چاغدا ئاغمىخان باش:

— سىلەر يەنە بىزنى قوغلايدىغان بولساڭلار بىز بۇ گۆھەرنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن سىلەرنى قۇرت-قوڭغۇزغا ئايلاندۇرۇۋېتىمىز! — دەپتىكەن، دىۋىلەر قورقۇپ ۋارقىرىغىنىچە غار ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ئۇلار ماكانىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بەك ھېرىپ كەتكەن بولغاچقا ھەممىسى تەڭلا ئۇخلاپ كېتىپتۇ. بىراق ئاغمىخان باش خاسىيەتلىك گۆھەرنىڭ كۈچى بىلەن دۇتارنى كالتە قۇيرۇققا ماس كېلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن سېھرىي كۈچى تۈگىگەن گۆھەرنى يېنىغا قويۇپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ. بىر كەمدە ئاغمىخان باش قانداقتۇر بىر ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا قارا تۇمشۇق ھېلىقى گۆھەرنى قولىغا ئېلىۋالغان بولۇپ ئۇ:

— گۆھەرنى ئېلىشتا مېنىڭ تۆھپەم ئەڭ زور، ئەگەر مەن تاغ تېشەرنىڭ بۇرنىغا قۇيرۇقۇمنى تىقمىغان بولسام سىلەر بۇ گۆھەرنى ھەرگىز ئالالمايتتىڭلار، شۇڭا بۇ گۆھەرنى ئۆزۈمنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىشلىتىمەن، — دەپ غەۋغا قىلىۋاتقانىكەن. باشقىلار بولسا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىۋاتقانكەن. ئاغمىخان باش گۆھەرنىڭ سېھرىي كۈچىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلگەچكە قارا تۇمشۇققا، - ئەمىسە گۆھەرنى بىزگە كۆرسەتكىن، - دېگەنىكەن. قارا تۇمشۇق قولىدا چىڭ سىقىمداپ تۇتۇۋالغان گۆھەرنى كۆرسىتىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ قولىدىكى گۆھەر بولماستىن بىر قارا تاش بولۇپ چىقىپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان قاراتۇمشۇق نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئالاق-جالاق بولۇپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئاغمىخان باش ھېلىقى كىچىكلىتىلگەن دۇتارنى ئېلىپ چىقىپ كالتە قۇيرۇقنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. پارقىراق كۆز قاتارلىقلار خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ. قاراتۇمشۇق ئۆزىنىڭ شەخسىيەتچىلىكىدىن خىجىل بولۇپ، ھۆگرەپ يىغلىۋېتىپتۇ.

## 2

قاراسۇ بويىدىكى پاقىلار يۇرتى بۇگۈن ئاجايىپ جانلىنىپ كەتكەنىدى. گەرچە بۇ يەر ساسلىق دەپ ئاتىلىپ قالغان بولسىمۇ، ساسلىق قىياپىتى ئاللىبۇرۇن

يوقلىپ مەھەللە بولۇپ ئۆزگىرىپ بولغانىد-
كەن، قاتار-قاتار سېلىنغان چاققانغىنە
ئىمارەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رەتلىك يوللار-
دا رەڭگارەڭ ياسانغان پاقىلار خۇشال
ۋە تېتىك ھالدا مېڭىپ يۈرەتتى. بىنالارنى-
ڭ ئۈستى ۋە ئېگىز مومىلارغا ئېسىپ
قويۇلغان پاقا يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگى ۋە
شەكلىدىكى بايراقلار يەلپۈنۈپ تۇرىدىكەن.
بۈگۈن پاقىلارنىڭ بۇ يۇرتىدا ئەھمىيەتلىك
ۋە خاسىيەتلىك بىر ئىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى
بىرلا قاراپ-بىلىۋالغىلى بولاتتى.

تېخى تاڭ ئاتماستىنلا يولغا چىققان
كالتە قۇيرۇق، ئاغمىخان باش قاتارلىقلار
پاقىلار يۇرتىغا سەھەردىلا يېتىپ كەپتۇ.
ئۇلار پاقىلار يۇرتىدىكى يېڭى مەنزىرىلەرنى
كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ.

— پاھ-ھاي، بۇ بىر شەھەر ئىكەن-
غۇ، — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ ئۆزىنى باسالماي
قالغان پارقىراق كۆز.

— راستلا بىر شەھەرگە ئايلىنىپ
كېتىپتۇ، بىز كوركىرىغاق پاقىلار دەپ
ياراتمىغىنىمىز بىلەن قاراڭلار بۇ كوركىرىغاقلار-
نىڭ قىلىۋەتكەن ئىشىنى، — دەپتۇ ئاغمىخان
باش نېمىگىدۇر ئۆكۈنگەن ھالدا.

— مەن تېخى بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنى
نېمە دەپ پاقىلار يۇرتىدا ئۆتكۈزىمىز دەپ
قالدىكىن دەپتىكەنمەن، ئەسلى ئىش
مۇنداق ئىكەن-دە، — دەپتۇ كالتە
قۇيرۇقمۇ پاقىلارغا قايىل بولغان ھالدا.

كالتە قۇيرۇق، ئاغمىخان باش قاتارلىق-
لار ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان
ساراي دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كىرىش
رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەشكە مەسئۇل بولغان
قىزىل قولتۇقلۇق پاقا بىلەن كۆرۈشۈپ
رەسمىيەتلەرنى ئۆتەنگەندىن كېيىن ساراي
ئىچىگە كىرىپتۇ. ساراي خېلىلا ھەيۋەتلىك
بولۇپ، سەھنە ۋە تاماشىبىنلار ئولتۇرىدى-
غان جايلار چىرايلىق بېزەلگەنىدى. يوپۇرماق
لامپۇچكىلار كۆزنى چاقنىتىدىكەن. پاقا
يوپۇرمىقى رەڭگىدىكى پەردىلەر بىلەن
بېزەلگەن سەھنىنىڭ ئارقا تېمىغا پوسۇنى
خېلىلا ئۆزگىچە بولغان بىر شىلەپىنى قىرلاپ
كىيىپ، مىكرافون تۇتقىنىچە ناخشا ئېيتىۋاتقان
قامەتلىك بىر پاقىنىڭ يىرىك چۈشكەن
رەسىمى دۈگلەك رامكىغا ئېلىپ ئېسىپ
قويۇلغانىكەن. سەھنىنىڭ ئوڭ-سول
تەرەپلىرىگە تۆتتىن-تۆتتىن بولۇپ سەككىز
باھالىغۇچى ئولتۇرىدىغان كىچىك-كىچىك
ئورۇندۇقلار قويۇلغانىكەن.

باشقىلار خېلى بۇرۇنلا كېلىپ بولغانىد-
كەن. ئاغمىخان باش بىلەن كالتە قۇيرۇق
سەھنىگە چىقىپ، سەھنىنىڭ يان تەرەد-
پىدىكى يېغىن زالىدا ناخشا مۇسابىقىسىنىڭ
ئاخىرقى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەۋات-
قان مۇسابىقە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەر
بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. بۇ ناخشا مۇسابىقىسىگە
ئاساسلىق مەسئۇل بولغان كىرپىجان
ئاغمىخان باش بىلەن كالتە قۇيرۇقنى
كۆرۈپ كايىپلا كېتىپتۇ:

— سىلەرنىڭ نېمە قىلغىنىڭلار؟
مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ئادىمىڭلارنى
بۇرۇنراق ئەۋەتىپ بېرىشىڭلار كېرەك ئىدى.
بولۇڭلار، بولۇڭلار، بورسۇق ئەپەندىگە
ناخشىچىڭلارنى تېزىملىتىڭلار، ئۇنىڭدىن
كېيىن، ئاغمىجان خېنىم باشچىلىقىدىكى
باھالىغۇچىلار ناخشىچىڭلارنىڭ سالاھىيىتىنى
تەكشۈرىدۇ.

ئۇلار ئالدى بىلەن بورسۇق ئەپەندى-
نىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىپتۇ.

— چاتقاللىقتىكى چاشقانلارنىڭ ۋەكىلى
سىلەر ئوخشىمامسىلەر؟ — دەپتۇ بورسۇق
ئۇلارنى مەنسىتمىگەن ھالدا، — ھەرقانداق

ئىش بولسا كېچىكىپلا يۇرىدىكەنسىلەر، پاقىلار جېنىدا مانا مۇشۇنداق ئايۋان-- سارايلارنى سېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان يەردە سىلەر تېخى ئاشۇ ئۆتمە تۆشۈك گەمە ئۆيلىرىڭلاردا ياشاۋېرىپسىلەر، نېمە دېگەن ھورۇنلۇق، نېمدېگەن...

— بورسۇق ئەپەندى، بىز سىزنىڭ ئەيىپلىشىڭىزنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ناخشا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلدۇق، — دەپتۇ ئاغمىخان باش سەل خاپا بولغان ھالدا.

— شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ بورسۇق ئۆزىنىڭ ئەزۋەيلەپ قويغانلىقىدىن سەل خىجىل بولغان ھالدا، — ھە، مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغىنىڭلار قايسىڭلار؟

— مەن! — دەپتۇ كالتە قۇيرۇق ئاغمىخان باشنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ.

— ئىسىم-شەرىپىڭ نېمە؟

— كالتە قۇيرۇق چاشقان.

— كالتە قۇيرۇق؟! راست قۇيرۇقۇڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنغۇ! قانچە ياشقا كىردىڭ؟

— قانچە ياشقا؟ بۇنى مەن... — كالتە قۇيرۇق بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ كېتىپ ئالدىرىماي جاۋاب بېرىپتۇ، — ئىشقىلىپ مەن بىر قار ياغقان كېچىسى تۇغۇلۇپتىكەنمەن.

— ھا، ھا، ھا، قىزىق گەپ قىلدىڭغۇ، قىش دېگەن ھەر يىلى كېلىپ تۇرىدۇ. قىش كەلگەندىن كېيىن قارمۇ يېغىپ تۇرىدۇ، كېچە دېگەنمۇ كۈندە بولۇپ تۇرىدىغان ھادىسە. جاۋابىڭدىن ۋە چىرايىڭدىن تېخى كىچىكلىكىڭ بىلىنىپ تۇرىدۇ. بوپتۇ، مەن يېشىڭنى تەخمىنەن يېزىپ قوياي. ئەمدى باھالىغۇچىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلار ئۆتەيدىغان رەسمىيەتلەر-نى بېجىرگىن، — دەپتۇ بورسۇق كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئاغمىخان خېنىم قاتارلىق ناخشا باھالىغۇچىلار كالتە قۇيرۇقنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشكە باشلاپتۇ. ناخشا باھالىغۇچى چارپاقا بىردىنلا كوركىراپ سۆزلەپ كېتىپتۇ:

— مەن بۇ ناخشىچىنىڭ چاشقان ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىۋاتىمەن، چاشقاننىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى قۇيرۇق. بىراق بۇ ناخشىچىنىڭ پەقەتلا قۇيرۇقى يوق ئىكەن. بۇرۇنقى ناخشا مۇسابىقىلىرىدە ئۆز جەمەتىدىن ياخشى ناخشىچى تاپالماي باشقا جەمەتلەرنىڭ ناخشىچىلىرىنى بىزنىڭ ناخشىچىمىز دەپ ياساندۇرۇپ كەلگەن ئىشلار ئاز بولمىغان. مېنىڭچە، بۇ ناخشىچى چاشقان جەمەتىدىن بولماسلىقى مۇمكىن.

— شۇنداق، شۇنداق، مەن بۇ پىكىرگە قوشۇلىمەن، — دەپ سۆز قىپتۇ ئاغمىخان خېنىممۇ چىرقىراق ئاۋاز بىلەن، — دۇنيادا چاشقاندىن تولا نېمە يوق، شۇنداق تۇرۇقلۇق بەش ئەزايى تولۇق بىرەر چاشقان چىقمىغاندەك شۇنچە كاتتا مۇسابىقىگە ئېلىپ كەلگەن ناخشىچىسىنى كۆرمەمدىغان بۇلارنىڭ؟

— بۇ مۇسابىقە بەش ئەزانىڭ تولۇق ياكى تولۇق ئەمەسلىكىنى سىنايدىغان مۇسابىقە بولمىغاندىكىن، بىز ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىش ماھارىتىگە قاراپ ئېلىپ كەلدۇق، — دەپتۇ ئاغمىخان باش جىددىي ھالدا.

— ئۇنداق بولسا، — دەپ يەنە ئەزۋەيلەپتۇ ئاغمىخان خېنىم جاھىللىق بىلەن، — چارپاقا ئەپەندىنىڭ سۆزىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىز، ئۇ ھەقىقىي چاشقان بولسا قۇيرۇقى قېنى؟

— سىز قۇيرۇق چاشقانلارنىڭ بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى دەپ قارىسىڭىز، بۇ ئۇچىغا

چىققان بىمەنىلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ قۇيرۇقى مەلۇم ھادىسە بىلەن ئۈزۈلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن باشقا يېرىنىڭ چاشقانغا ئوخشىمايدىغانلىقىغا پاكىت كۆرسىتىپ بېرەلەمسىز؟ سىلەر ئاغمىخانلار بىرەر ھادىسە بىلەن مېيىپ بولۇپ قالغان ئاغمىخانلارنى ئاغمىخان ئەمەس دەپ قارايدىغان ئوخشىمامسىلەر؟ — دەپتۇ ئاغمىخان باش غەزەپلەنگەن ھالدا.

— قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چاشقانلىق سالاھىيىتى تولۇق بولمىغان بۇ ناخشىچىنىڭ چاشقانلار ئۈچۈن مۇسابىقىگە قاتنىشىشىغا مەن قوشۇلمايمەن. ئەگەر ئۇ مۇسابىقىگە قاتناشماقچى بولىدىكەن، قۇيرۇقىنى تېپىپ كەلسۇن! — دەپتۇ ئاغمىخان خېنىم تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ.

— سىز چاشقانلار بىلەن بولغان ئاداۋىتىڭىزنى بۇنداق چوڭ ئىشلارغا سۆرەپ ئەكىرمەڭ، سىزنىڭ غەرىزىڭىزنى كىم بىلمەيدۇ! — ئاغمىخان باش ئۆزىنى تۇتۇۋالمىغان ھالدا سەكرەپ كېتىپتۇ.

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرپىچان كىرىپ كەپتۇ ۋە بۇ غەۋغانىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن ئاغمىخان خېنىمغا رەنجىپ بىر چەتتە يىغلاپ تۇرغان كالتە قۇيرۇققا تەسەللى بېرىپتۇ ۋە ئاغمىخان باشقا خاپا بولماسلىقنى ئېيتىپ، كالتە قۇيرۇقنىڭ ھەقىقىي چاشقان نەسلىدىن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كالتە قۇيرۇق ناخشا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە تولۇق ئېرىشىپتۇ.

كىرپىچان ناخشا مۇسابىقىسىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن تاماشىبىنلارنىڭ گۈلدۈراس چاۋاك ساداسى بىلەن تەڭ پەردە ئېچىلىپتۇ.

ناخشا باھالىغۇچىلار سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئوڭ تەرىپىدە بورسۇق، ئاغمىخان، چارپاقا، توشقان، سول تەرىپىدە يىلان، سۇ چاشقىنى، كەسلەنچۈك ۋە مۈشۈكلەر ئولتۇرغانىكەن. بۇ قېتىمقى ناخشا باھالىغۇچىلارنى تاللاشتا ئۇنىڭ ناخشا باھالاش جەھەتتىكى ماھارىتىنى ئاساس قىلىش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ناخشىچىلار بىلەن ھېچقانداق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى يوق بولۇشىنىمۇ ئاساس قىلغانىكەن. بىراق ئۇلار بۇنىڭغا يۈزدە يۈز ئەمەل قىلالماپتۇ.

سەھنىگە بۇ قېتىمقى ناخشا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان ئون ماھىر چىقىپتۇ. بۇ مۇسابىقىنىڭ باش باھالىغۇچىسى ۋە رىياسەتچىسى كىرپىچان ماھىرلارنى تاماشىبىنلارغا تونۇشتۇرۇشقا باشلاپتۇ.

— ھۆرمەتلىك تاماشىبىنلار، بۇ قېتىمقى ناخشا مۇسابىقىمىز ھازىر باشلىنىدۇ، — كىرپىچان سۆزىنى ئاشۇنداق باشلاپ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ باھالاش قائىدىلىرىنى ۋە ھەربىر ماھىرنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ھەربىر ماھىرنىڭ ئىككىدىن ناخشا ئېيتىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن 1-نومۇرلۇق ماھىر ئاق قۇ ئاق پەرلەردىن ياسالغان بىر خىل چالغۇنى كۆتۈرگىنىچە سەھنىگە چىقىپتۇ. ئۇ قاناتلىرى بىلەن ھېلىقى ئاق پەردىن ياسالغان چالغۇنى ئاستا-ئاستا يەلپۈگەنىكەن، ئۇنىڭدىن لەرزان بىر خىل مۇزىكا چىقىشقا باشلاپتۇ. ئاق قۇ چالغۇسىنى چېلىش بىلەن بىللە خۇددى ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك يېنىك ھەرىكەتكە تەڭكەش قىلىپ ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

ناخشا ئېيتىپ ئاسماندا يۈرسەم،
ئاپئاق بۇلۇت ئاق ھويلام مېنىڭ.
ئۇسسۇل ئويناپ كۆللەردە يۈرسەم،
كۆپكۆك كۆللەر كۆك ھويلام مېنىڭ.

ئەي ئۇۋچىلار، ئاتماڭلار مېنى،
ئۆلتۈرۈۋېتىپ ساتماڭلار مېنى.
نىمە گۇناھ قىلدىم سىلەرگە،
گۇناھىمنى دەڭلارچۇ قېنى؟

ناخشا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تاماشىبىنلارنىڭ ئوتتۇز پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ ئولتۇرغان قوشلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي چاۋاك چېلىۋېتىپتۇ. بۇ چاۋاكتىن ئىلھاملانغان ئاق قۇ تېخىمۇ ھاياجانلانغان ھالدا ناخشىنى تېخىمۇ جەزىبىلىك قىلىپ ئېيتىشقا باشلاپتۇ:

يالغۇز ئۇۋچىلارنىڭ ئاسمىنىمۇ بۇ،
يالغۇز ئۇۋچىلارنىڭ ئالىمىمۇ بۇ.
ياشاش ھوقۇقى، يايراش ھوقۇقى،
بېرىلگەنىدى ئەسلى بىزگىمۇ.

بۇ مىسرالار ئېيتىلغان چاغدا ئۇۋچىلارنىڭ ئازابىنى يەتكۈدەك تارتقان تاماشىبىنلارنىڭ ھەممىسى قىقاس-چۇقان سېلىشىپ، چاۋاكنى ئەۋجىگە چىقىرىپتۇ. ئاق قۇنىڭ 2-ناخشىسىمۇ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپتۇ. نەتىجىدە ئۇ باھالىغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ خېلى يۇقىرى نومۇر ئاپتۇ. مۇسابىقە بارغانسېرى قىزىشقا باشلاپتۇ. ئاق قۇدىن كېيىن غاز، ئۇغلاق، موزايلارمۇ بىر-بىرلەپ ناخشا ئېيتىپ ھەممىسى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە چالغۇ چېلىپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىپ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ۋە ئوخشاشمىغان نەتىجىگە ئېرىشىپتۇ. بۇ جەرياندا تاماشىبىنلارنىڭ بەزىلىرى باھالىغۇچىلارنى ئادىل باھالاۋاتىدۇ دەپ دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشقان بولسا، يەنە بەزىلىرى باھالىغۇچىلار ئادىل باھالىمىدى دەپ نارازىلىق چۇقانلىرىنى كۆتۈرۈشۈپتۇ.

ئەمدى سەھنىگە 5-نومۇرلۇق ناخشىچى تۇرنا خۇددى ئۆزىنىڭ بويىغا ئوخشاش ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە بىر تارلىق چالغۇسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، چالغۇسىدىن زىل ۋە ئىنچىكە مۇزىكىنى ياڭراتقاندىن كېيىن ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلاپتۇ:


ئۇزۇن-ئۇزۇن سەپ بولۇپ،
ئۇچۇپ كەلسەك يىراقتىن؛
شەربەت بەردى بۇ زېمىن،
بىزگە دەريا، بۇلاقتىن.

كەچكۈز كەلسە خوش! خوش! دەپ،
كېتىپ قالساق يىراققا.
رەنجىمىدى بىزدىن ئۇ
ماڭدىڭلار دەپ قاياققا.

نىيەت قىلدىم بۇ يۇرتتا
زېمىستاننى كۆرۈشكە.
چىڭ قۇچاقلاپ زېمىننى،
سوغدا توڭلاپ ئۆلۈشكە.

تۇرنىنىڭ بۇ ناخشىسى بىلەن ئىككىنچى ئېيتقان ناخشىسىمۇ تاماشىبىنلار بىلەن باھالىغۇچىلارنىڭ يامان ئەمەس باھاسىغا ئېرىشىپتۇ.

ئەمدى نۆۋەت كالتە قۇيرۇققا كەلدى. ئەتىگەندىن بېرى ئۆز نۆۋىتىنى كۈتۈپ سەھنە ئارقىسىدا تىت-تىت بولۇپ ئولتۇرغان كالتە قۇيرۇق ئۆز ئىسمى ئىبلان قىلىنىشى بىلەن يۈرىكى سېلىپ جىددىيلەشكىلى تۇردى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ



دۇتارنى ئوبدان ساز قىلغاندىن كېيىن ھېلىقى بوۋاينى دوراپ زوق-شوخ بىلەن چېلىشقا باشلاپتۇ. دۇتارنىڭ ئاۋازى شۇنداق مۇڭلۇق ۋە ياڭراق چىقىپتۇكى، مۇزىكا باشلىنىشى بىلەنلا تاماشىبىنلار ئىختىيارسىز ھالدا چاۋاك ياڭرىتىپتۇ. تاماشىبىنلار ئارىسىدا ئولتۇرغان ئاغمىخان باش قاتارلىقلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ توختىماي چاۋاك چېلىپتۇ. كالتە قۇيرۇق ئاۋازىنى مۇڭلۇق چىقىرىشقا تىرىشىپ ئوتتۇراھال ئاۋازى بىلەن تېكىستى ۋە مۇزىكىسىنى ئۆزى ئىشلىگەن ناخشىنى ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ناخشىنىڭ مۇزىكىسى جەزىبىلىك، ئۆزگىرىشچان ۋە ئاممباب بولغاندىن باشقا ناخشا تېكىستى يۇمۇرلۇق ۋە رىۋايەت تۈسىگە ئىگە بولغاچقا، تاماشىبىنلار بىردە مۈگىلىنىپ جىمجىت بولۇپ كەتسە، بىردە ناخشىدىكى يۇمۇرنىڭ كۈچى بىلەن چاۋاك چالغاچ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشىپتۇ. كالتە قۇيرۇقنىڭ «قۇيرۇقۇم» نامىلىق 2-ناخشىسىمۇ تاماشىبىنلارنى ئوخشاشلا جەلب قىپتۇ. شۇڭا بۇ ناخشا ئېيتىلغان چاغدىمۇ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن-لىقى ئەۋجىگە چىقىپتۇ. ئاغمىخان خېنىم بىلەن مۈشۈك قەستەن بىرنەچچە نومۇرنى تۇتۇۋالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغان باھالىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كالتە قۇيرۇققا تولۇق نومۇر بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كالتە قۇيرۇقنىڭ نەتىجىسى ئالدىدىكى ناخشا ئېيتقانلارنىڭ ھەممى-سىنىڭكىدىن يۇقىرى چىقىپتۇ. كالتە قۇيرۇقتىن كېيىن قىزىل قولتۇقلۇق پاقا، تايچاق، چېكەتكە، كېپىنەكلەر ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن ھەرقانچە كۈچىگەن بولسىمۇ، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەپتۇ.

ئاخىرىدا كىرپىجان مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسىنى ئېلان قىپتۇ. نەتىجىدە كالتە قۇيرۇق 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ كىچىك بىر پىكاپقا، ئاق قۇ بىلەن كېپىنەك 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ بىر موتسىكلىتقا، ئوغلاق بىلەن غاز 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ بىردىن ۋېلسىپىتقا ئېرىشىپتۇ.

ئاغمىخان باش، بىگىز قۇيرۇق، پارقىراق كۆز قاتارلىقلار خۇشاللىقىدىن سەھنىگە يۈگۈرۈپ چىقىپ كالتە قۇيرۇقنى كۆتۈرۈۋېلىپ تەنتەنە قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ تەڭ خۇشال بولغانلارمۇ، ئاغمىخان خېنىم ۋە مۈشۈككە ئوخشاش ئۆزى بەرگەن نومۇرغا ئۆزى رازى بولماي، ئىچى تارلىق بىلەن غوتۇلداپ كەتكەنلەرمۇ بوپتۇ. كالتە قۇيرۇقلار كىرپىجان تەقدىم قىلغان كىچىك پىكاپنى مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلگەن سارايىنىڭ ئالدىدىكى ھويلىدا تاپشۇرۇپ ئاپتۇ. كالتە قۇيرۇق: «مېنىڭ بۇ نەتىجىگە ئېرىشىشىمدە

ھەممىگلارنىڭ تۆھپىسى بار. بولۇپمۇ ئاغمىخان باشنىڭ تۆھپىسى كۆپ، شۇڭا پىكاپنى ئۇ ھەيدىسۇن» دەپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ئاغمىخان باش قاتارلىقلار يەنىلا نەتىجە ھامان ساڭا مەنسۇپ، سەن بىزنىڭ شەرىپىمىز، دەپ كالتە قۇيرۇقنىڭ ئۆزىگە ھەيدىتىپتۇ. پىكاپتا قىستىلىشىپ ئولتۇرغان ئاغمىخان باش قاتارلىقلار پىكاپنىڭ لەرزان مېڭىشىدىن مەستلىكى كەلگەندەك خۇشال بولۇشۇپ چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ.

كالتە قۇيرۇقلار چاتقاللىققا يېتىپ كەلگەندە ئۇلاردىن خۇش خەۋەر كۈتۈپ تۇرغان بارلىق چاشقانلار ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. بەزى چاشقانلار خۇشاللىقىدىن كالتە قۇيرۇقنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتسە، بەزىلەر پىكاپنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ ئۇنى سىلاپ كېتىپتۇ. ئاغمىخان باش پىكاپنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپ ناخشا مۇسابىقىسىنىڭ ئومۇمىي جەريانىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— قەدىرلىك دوستلار، بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە بىزنىڭ يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىمىز، بىزنىڭمۇ دۆت ۋە ھاماقەت ئەمەسلىكىمىزنى بىلدۈرىدۇ. بۇ قېتىم كالتە قۇيرۇق بىلەن ناخشا مۇسابىقىسىگە بارغانلار شۇنى كۆردىكى، ھازىر پاقىلارنىڭ يۇرتىمۇ ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. ھازىر ئۇلارمۇ لاي-لاتقىلارنىڭ ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى ئاجايىپ چىرايلىق ئۆي-سارايلاردا ياشايدىغان بوپتۇ. شۇڭا بىزمۇ بۇنىڭدىن كېيىن گەمە-تۆشۈكلەردە ياشاۋەرمەي، چىرايلىق ئىمارەتلىرى بولغان گۈزەل بىر يۇرتنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز ئەمگەك قىلىشتىن ۋە كاللىمىزنى ئىشقا سېلىشتىن قورقمىساقلا، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي گۈزەل ماكانىمىزنى بارلىققا كەلتۈرەلەيمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز تەڭ كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك. مېنىڭ بۇ پىكرىمگە قوشۇلامسىلەر؟!

چاشقانلار توپى ئىچىدىن «قوشۇلىمىز» دېگەن سادا ياڭراپتۇ.

## 3

سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار! ئەمدى ھېلىقى توپا تاغدىكى غار-ئۆڭكۈرلەردە ياشايدىغان تاغ تېشەر قاتارلىق دېۋىلەر ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلاڭلار. تاغ تېشەر قاتارلىق دېۋىلەر خاسىيەتلىك گۆھىرىنى كالتە قۇيرۇقلار ئېلىپ قاچقاندىن كېيىن نېمە قىلارنى بىلەلمەي پاتىپاراق بولۇپ كېتىپتۇ. بولۇپمۇ تاغ تېشەر جان ئاچچىقىدا ئۆزىنىڭ خۇدىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ.

— مەن سەنلەرگە نالا-نۇزدە خاسىيەتلىك گۆھەر ھەققىدە ئاز گەپ قىلىش دېسەم ئاڭلاشماي، ئاغزىڭلارغا كەلگەننى كوتۇلداۋېرىشتىڭ، — دەپتۇ ئۇ دېۋىلەرگە قاراپ غەزەپ بىلەن، — شۇ چاغدا بۇ چاشقان دېگەن ناكەسلەر بىزنىڭ ئۇ خاسىيەتلىك گۆھىرىمىزنىڭ بارلىقىنى، ھەتتا ئۇنى كېچە-كۈندۈز ئاغزىمىزدىن ئالمايدىغانلىقىمىزنىمۇ بىلىۋالغان. بەلكى ئۇلارنىڭ ھېلىقى شىرلار بىلەن تىللى بىر بولۇشىمۇ مۇمكىن. چاشقانلار خاسىيەتلىك گۆھىرىمىزنى شىرلارغا ئاپىرىپ بېرىدىغان بولسا، بىزدىن ئۆچ ئالماي قالمايدۇ. ئەمدى بىزنىڭ بۇ ماكانىمىزنى تاشلاپ يىراققا كەتمەكتىن باشقا ئامالىمىز قالمىدى. تېز بولۇش، ھازىرلا بۇ يەردىن يوقىلايلى!

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ يەردىكى غار-ئۆڭكۈرلىرىنى ۋە جىرادىكى گۈزەل

بوستانلىقلارنى تاشلاپ، بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپلەرگە قاراپ تىكىۋېتىپتۇ.

ئەمدى كالتە قۇيرۇق قاتارلىقلار ئاغمىخان باشنىڭ باشچىلىقىدا ئۆزلىرىنىڭ يېڭى يۇرتىنى قانداق قۇرۇپ چىقىش ھەققىدە مەسلىھەت قىلىشقا باشلاپتۇ.

— ئەمدى بىزنىڭمۇ شەرت-شارائىتى ياخشىراق بىر زېمىننى تېپىپ يېڭى بىر گۈزەل يۇرتنى قۇرىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز بىزدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ روھى قورۇنۇپلا قالماي، ئەۋلادلىرىمىزمۇ بىزدىن نارازى بولىدۇ، — دەپ سۆز باشلاپتۇ كالتە قۇيرۇق ئۆزىنى تۇتتۇۋالغان ھالدا، — ھېلىقى دىۋىلەرنىڭ يۇرتى ئېسىڭلاردىمۇ؟ مېنىڭچە، ھېلىقى دىۋىلەر بىز ئۇلارنىڭ ئەگۈشتىرىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن چوقۇم بىزنىڭ ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىۋېتىشىمىزدىن قورقۇپ ئۇ يەرنى تاشلاپ كەتتى. ئۇ يەر ھەققەتەنمۇ گۈزەل زېمىنكەن. بىز ئاشۇ زېمىندا يېڭى يۇرتىمىزنى قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك، — كالتە قۇيرۇقنىڭ بۇ مەسلىھەتى ئاغمىخان باش، بىگىز قۇيرۇق قاتارلىقلارنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشىپتۇ.

شۇ كۈننىڭ ئەتىسى ئاغمىخان باش بىلەن كالتە قۇيرۇق ئىككىسى دىۋىلەرنىڭ يۇرتىنى تەكشۈرۈپ كەپتۇ. راست دېگەندەك دىۋىلەر بۇ يەرنى تاشلاپ كەتكەن بولۇپ، جىرانىڭ ئىچىدىكى بوستانلىقلار تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىكەن. ئۇلار بىرنەچچە كۈن تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن ئاشۇ گۈزەل جىراغا كۆچۈپتۇ.

چاشقانلار بۇ گۈزەل جىراغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن كالتە قۇيرۇق پاقلار يۇرتىغا بېرىپ ئۇ يەردىكى قىزىل قولتۇق پاقا ئەپەندىدىن ئۆي-ئىمارەت ياساش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ كەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئېلىپ كەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ گۈزەل جىرادا كالتەك قۇيرۇق چاشقاننىڭ باشچىلىقىدا جىددىي قۇرۇلۇش باشلىنىپ كېتىپتۇ. بارلىق چاشقانلار بىر تەرەپتىن ئىشلىگەچ، بىر تەرەپتىن كالتە قۇيرۇق تۈزۈپ چىققان «چاشقانلارنىڭ يېڭى يۇرت بەرپا قىلىش ناخشىسى» نى ياڭرىتىشقا باشلاپتۇ:

بىزمۇ ھەم ئەقىللىق، بىزمۇ ھەم ئىشچان،
ياسايمىز يېڭى يۇرت، يېڭى گۈلستان.
بولمايدۇ گەمە ۋە تۆشۈكلەر ئەمدى،
ھەرگىزمۇ بىز ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ماكان.
قۇرايلى ئەمدى بىز يېپيېڭى دۇنيا،
تاڭ قالسۇن بىزدىنمۇ تاغۇ ۋە دەريا.
ئىشلەيلى، ئىشلەيلى، ئالغا باسايلى،
يېپيېڭى ۋە گۈزەل گۈلباغ ياسايلى.
ئىشلەيلى، ئىشلەيلى، داۋان ئاشايلى،
قەدىر ۋە قىممەتنى جەزمەن تاپايلى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئىشمۇ، ناخشىمۇ توختىماپتۇ. يېپيېڭى ئىمارەتلەر، چىرايلىق كوچىلار بارلىققا كېلىشكە باشلاپتۇ. چاشقانلار ئىشلىگەنسېرى ئىشلىگۈسى كېلىپ، توختىماي بىرنەچچە ئاي ئىشلەپ ئۆزىنىڭ گۈزەل يۇرتىنى بەرپا قىپتۇ.

چاشقانلار يېڭى يۇرتى بەرپا بولۇپ بولغاندىن كېيىن خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ بۇ يېڭى يۇرتنىڭ بەرپا بولغانلىقىنى تەبرىكلەپ كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپتۇ. چاشقانلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى لايىھىلەنگەن چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ قوللىرىدا رەڭگارەڭ بايراقلارنى تۇتقان ھالدا توپا

تاغنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى مەيدانغا يىغىلىپتۇ. چاشقانلارنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ جىلۋە قىلىپ تۇرىدىكەن. بۇ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاغمىخان باش رىياسەتچىلىك قىپتۇ. كالتە قۇيرۇق قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئېچىلىش نۇتقى سۆزلەپتۇ:

— سۆيۈملۈك دوستلار، قېرىنداشلار، بىز ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، يېڭى يۇرتىمىزنى قۇرۇپ چىقتۇق. بۈگۈندىن باشلاپ بىز مۇشۇ يۇرتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى، بىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرتىمىزنى ياخشى قوغداپلا قالماي، تېخىمۇ گۈللەندۈرۈشىمىز، روناق تاپقۇزۇشىمىز كېرەك. بىز بۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن دۇنياغا چاشقانلارنىڭمۇ ياشاشنى بىلىدىغانلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن بىلدۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەك! — كالتە قۇيرۇقنىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭراپتۇ. كالتە قۇيرۇق بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھاياجانلانغان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — بىز چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ ھالال ئەمگىكىمىز بىلەن ياشىشىمىز، باشقىلارغا يۆلىنىۋالماسلىقىمىز كېرەك، راست گەپنى قىلغان چاغدا بىز چاشقانلاردا تارىختىن بېرى باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىگە چاڭ سالىدىغان، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارغا زىيان سالىدىغان، ياۋاشنى بوزەك قىلىپ ياماندىن قورقىدىغان، ئاق بىلەن قارىنى پەرق قىلمايدىغاندەك يامان ئادەت ساقلىنىپ كەلدى. بىز ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇشۇ ئىللەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك... — كالتە قۇيرۇق مۇشۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزۇن سۆزلەپتۇ. ئۇنىڭ تەنقىدىي سۆزلىرى بەزى «غۇرۇرلۇق» چاشقانلارنى ئاز-تولا كوتۇلدىتىپ قويغان بولسىمۇ، كۆپ سانلىق چاشقانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپتۇ. ئەمدى چاشقانلار ئۆزىنىڭ يېڭى يۇرتىدا باياشاد، خۇشال-خورام ياشاشقا باشلاپتۇ.

ئەپسۇسكى، ئويلىمىغان يەردىن يېڭى بىر زىددىيەت چىقىپتۇ. چۈنكى يېڭى يۇرت قۇرۇلۇپ بولغان بىلەن تېخى يۇرتنىڭ باشلىقى يوق ئىكەن. يۇرتتا يۈز بەرگەن بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا قىيىنچىلىقلار كۆرۈلۈشكە باشلاپتۇ. شۇڭا بارلىق چاشقانلار بىزگە بىر باشلىق بولۇشى كېرەك، باشلىق بولۇشى كېرەك، دەپ چۇقان سېلىشقا باشلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرتقا كىم باشلىق بولۇش ھەققىدىكى تالاش-تارتىش باشلىنىپتۇ. خېلى كۆپ دەتالاشتىن كېيىن يۇرتنىڭ باشلىقلىقى ئاغمىخان باش بىلەن كالتە قۇيرۇققا مەركەزلىشىپتۇ. نۇرغۇن ئىشلاردا بىر-بىرىگە يول قويۇپ، بىر-بىرىگە ياردەم قىلىپ كەلگەن بۇ قەدىناسلار بۇ ئىشقا كەلگەندە بىر-بىرىگە يول بەرمەپتۇ. ئۇلار باشتا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي «سەن ماڭا يول بەرگىن» دېگەندەك جىمجىت تۇرۇۋاپتۇ. كۆپ ئۆتمەي بۇ مۇھىم پۇرسەتنى قولدىن بېرىۋېتىشكە كۆزى قىيمىغاندەك تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆزى «مەن باشلىق بولسام ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ!» دەپ جاكارلاپتۇ. باشتا ئۇلار بىر-بىرىگە چېقىلماي ئۆزىنى ماختىغان بولسا، ئاخىرىدا بىر-بىرىنىڭ ئەيىبىنى كولاشقا باشلاپتۇ. مۇراسىمنىڭ ئېچىلىش نۇتقىدا ئاجايىپ ئۇلۇغ سۆزلەرنى قىلغان كالتە قۇيرۇقمۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ ئاغمىخان باشنى ئەيىبلەشكە باشلاپتۇ.

— سېنىڭ چاشقانلار يۇرتىغا باشلىق بولۇش سالاھىيىتىڭ يوق، سېنىڭ ئاتاڭ

ياكى ئاناڭ ئاغمىخان بولۇشى مۇمكىن، بولمىسا نېمىشقا سېنىڭ بېشىڭ بەئەينى ئاغمىخاننىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ؟ مەن كېسىپ ئېيتالايمەنكى، سەن چوقۇم ئاغمىخاننىڭ ئۇرۇق-پۇشتى، سەن بىلىپ قوي، ئاغمىخان-لار بىز چاشقانلارغا ئاز زىيان سالمىغان، ئەسلى سېنىڭ بىز چاشقانلار بىلەن بىللە ياشاش هوقۇقىڭمۇ يوق، ئەگەر سەن بىزگە باشلىق بولۇپ قالىدىغان بولساڭ، كۆڭلەرنىڭ بىردە بىزنى ئاغمىخانلارغا يەم قىلىپ بېرىشىڭ مۇمكىن... — كالتە قۇيرۇقنىڭ سۆزلىرىگە چىداپ تۇرالمىغان ئاغمىخان باشمۇ بوش كەلمەپتۇ:

— ئۇنچىۋالا ۋالاقلاپ كەتمە كالتە قۇيرۇق، سېنىڭ تارىخىڭنىمۇ پاك دېگىلى بولمايدۇ، سېنىڭ قۇيرۇقۇڭ نېمە ئۈچۈن كالتە بولۇپ قالغان، سەن بىزنىڭ توپىمىزغا نەدىن قېتىلىپ قالدىڭ؟ سەن چوقۇم چاشقانلارغا ئەسكىلىك قىلمەن دەپ يۈرۈپ قۇيرۇقۇڭدىن ئايرىلغان، سېنى قانداقمۇ مۇكەممەل بىر چاشقان دېگىلى بولسۇن. سېنىڭدەك بىر سولتەكنى چاشقانلار يۇرتىغا باشلىق قىلىپ قويسا، باشقىلار چاشقانلارنىڭ هەممىسنى ساڭا ئوخشاش سولتەككەن دەپ قالامدۇ، باشقا شەرتلەرنى قويمىساقمۇ، چاشقانلار يۇرتىغا بىجىرىم بىر چاشقان باشلىق بولۇشى كېرەك دېگەن ئەقەللىي شەرتكە توشمايسەن. مېنىڭ چىرايىمنىڭ ئاز-تولا ئاغمىخانغا ئوخشاپ قالغانلىقىغا قاراپ، سەن ماڭا ئازىنغا كەلگەن بۆهتانلارنى چاپلىما، سېنىڭ قۇيرۇقۇڭنىڭ كالتىلىقى ئۈچۈچۇق پاكىت، بىلىپ قوي، بىزگە ساڭا ئوخشاش سولتەك ئەمەس، بىجىرىم، ساغلام چاشقان باشلىق بولۇشى كېرەك.

خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ دەتالاشتا ئاخىرى ئاغمىخان باش ئۇتۇپ چىقىپتۇ. مەغلۇپ بولغان كالتە قۇيرۇق قانداق قىلارنى بىلەلمەي بۇ يۇرتتىن باش ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

## 4

كالتە قۇيرۇق تەركىدۇنيا بولۇپ چىقىپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ كېتىش ئۇنىڭغا ئۇنچىۋالا ئاسان توختىماپتۇ. ئۇ بىر نەچچە كۈنگىچە ئۆيىدىن چىقماي دۇتار چېلىپ مۇڭلىنىپ ناخشا ئېيتىپتۇ. گەرچە ئۇنى ئاغمىخان باشقا ياردەمچى قىلىپ سايلاپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ بۇ ئىشنى قىلمايدىغانلىقىنى كېسىپ ئېيتىپتۇ. بىگىز قۇيرۇق، پارقىراق كۆز قاتارلىق دوستلىرى ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ تەسەللى-تەربىيە بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئۆزىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىۋېرىپتۇ. ئۇ ئاخىرى ناخشا ئېيتىشتىنمۇ زېرىكىپتۇ-دە، ناخشا مۇسابىقىسىدە مۇكاپات ئالغان پىكاپىنى هەيدەپ جىرانىڭ ئەڭ چېتىگە بېرىپتۇ ۋە دىۋىلەر تولا مېڭىپ پەيدا بولۇپ قالغان يول بىلەن توختىماي مېڭىۋېرىپتۇ. چاشقانلار يۇرتىدىن باشلىنىپ بارغانسېرى ئۇلغىيىشقا باشلىغان ئېقىن بارغانسېرى كېڭىيىپ بىر دەرياغا ئايلىنىپتۇ. دەريا ساھىلىدىكى بوستانلىقلار، قۇشلارنىڭ شوخ ناخشىلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى خېلىلا كۆتۈرۈپ قويۇپتۇ. دەريا بويىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان دىۋىلەرنىڭ ئاياغ يولى ئۇنى توختىماي مېڭىۋېرىشكە دەۋەت قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىپتۇ. شۇڭا ئۇ ناخشا ئېيتقاچ يولىنى داۋام قىلىپتۇ:


ئاغمىخان باش خۇش بولما،
مېنى قويۇپ پىراققا.

ساڭا تاشلاپ بۇ يەرنى،
كېتەر بولدۇم يىراققا.

بىر كۈن ئەمەس بىر كۈنى،
ئۆتۈلدۇ قەدرىمۇ.
قىلمساڭ سەن ئەسكىلىك،
كېتىش مېنىڭ مەيلىمۇ؟

جان دوستلىرىم، خەير-خوش،
كۆرۈشەرمىز بىر كۈنى.
چۈشىنەرسىلەر سىلەرمۇ،
دوستۇڭلارنىڭ قەدرىنى.

كالتە قۇيرۇق خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىنى دېڭىز ياكى كۆل ئىكەنلىكىنى ئېنىق پەرق قىلغىلى بولمايدىغان خۇددى كۆپكۆك ئاسماننىڭ يەرگە چۈشۈپ قالغان بىر پارچىسىدەك جىلۋىلىنىپ تۇرغان دولقۇنلۇق چوڭ بىر سۇ توساپتۇ. كالتە قۇيرۇق ئۆمرىدە بۇنداق چوڭ سۇنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. شۇڭا مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان يېشىل دولقۇنلارغا هەيران بولۇپ قاراپ كېتىپتۇ.



— بۇ نېمە دېگەن چوڭ كۆلدۇ؟ — دەپتۇ كالتە قۇيرۇق ئۆز-ئۆزىگە، — ھېلىقى دېۋىلەر مۇشۇ كۆلنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن. هەي بىچارىلەر، سىلەرنى ئىمشقىمۇ بىر ئوبدان ماكانىڭلاردىن ئايرىلىپ ياشاشقا مەجبۇر قىلغان بولغىيتتىم. ئاشۇ قارا نىيەت ئاغمخان باشنىڭ ئۇنداق نىيىتى بارلىقىنى بىلگەن بولسامغۇ سىلەرگمۇ ئازاب سېلىپ يۈرمىگەن بولاتتىم. هە راست، مېنىڭ پىكاپىم كاتىرغا ئايلىنالايدىغۇ، بۇ نېمە دېگەن ياخشى گەپ، ئەمدى مەن بۇ كۆلنى كاتىرىم بىلەن ئايلىنىپ تازا بىر پەيزى قىلمامدىمەن، — كالتە قۇيرۇق پىكاپىنى «كۆل» نىڭ يېنىغا هەيدەپ كېلىپ بىر كونۇپكىنى باسقانىكەن، پىكاپ دەررۇلا كاتىرغا ئايلىنىپتۇ. ئەمدى كالتە قۇيرۇق «كۆل»-گە چۈشۈپ غۇيۇلداپ مېڭىشقا باشلاپتۇ.

— پاھ-هاي! سۇ ئۈستىدە كاتىر بىلەن مېڭىش نېمە دېگەن راھەت! — كالتە قۇيرۇق هاياجىنىنى باسالمىغان هالدا ۋارقىرىۋېتىپتۇ، دېمىسىمۇ كاتىرنىڭ يېشىل دولقۇنلارنى يېرىپ ئاپئاق بۇژغۇنلارنى پەيدا قىلىپ سىلىق مېڭىشى ئۇنىڭغا هەقىقەتەن راھەت تۇيۇلۇپتۇ. كالتە قۇيرۇق خۇدىنى يوقاتقان هالدا كاتىرنى تېز هەيدەپ كېتىپ بارغان چاغدا كۆتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ. تۇيۇقسىز سۇ ئاستىدىن بىر مۇنچە دېۋىلەر چىقىپ، چوڭ بىر چەمبىرەك هاسىل قىلىپ، ئۇنى مۇهاسىرىگە ئېلىۋاپتۇ. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن گاڭگىراپ قالغان كالتە قۇيرۇق كاتىرنى ئۇيان-بۇيان ئايلاندۇرۇپ مېڭىپ مۇهاسىرىدىن ئۆتەلمىگەندىن كېيىن

كاتىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ ھەمدە دىۋىلەرنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى كۈتۈپ جىمجىت تۇرۇپتۇ. دىۋىلەرنىڭ كاتتىبېشى ئاغزىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرىنى چاچراتقان ھالدا غەزەپ بىلەن سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— ھەي چاشقان دېگەن تويمىغۇر ئەبلەخ. سەنلەر بىزنىڭ شۇنچە زېمىنىمىزنى ئىگىلىۋېلىپ، بىزنى ماكانىمىزدىن ئايرىپ خانىۋەيران قىلغانىنى ئاز دەپ يەنە بۇ سۇدىكى يېگى ماكانىمىزغىمۇ قەدەم قويغۇچى بولۇشتۇڭمۇ؟ سەنلەر ھەقىقەتەن ئىنسابسىز ئىكەنسىلەر، ئەمدى بىز سەنلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشماي قويمايمىز، سەنلەر بىزنىڭ بۇ يەرلەرنىمۇ تاشلاپ بېرىپ كېتىپ قالارمىكىن، دەپ خام خىيال قىلىشما، ئېيتە، سەن زادى بۇ يەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟! — كالتە قۇيرۇق دىۋىلەرنىڭ كاتتىبېشىنىڭ بۇ غەزەپلىك سوئالىغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. كالتە قۇيرۇق مۇشۇ يەردە بىردەم تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى چاشقانلار يۇرتىدىن ئاڭلايلى.

ئاغمىخان باش چاشقانلار يۇرتىغا باشلىق بولغاندىن كېيىن يۇرتنى قانداق گۈللەندۈرۈش ھەققىدىكى يېگى پىلاننى تۈزۈش بىلەن ئاۋارە بولۇپ كېتىپتۇ. بىگىز قۇيرۇق، پارقىراق كۆزلەرمۇ ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كالتە قۇيرۇقنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ.

ئاغمىخان باش باشلىق بولۇپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر توپ قېرى چاشقان نامايىش قىلىپ ئاغمىخان باش قاتارلىق باشلىقلار تۇرىدىغان بىنانىڭ ئالدىغا كېلىۋاپتۇ. ئاغمىخان باش، پارقىراق كۆز قاتارلىقلار نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن بىنانىڭ ئالدىغا چىققانىكەن، قېرى چاشقانلار تاش-چالما ئېتىپ، ئۇلارنى يەنە بىنانىڭ ئىچىگە قېچىپ كىرىشكە مەجبۇر قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاغمىخان باش قاتارلىقلار رادىئو كارنىيى ئارقىلىق نامايىشچىلارغا سەممىيلىك بىلەن سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— قەدىرلىك قېرىنداشلار، بىز سىلەرنىڭ زادى نېمە مەقسەتلار بارلىقىنى بىلەلمىدۇق. ئەگەر سىلەر نامايىش قىلىش مەقسەتلىرىنى يېزىپ بىزگە سۇنساڭلار، بىز چوقۇم سىلەرنىڭ تەلەپلىرىڭلار بويىچە ئىش كۆرىمىز. يۇرتىمىز قۇرۇلا-قۇرۇلمايلا بۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بەرسە ئەلۋەتتە، ھەممىمىزگە ياخشى ئەمەس، ھەر قانداق گەپ بولسا، چىرايلىقچە بىر تەرەپ قىلغىنىمىز ياخشى.

ئاغمىخان باشلارنىڭ بۇ مۇراجىئەتنامىسىنى ئاڭلىغان قېرى چاشقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىن تەييارلاپ يېزىپ قويغان تەلەپنامىسىنى بىر نەچچە ۋەكىلدىن كىرگۈزۈپتۇ. ئاغمىخان باش قاتارلىقلار قېرى چاشقانلارنىڭ تەلەپنامىسىنى ئەستايىدىل ئوقۇشقا باشلاپتۇ:

تەلەپنامە

بىرىنچى، بىز بۇنداق ئاتالمىش چىرايلىق ئۆي-ئىمارەتلەردە ياشاشنى خالىمايمىز، چۈنكى بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئەزەلدىن گەمە-ئۆڭكۈرلەردە ياشاپ كەلگەن. بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلساق ئۆزىمىزنى مەڭگۈ كەچۈرەلمەيمىز. شۇڭا بىز يەنە گەمە، ئۆڭكۈرلەردە ياشىماقچى.

ئىككىنچى، بىز ئۆزىمىز خالىغان يەرلەرگە بېرىپ ئۆزىمىز خالىغان نەرسىلەرنى قىرقىپ چىشلەپ يېيىشنى ئەڭ

لەززەتلىنىش دەپ ھېسابلايمىز. ئۆزىمىز ئىشلەپ تېپىپ يېيىش بىز ئۈچۈن نومۇس، شۇڭا بىزنىڭ ئەركىن ئۇزۇقلىنىشىمىز كاپالەتكە ئىگە قىلىنسا.

ئۈچىنچى، بۇ يەردە يىرەر مۈشۈك ياكى مۈشۈكياپىلاق يوق ئىكەن. بىزگە ئاشۇ مۈشۈك ۋە مۈشۈكياپىلاقلار تەھدىت سېلىپ تۇرمىسا بىز ئاسانلا ھورۇنلىشىپ كېسەل بولۇپ ئۆلىمىز، شۇڭا بىز مۈشۈك ۋە مۈشۈكياپىلاقلار بار يەردە ياشىشىمىز كېرەك.

تۆتىنچى، بىز سىلەرنىڭ بىزگە كىيگۈزۈپ قويغان كىيىملارغا قەتئىي كۆنەلمىدۇق. ئۇ نېمەڭلار بىزنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىمىزنى بوغۇپ قويۇۋاتىدۇ. بىز يەنىلا ئەركىن يالىڭاچ يۈرۈشنى تەلەپ قىلىمىز.

بەشىنچى، بىز ھەر قانداق باشلىق ۋە باشقۇرۇلۇشقا مۇھتاج ئەمەس. بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز باشقۇرالايمىز.

يۇقىرىقىلار بىزنىڭ ھەققانىي تەلىپىمىز. سىلەر بۇنى چوقۇم ئورۇنلىشىڭلار كېرەك.

ئاغمىخان باش قاتارلىقلار بۇ تەلەپنامەنى ئوقۇپ ھەيران قاپتۇ. ئۇلار قىرى چاشقانلارغا ئىززاھات بەرسىمۇ، ئۇلار قەتئىي يول قويماپتۇ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۆز تەلىپىنىڭ بەجا كەلتۈرۈلگەنلىكىدىن خۇشال بولغان بۇ بىر توپ قىرى چاشقان خۇشال بولغان ھالدا قىقاس-چۇقان سېلىشىپ شۇ زاماتلا ئۇستىدىكى كىيىملىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، چاشقانلار يۇرتىنى تەرك ئېتىپ قاياقلارغىدۇر يۈرۈپ كېتىپتۇ.

لېكىن چاشقانلار يۇرتىدىكى كۆپ سانلىق چاشقانلار بۇ يۇرتتىكى يېڭى تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن خۇرسەن بولغان ھالدا خۇشال-خورام ياشاشقا باشلاپتۇ.

ئەمدى گەپنى يەنە كالتە قۇيرۇقتىن ئاڭلاڭلار، كالتە قۇيرۇق دىۋىلەرنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن قانداق قىلىشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپتۇ. «ھەي ئاغمىخان باشتىن رەنجىپ نېمىشقىمۇ بۇ نەس باسقان يەرگە كېلىپ يۈرگەن بولغىيتتىم» دەپ ئۆز-ئۆزىدىن نارازى بوپتۇ. بىراق كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن دېگەندەك ئۇ خىيالىنى ئاياغلاشتۇرماي تۇرۇپلا دىۋىلەر ئۇنى كاتىرى بىلەن قو-شۇپ چاڭگاللاپ تۇتۇپ سۇ ئاستىغا ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. كالتە قۇيرۇق دىۋىنىڭ چاڭگىلىدا قورقىنىدىن كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، تۇگۈلگىنىچە جىم تۇرۇۋېرىپتۇ. بىر چاغدا «ئەمدى ماۋۇ بىر نېمەڭدىن چۈشۈپ ئورنىڭدىن تۇر!» دېگەن دەھشەتلىك ئاۋاز ئۇنى كۆزىنى ئېچىشقا مەجبۇر قىپتۇ.

كالتە قۇيرۇق كۆزىنى ئېچىپ سۇ ئاستىدىكى بۇ گۈزەل دۇنيادىن ھەيران قاپتۇ. يېشىل موخ بىلەن قاپلانغان دەرەخسىمان قىيا تاشلار ئەتراپنى ئاجايىپ سىرلىق بىر تۈسكە كىرگۈزگەن بولۇپ، قىيا تاشلار ئارىسىدىكى ئەگرى يوللار، يول ياقىسىدىكى گۈل-گىياھلار، قىيا تاشلار ئارىسىدىن توختىماي ئېتىلىپ چىقىپ تۇرغان سۇ شارچىلىرى بۇ يەرنى ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل بىر دۇنياغا ئايلاندۇرغانىكەن.

— سەن ئەمدى بىزگە جاۋاب بېرىسەن! سەن رەزىل چاشقانلار بىزنىڭ ئەڭگۈشتىرىمىزنى تارتىۋېلىپلا قالماي يۇرتىمىزدىنمۇ ھەيدەپ چىقىرىشتىڭ، سەن ئۆزۈڭچە بۇلار مېنى تونۇمايدۇ دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ ئەگەر سەن ئەڭگۈشتىرىمىزنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ بەرمەيدىغان بول-

سالڭ، تىرىك قالىمەن دەپ خام خىيال قىلما! — دىۋىلەر كاتتىبېشىنىڭ بۇ غەزەپلىك ئاۋازى كالتە قۇيرۇقنى چۆچۈتىۋېتىپتۇ. دىۋىلەرنىڭ كاتتىبېشى قىيا تاشلاردىن ياسالغان ھەيۋەتلىك تەختىدە كېرىلىپ ئولتۇرغىنىچە كالتە قۇيرۇققا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۆتتىن سەككىز دىۋە قوللىرىدا قاپقارا تاش، كالتەكلەرنى تۇتقىنىچە مىدىر قىلماي تۇراتتى. ھېلىقى دىۋىلەرنىڭ بىرى كېلىپ كالتە قۇيرۇقنى كاتىرىدىن يۇلۇپ ئېلىپ دىۋىلەر كاتتىبېشىنىڭ ئالدىغا تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دىۋىلەرنىڭ كاتتىبېشى كالتە قۇيرۇقنى سوراق قىلىشقا باشلاپتۇ.

— تېز جاۋاپ بەر، ھېلىقى ئەگۈشتىرىمىزنى نېمە قىلىشتىڭ؟

ھەي، بۇ سوئالغا نېمە دەپ جاۋاب بەرسەم بولار، ئەگەر مەن سىلەرنىڭ ئۇ ئەگۈشتىرىڭلارنى ئىشلىتىپ بولۇپ تاشلىۋەتتۇق دېسەم بۇلار مېنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ھە راست، ئاغمىخان باشنىڭ قىلغان ئەسكىلىكى ئۈچۈن ئاشۇنى چېقىشتۇرۇپ قويۇپلا قۇتۇلمامدىم. يالغان سۆزلەشقۇ ياخشى ئىش ئەمەس، لېكىن بۇنداق چاغلاردا ئاز-تولا يالغان سۆزلەپ قويسام نېمە بولاتتى.

— تېز جاۋاپ بەر! سەن ئەبلەخ، ئۆزۈڭچە زۇۋانسىز بولىۋالدىڭغۇ! — دىۋىلەر كاتتىبېشىنىڭ بۇ دەھشەتلىك ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتكەن كالتە قۇيرۇق تىترىگەن ھالدا جاۋاب بېرىشكە باشلاپتۇ:

— مەن ئېيتاي، مەن ئېيتاي، سىلەرنىڭ ئۇ ئەگۈشتىرىڭلارنى ھازىر چاشقانلار يۇرتىغا باشلىق بولغان ئاغمىخان باش دېگەن نەرسە ئېلىۋالدى، ئۇ چاشقانلار يۇرتىدىمۇ سىلەرنىڭ ئاشۇ ئەگۈشتىرىڭلارغا تايىنىپ ناھايىتى كۆپ ئەسكىلىكلەرنى قىلىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا بۇ ئەگۈشتەرنى دىۋىلەرنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرەيلى، ئۇلارنىڭ ماكانىنى ئىگىلىۋالغىنىمىز يېتەر دېسەم، سەن كالتە قۇيرۇقنىڭ دىۋىلەر بىلەن تىلىڭ بىر ئوخشايدۇ، بولمىسا نېمە دەپ ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلىسەن؟ دەپ مېنىمۇ يۇرتۇمدىن ھەيدەپ چىقاردى.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ دىۋىلەرنىڭ كاتتىبېشى ئېغىز-بۇرنىدىن قاپقارا ئىس-تۈتەك ئۆرلىتىپ تۇرۇپ، — ئۇ ئاغمىخان باش دېگەن ھارام تاماق ئەگۈشتەرنى زادى نەگە قويىدۇ؟

كالتە قۇيرۇق بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئالدىن ئويلىشىۋالمىغاچقا، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي يەرنى تاتىلىغىنىچە بىر دەم تۇرۇپ قاپتۇ. دىۋىلەرنىڭ «تېز جاۋاب بەر!» دەپ گۈلدۈرمامىدەك ھەر تەرەپتىن تۆۋلاشلىرىدىن ھودۇققان كالتە قۇيرۇق ئاغزىغا كەلگەن بىر گەپنى دەپتۇ:

— ئۇ ھېلىقى ئەگۈشتەرنى كېچە-كۈندۈز ئاغزىغا سېلىپ يۈرۈيدۇ.

— نېمە! — دەپ ۋارقىراپتۇ دىۋىلەرنىڭ كاتتىبېشى كالتە قۇيرۇقنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، — سەن جېنىڭدىن تويغان ئوخشايسەن، بولمىسا نېمىدەپ قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەيسەن؟ بىزنىڭ ئۇ ئەگۈشتىرىمىز، سىلەردەك چاشقاننىڭ ئاغزىغا قانداقمۇ پاتسۇن؟! بۇ ئۆلگۈر چاشقاننى كېلىشتۈرۈپ بىر ساۋاپ قويۇڭلار!...

دىۋىلەر كالتە قۇيرۇقنىڭ قول، پاچاقلىرىغا تازا ساۋاپتۇ. تاياققا چىدىمىغان

كالتە قۇيرۇق يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— ماقۇل، ماقۇل، مەن راست گېپىمنى قىلاي، سىلەر مېنى ئۇرماي تۇرۇڭلار، مەن چوقۇم سىلەرگە ئۇ ئەگۈشتىرىڭلار-نىڭ نەدىلىكىنى دەپ بېرىمەن، — كالتە قۇيرۇقنىڭ بىچارىلەرچە يالۋۇرۇشلىرىنى ئاڭلىغان دىۋىلەر ئۇرۇشنى توختىتىپتۇ. دىۋىلەرنىڭ كاتتىبېشى گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازى بىلەن:

— قېنى ئېيتە؟ — دەپ قاتتىق ۋارقىراپتۇ.

— سىلەرنىڭ ئۇ ئەگۈشتىرىڭلارنى ئاغمىخان باش خۇددى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلماقچى بولغاندەك قۇيرۇقىغا باغلاپ يۈرۈيدۇ، سىلەر چاشقانلار يۇرتىغا بېرىپ ئاغمىخان باشنى قولغا چۈشۈرسەڭلارلا ئەگۈشتىرىڭلارنى قايتۇرۇۋالالايسىلەر، — دەپتۇ كالتە قۇيرۇق دۇدۇقلاپ تۇرۇپ. دىۋىلەرنىڭ كاتتىبېشى ئۇنىڭ يەنە يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلىۋاپتۇ.

— ھۇ ھارام تاماق، سەن بۇ يالغان-ياۋىداقلىرىڭ بىلەن بىزنى ئەمەس، چىۋىن، چۈمۈلىلەرنىمۇ ئالدىيالمايسەن! — ئۇ قول ئاستىدىكىلىرىگە غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ، — بۇ يالغانچى ئەبلەخنى تازا ساۋىغاندىن كېيىن، ھېلىقى سۇ ئاستى غارىغا سولىۋېتىڭلار، بۇ شۇ يەردە ئاچلىقتىن ئۆلسۇن!

دىۋىلەر كالتە قۇيرۇقنى ھوشىدىن كەتكىچە ساۋاپ ئۇنى سۇ ئاستىدىكى تاش غارغا سولاپ غار ئاغزىنى يوغان تاش بىلەن ئېتىۋېتىپتۇ.

كالتە قۇيرۇق غاردا بىر كېچە ھوشسىز ياتقاندىن كېيىن تاڭ ئاتارغا يېقىن ھوشىغا كەپتۇ. بىراق ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ ئاغرىپ پەقەت مىدىر-لىيالماپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇش ئۈچۈن نەچچە قېتىم تەمشەلگەن بولسىمۇ، بەدىنىنىڭ چىدىغۇسىز ئاغرىشى ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇشقا قويماپتۇ.

ھەي ئەمدى ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم، — كالتە قۇيرۇق ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ، — مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قانداق ئىشلار يۈز بېرەر؟ ھوي، بۇ يەر نېمىدېگەن قاراڭغۇ، بەلكى مەن ھازىر ئۆلۈپ بولغان بولۇشۇممۇ مۇمكىن، ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسام نېمىشقا مىدىرلىيالماي-مەن. توختاپتۇر مەن ئۆزۈمنى بىر چىمداپ باقاي، ۋايجان نېمانچىلا ئاغرىيدۇ، ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بەدىنى تېخىمۇ ئاغرىيدىغان بولۇپ كېتىدىغان ئوخشىمامدۇ. ئۆلۈپ كەتكىنىممۇ ياخشى بوپتۇ. بولمىسا ھېلىقى دىۋىلەرنىڭ تايىقى ماڭا ئاراملىق بەرمەيتتى. مانا بۇ يەردە ھېچكىم مېنىڭ ئارامىمنى بۇزالمايدۇ. ئەمدى مەن ھايات چاغلاردىكى ئىشلىرىمنى ئويلاپ باقايچۇ. ئاغمىخان باش، پارقىراق كۆز، بىگىز قۇيرۇق، توغرا، بۇلار مېنىڭ دوستلىرىم ئىدى. ئاغمىخان باشمۇ كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن ئەسكىلىك قىلغىنى بىلەن كۆڭلىدە يامانلىقى يوق نېمىتى، ھەي ئاشۇ ئاداشقىمۇ نېمە جاپا، ھەدېسە چاشقانلار يۇرتىنى قانداق قىلسام گۈللەندۈرەرمەن دەپ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقارغىنى چىقارغان، ئۇنداق ئاۋارە بولغىچە مانا ماڭا ئوخشاش ۋاقتىدا ئۆلۈپ ئارام خۇدا دەم ئالسا بولماسمىدى...

كالتە قۇيرۇق خىيالىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەمدى ئۇ چۈش كۆرۈشكە باشلاپتۇ.

ئۇ چۈشىدە قاناتلىق بىر چاشقانغا ئايلىنىپ قاپتۇدەك، ئۇ ئېگىز بىر تاغ چوققىسىغا قونۇپ، چاشقانلار يۇرتىنىڭ

بايرىقنى چوققىغا تىكلىگىنىچە ھەيۋەت بىلەن تۇرغۇدەك. دۇنيادىكى بارلىق چاشقانلار تاغ باغرىغا يىغىلىپ، كالتە قۇيرۇققا تەنتەنە قىلىۋاتقۇدەك. ئۇ خۇددى دىۋىلەر كاتتىبېشىنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازىغا ئوخشايدىغان ئاۋازى بىلەن مۇنداق دەپ سۆزلەۋاتقۇدەك:

— سۆيۈملۈك دوستلىرىم، قەدىرلىك باللىرىم، مەن ئۇ ئالەمگە بېرىپ كەلدىم. ھازىر مېنىڭ قۇيرۇقۇم ئەسلىگە كەلگەندىن باشقا، ماڭا بىر جۈپ قاناتمۇ پۈتۈلدى. ئەمدى مەن سىلەرگە ھەقىقىي باشلىق بولدۇم، نەسلى ئېنىق بولمىغان ئاغمىخان باشتەكلەرنىڭ سىلەرگە باشلىق بولىدىغان دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى. ئاغمىخان باشقا ئوخشاش قارانىيەتلەر مېنىڭ قۇيرۇقۇمنىڭ كالتە ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، مېنى سىلەردىن ئايرىلىپ ئۇ ئالەمگە كېتىشكە مەجبۇر قىلغانىدى. ئاغمىخان باشتەك ئۇنداق مەجرۇھلارنىڭ ئەمدى سىلەرگە باشلىق بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، سىلەر بىلەن بىرگە ياشاشقىمۇ سالاھىيىتى توشمايدۇ. قاراڭلار مېنىڭ بۇ قاناتلىرىمنى...

كالتە قۇيرۇق قاناتلىرىنى چاشقانلارغا كۆرسىتىپ قويۇش مەقسىتىدە قانىتىنى شۇنداق كېرىۋاتقان چېغىدا ئاسماندىن ئاجايىپ يوغان قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كېلىۋاتقان دىۋىلەرنىڭ كاتتىبېشىنى كۆرۈپ قاپتۇدەك. ئۇ، ئۇچۇپ كەتمەكچى بولۇپ ئەمدى تەمشىلەي دېگەندە قاناتلىرى نەگىدۇر غايىب بوپتۇدەك. قورقۇپ كەتكەن كالتە قۇيرۇق دىۋىلەرنىڭ كاتتىبېشىدىن، ئۆزىنى قاچۇرىمەن دەپ تاغدىن پەسكە دومىلاپ چۈشۈپ كېتىپتۇ...

كالتە قۇيرۇق ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ يەنە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياتقانلىقىنى بىلىپتۇ-دە، ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەشكە باشلاپتۇ: مەن چوقۇم ئۆلۈپ كەتمىگەن ئوخشايمەن، بولمىسا نېمە ئۈچۈن قورسىقىم ئاچىدۇ. ھېلىقى دىۋىلەر مېنى ئۇرۇپ تاش غارغا سولاپ قويغانىكەن-دە، مەن بۇنداق يېتىۋەرمەي بۇ يەردىن قېچىپ كېتىشنىڭ ئامالىنى قىلاي. كالتە قۇيرۇق ئەمدى پۈتۈن بەدىنىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىۋاتقىنىغا قارىماي ئورنىدىن تەستە تۇرۇپتۇ. تىمىسقىلاپ مېڭىپ يۇرۇپ تاش غارنىڭ بىر تەرىپىگە كەپتۇ-دە، پۈتۈن كۈچىنى ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىنى يىغىپ، غارنىڭ تېمىنى كولاشقا باشلاپتۇ. كالتە قۇيرۇق بۇرۇندىنلا يەر ۋە تاملارنى كولاشقا ماھىر ئىكەنتۇق. ئۇ پۈتۈن بەدىنىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ كولاۋېرىپتۇ. كولاش جەريانىدا قولىغا ئۇرۇلغان بەزى گىياھلارنىڭ يىلتىزلىرىنى مەززە قىلىپ يەپ قورسىقىنىمۇ خېلىلا تويغۇزۇۋاپتۇ. ئۇ مۇشۇ تەرىقىدە توختىماي كولاۋېرىپتۇ. توپتوغرا بەش سائەت كولىغاندىن كېيىن تاش غارنىڭ ئىچىگە سۇس بىر يورۇقلۇق كىرىپتۇ. بۇنىڭدىن ئىلھاملانغان كالتە قۇيرۇق تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ كولاشقا باشلاپتۇ. ھېلىقى سۇس يورۇقلۇق كىرگەن تۆشۈك بارغانسېرى يوغىناپ كالتە قۇيرۇق پاتقۇدەك ھالەتكە كەلگەندە، يورۇقلۇق كىرگەن تەرەپتىن قانداقتۇر بىر ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. مەن يەنە دىۋىلەرگە تۇتۇلۇپ قالماي جۇمۇ، دەپ ئويلىغان كالتە قۇيرۇق ئورنىدا جىمجىت تۇرغىنىچە ھېلىقى ئاۋازغا قولاق ساپتۇ.

— باللىرىم، سىلەر ھەرگىزمۇ سىرتقا چىقماڭلار، ھېلىقى رەھىمسىز دىۋىلەر بىزنىڭ سۇ ئاستىدىكى ئاشۇ كەڭرى ماكانىمىزنى

ئۇنگلىنۋالدى. ئۇلار سىلەرنىڭ نۇرغۇن قېرىندىشىڭلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئەتراپى تاشلار بىلەن ئورالغان مۇشۇ يەر بىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ماكانىمىز بولۇپ قالدىغان ئوخشايدۇ، بەلكى ئۇ يىرتقۇچلار بۇ يەرنى بىلىۋېلىپ بىزنى باشقا يەزلەردە سەرسان بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر قىلىشىمۇ مۇمكىن، ھەر ھالدا ئۇلار ھازىرچە بۇ يەرنى بايقىيالمايدىغاندەك قىلىدۇ.

كالتە قۇيرۇق سۆزلەۋاتقانلارنىڭمۇ دىۋىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا يامانلىق قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن تۆشۈكتىن ئاستا بېشىنى چىقىرىپ ئۇلارغا دىققەت بىلەن قاراشقا باشلاپتۇ.

بۇ يەر بۈك- باراقسان سۇ ئاستى ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن بېزەلگەن خۇددى باغچىغا ئوخشاش چىرايلىق بىر يەر بولۇپ، ئەتراپى ناھايىتى ئېگىز تاشلار بىلەن ئورالغانىكەن. باراقسان ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىك ناھايىتى ئازادە بولۇپ، ھەر قانداق ئويۇننى ئويناشقا ماس كېلىدىكەن. بايا سۆزلەۋاتقىنى ئۆزىنى تونۇشتاتقان ناھايىتى چىرايلىق، سالاپەتلىك ئانا ئالتۇن بېلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلىرى بىر- بىرىدىن چىرايلىق ئالتۇن بېلىق قىزلار ئىكەن. ئالتۇن بېلىق قىزلار ئانىسىنىڭ گېپىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن «دېگىنىڭىز بويىچە قىلىمىز، جان ئانا» دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرغۇدەك. ئۇلارغا ئۆزىنى قانداق مەلۇم قىلىشنى بىلەلمىگەن كالتە قۇيرۇق ئورنىدىن مىدىرلىماي خېلى ئۇزۇن تۇرۇپتۇ ھەم مۇنداق ئويلاپتۇ: ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالسام، دىۋىلەرنىڭ قورقىتىشى بىلەن يۈرەكزالدى بولۇپ كەتكەن ئالتۇن بېلىقلارنى قورقىتىۋېتىشىم مۇمكىن. ئۇلارنى چاقىرسام تېخىمۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. شۇڭا مەن ئەڭ چىرايلىق ناخشىدىن بىرنى ئېيتىپ ئۇلارنى ئۆزۈمگە جەلب قىلاي... شۇنىڭ بىلەن ئۇ گېلىنى قىرىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزى بىلىدىغان بىر ئاھاڭغا ئۆزى توقۇغان قوشاقنى سېلىپ ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

ھەي چىرايلىق ئالتۇن بېلىقلار،
مېنى سىلەر دوست دەپ بىلىڭلار.
مەنمۇ دەردمەن سىلەرگە ئوخشاش،
دەرد- ھالىمغا يېتىپ قويۇڭلار.

ئىسمىم مېنىڭ كالتە قۇيرۇق چاشقان،
ئۆز يۇرتۇمدىن يامانلاپ قاچقان.
قۇيرۇقۇمغۇ ئەسلى ساق ئىدى،
ئۈزىۋەتكەن ئۇنى شۇم قاپقان.

تۇتۇۋېلىپ مېنى دىۋىلەر،
سولاپ قويغانىدى تاش غارغا.
ئەگۈشتەرنى تېپىپ بەر بىزگە دەپ،
ئايلاندۇردى مېنى خار-زارغا.

ئالتۇن بېلىقلار تۇيۇقسىز چىققان بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ باشتا قورقۇپ كېتىپتۇ. كېيىن ناخشىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان چاشقاننىڭ ئۆزلىرى بىلەن تەقدىرداش بىر بىچارە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ ناخشىسىغا جاۋابەن مۇنداق ناخشا ئېيتىپتۇ:


بولمىسىلا يامان نىيىتىڭ،
بىزمۇ سېنى دوست دەپ بىلىمىز.
ھەمدە ساڭا ياخشىلىق قىلىپ،
دەرد- ھالىڭغا جەزمەن يېتىمىز.

دوست بولماقچى بولساڭ بىز بىلەن،
سالام قىلىپ كەلگىن بۇياققا.
مەنزىلىڭنى تېپىپ بېرىمىز،
كەتمەك بولساڭ ئەگەر يىراققا.

ئەھۋالىڭنى ئېيتىپ بەر بىزگە،
ناخشا قىلىپ قېتىپ قوشاققا.

ئالتۇن بېلىقلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ چىرايلىق ئالتۇن بېلىق قىزنىڭ ناھايىتى زىل ئاۋاز بىلەن ئېيتقان بۇ ناخشىسى كالتە قۇيرۇقنى تولىمۇ تەسىرلەندۈرۈۋېتىپتۇ. شۇڭا تۆشۈكتىن چىقىپ ناھايىتى ئەدەب بىلەن ئالتۇن بېلىق ئانىغا ۋە ئالتۇن بېلىق قىزلارغا سالام قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى مۇڭلۇق بىر ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا قىلىپ ئېيتىپ ئالتۇن بېلىق ئانا ۋە ئالتۇن بېلىق قىزلارنى تەسىرلەندۈرۈۋېتىپتۇ.

— ھېلىقى دىۋىلەردىن ئېلىۋالغان ئەڭگۈشتەرنىڭ رەڭگى-سىياقى ھازىرمۇ ئېسىڭدە بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئالتۇن بېلىق ئانا كالتە قۇيرۇقنىڭ سەرگۈزەشتلىك



ناخشىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

— ئېسىمدە بار، مەن ئۇ ئەڭگۈشتەر-نىڭ سىياقىنى سىزگە ئەينەن دەپ بېرەلەيمەن، — دەپتۇ كالتە قۇيرۇق ئالتۇن بېلىق ئانىنىڭ ئۇنىڭدىن بۇ سوئالنى ياخشى بىر مەقسەتتە سوراۋاتقانلىقىنى بىلىپ.

— ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى ئىش بولدى. سېنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىڭ بىز ئۈچۈنمۇ خاسىيەتلىك ئىش بولىدىغان بولدى. مەن ھەر قانداق نەرسىنى تەقلىد قىلىپ ئۆز ئەينى ياسىيالايمەن. ئەگەر سەن ئاشۇ ئەڭگۈشتەرنىڭ رەڭگى-سىياقىنى دەپ بېرەلىسەڭلا، ئۇ زالىم دىۋىلەرنى بۇ يەردىن قوغلاپ مەڭگۈ كەلمەس قىلىۋېتەلەيمىز، — دەپتۇ ئالتۇن بېلىق ئانا خۇشال بولغان ھالدا.

شۇنىڭ بىلەن كالتە قۇيرۇق ئالتۇن بېلىق ئانىغا ھېلىقى ئەڭگۈشتەرنىڭ رەڭگى-سىياقىنى ئۆز ئەينى قىلىپ تەسۋىرلەپ بېرىپتۇ. ئالتۇن بېلىق ئانا قىزلىرىغا كالتە قۇيرۇقنى ياخشى كۈتۈشنى تاپىلاپ ئۆزى ھۇجرىسىغا كىرىپ ھېلىقى ئەڭگۈشتەرنىڭ تەقلىدىي شەكلىنى ياساشقا باشلاپتۇ. ئالتۇن بېلىق ئانا بىر كېچە ئۇخلىماي ئەجىر قىلىپ دېڭىز ئاستىدىكى ھەر خىل تاشلاردىن پايدىلىنىپ، ئاخىرى ھېلىقى ئەڭگۈشتەرنىڭ ئەينەن ئۆزىنى ياساپ چىقىپتۇ. كالتە قۇيرۇق ئالتۇن بېلىق قىزلار تەييارلاپ بەرگەن ئېسىل نېمەتلەرنى تويغۇچە يەپ قورسىقىنى راسا تويغۇزغاندىن كېيىن، ئۆزى ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان تۆشەكتە قانغۇچە ئۇخلاپ تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. كېچىچە ئۇخلىمىغان ئالتۇن بېلىق ئانا ئۆزى ياسىغان تەقلىدىي ئەڭگۈشتەرنىڭ ئوخشىغان-ئوخشىمىغانلىقىنى كالتە قۇيرۇقتىن سوراپ بىلىش ئۈچۈن

ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ھەمدە يېنىدىكى تەقلىدىي ئەڭگۈشتەرنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن سوراپتۇ:

— قارا، چاشقانجان، مانا بۇ سەن دېگەن ھېلىقى ئەڭگۈشتەرگە ئوخشاپتۇمۇ؟

— دەل ئۆزى، دەل ئۆزى شۇ! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ كالتە قۇيرۇق.

— سېنىڭ بايا ئېيتقان گەپلىرىڭ راستلا بولسا، ئەمدى بىز بۇ دۆۋلەرنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىمىز، سەن مېنىڭ مەقسىتىمگە چۈشەنگەنسەن، ھازىر بىز دۆۋلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ: بىز سىلەرنىڭ ھېلىقى ئەڭگۈشتىرىڭلارنى تېپىپ ئىشلەتمىگەن، ئەگەر سىلەر بۇ يەردىن تېز يوقالمايدىغان بولساڭلار قۇرت-قوڭغۇزغا ئايلاندۇرۇۋېتىمىز، دېسەك ئۇلار ئالدى-كەينىگە قارىماي بەدەر قاچىدۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، بۇ بەك ياخشى ئىش بوپتۇ، — دەپ سەكرەپ كېتىپتۇ كالتە قۇيرۇق ئالتۇن بېلىق ئانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

ئالتۇن بېلىق ئانا ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى بىلەن كالتە قۇيرۇق قىيا تاشلار ئوراپ تۇرغان قورۇقتىن چىقىپ دۆۋلەر تۇرۇشلۇق ئورۇنغا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئۇلار دۆۋلەر تۇرۇشلۇق يەرگە ئاز قالغاندا دالىدىغا ئۆتۈپ دۆۋلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپتۇ. بۇ چاغدا دۆۋلەر 20 نەچچە سائەتلىك ئۇيقۇسىنى تۈگىتىپ ئەسنىگىنىچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بىر يەرگە توپلىشىۋاتقانىكەن.

— ھە راست، بۈگۈن ئۇلارنىڭ يىغىن ئاچىدىغان كۈنى، بىز بىردەم كۈتۈپ تۇرايلى، — دەپتۇ ئالتۇن بېلىق ئانا يوغان بىر قىيا تاشنىڭ ئالدىدىكى بوشلۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

راست دېگەندەك بىردەمدىن كېيىنلا دۆۋلەرنىڭ ھەممىسى ھېلىقى قىيا تاشنىڭ ئالدىغا يىغىلىپتۇ. ھەيۋەت تاش ئورۇندۇققا چىقىپ ئولتۇرغان تاغ تېشەر دەپ ئاتىلىدىغان دۆۋلەرنىڭ كاتىپىشى بۇ يەرگە يىغىلغان دۆۋلەرگە سەل بىئارام بولغاندەك چىرايىنى سەت پۈرۈشتۈرۈپ قارىۋەتكەندىن كېيىن گۈلدۈرلەپ سۆزلەپتۇ:

— مەن سىلەرنى بۇ يەرگە نېمە مەقسەتتە يىغقانلىقىمنى ئۆزۈڭلار بىلسىلەر، بىز ئۆزىمىزگە پۇختا بولمىغاچقا، ئەڭگۈشتىرىمىز، يەنى خاسىيەتلىك گۆھىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق، شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ھەر قانداق ئىشىمىز ئەپلەشمەيۋاتىدۇ. ھازىرمۇ بىز ئۆزىمىزنى ھەرگىزمۇ بۇ سۇ ئاستىنىڭ بىردىنبىر خوجايىنى دەپ ئېيتالمايمىز، بىز بۇ يەردىكى ئالتۇن بېلىقلارنى قورقىتىۋالغىنىمىز بىلەن بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى كىت-لەھەڭلەر بىزنىڭ بۇ يەرنى ئىگىلىۋالغىنىمىزنى بىلسە چوقۇم بىز بىلەن ئېلىشماي قالمايدۇ. بىز ئەڭگۈشتەرسىز ئۇلارغا ھەرگىزمۇ تەڭ كېلەلمەيمىز، ھېلىقى ئۆلگۈر چاشقانمۇ ئۇ ئەڭگۈشتەرنىڭ نەدىلىكىنى ئېنىق بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ، ئەگەر بىلگەن بولسا، تاياقنىڭ ئاچچىقىغا چىدىماي بولسىمۇ ئىقرار قىلغان بولاتتى. ئۇنى سولاپ قويغىلىمۇ ئىككى كۈن بولاي دەپ قالدى، بەلكى ئۇ بۇچاغقا ئاچلىقتىن ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى بىز چاشقانلار يۇرتىغا كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ھېلىقى ئاغمىخان باش دېگەننى قولغا چۈشۈرەيلى. ئەگەر كالاكپايلىق قىلىپ ئازراقلا شەپە چىقىرىپ قويىدىغان بولساق، ئۇلار ئەڭگۈشتەرنى ئىشلىتىپ بىزنى قۇرت-قوڭغۇزغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

شۇڭا تولىمۇ هوشىيار بولۇشىمىز كېرەك...

دېۋىلەرنىڭ كاتتىبېشى ئەنە ئاشۇنداق سۆزلەۋاتقان چاغدا كالتە قۇيرۇقلار بىردىنلا دېۋىلەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. ئۇلارنى كۆرگەن دېۋىلەر دەرغەزەپكە كېلىپ ئۇلارغا ئېتىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا، كالتە قۇيرۇق ھېلقى تەقلىدىي ئەڭگۈشتەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بارچە ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپتۇ:

— مىدىرلاشما، سەنلەر كىچە-كۈندۈز ئويلاۋاتقان ئەڭگۈشتەر مانا مېنىڭ قولۇمدا، ئەگەر قايسىڭ ئالدىڭغا بىر قەدەم مېڭىشقا پېتىنىدىكەنسەن، ھازىرلا قۇرت-قوڭغۇزغا ئايلاندۇرىۋېتىمەن. بۇ خاسىيەتلىك گۆھەر-نىڭ قۇدرىتىنى بىزگە قارىغاندا ھەرقايسىڭ ئوبدان چۈشىنىسەن. ئالتۇن بېلىقلارنىڭ يۇرتىنى بىكارلاپ ئۆز يولۇڭنى تېپىشمايدىغان بولساڭ ھازىرلا بۇنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتى-مەن.

— ئۇنداق قىلمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىز بۇ يەردىن ھازىرلا يوقىلايلى، — دېۋىلەر كالتە قۇيرۇقنىڭ قولىدا نۇر چېچىپ تۇرغان تەقلىدىي ئەڭگۈشتەرنى كۆرۈپ قورققىنىدىن داد-پەر-ياد سېلىپ كېتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ھازىرلا كۆزۈمدىن يوقىلىش!

ئالاقزادىلىك ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغان دېۋىلەر كالتە قۇيرۇق ھەر ھالدا بىزنىڭ جېنىمىزنى ئالمىدى دەپ خۇش بولۇپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. ئالتۇن بېلىقلار خۇشال-لىقىدىن چۇرقىرىشىپ كالتە قۇيرۇقنى كۆتۈرۈۋېلىپ تەنتەنە قىپتۇ.

ئالتۇن بېلىق ئانا قىزلىرىنى ھەرقايسى تاش ئارىلىقلىرىدا يوشۇرۇنۇپ جان ساقلا-ۋاتقان بارلىق ئالتۇن بېلىقلارغا دېۋىلەرنىڭ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ. كۆپ ئۆتمەي تاش غارلارغا ۋە تاش ئارىلىرىغا مۆكۈشۈۋالغان ئالتۇن بېلىقلار بىردەمدىلا خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمىگەن ھالدا پىلتىڭلاپ سەكرەپ ئالتۇن بېلىق ئانا بىلەن كالتە قۇيرۇق بار يەرگە جەم بوپتۇ.

مانا ئەمدى ئالتۇن بېلىقلارنىڭ يۇرتى ھەقىقەتەنمۇ بايرام پەيزىگە چۆمۈپتۇ. ئالتۇن بېلىق ئانا بارلىق ئالتۇن بېلىقلارغا ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋالغان كالتە قۇيرۇقنى تونۇشتۇرۇپتۇ ھەمدە دېۋىلەرنى قانداق قىلىپ بۇ يەردىن قوغلىۋېتىش جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. دېۋىلەرنىڭ ئازابىدىن ئەركىن ھەرىكەت قىلالماي جاق تويۇپ كەتكەن بارلىق ئالتۇن بېلىقلار خۇشاللىقىدىن كالتە قۇيرۇقنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتىپتۇ. ئالتۇن بېلىقلارنىڭ كالتە قۇيرۇقنى توختىماي قۇچاقلاپ رەھمەت ئېيتىشلىرى كالتە قۇيرۇقنى ھارغۇزۇپمۇ قويۇپتۇ. بۇنى ھېس قىلغان ئالتۇن بېلىق ئانا ئالتۇن بېلىقلارغا قاراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەمدى بولدى قىلىڭلار، چاشقانجان سىلەرنىڭ ئۆزىگە قانچىلىك تەشەككۈر ئېيتىدىغانلىقىڭلارنى چۈشەندى. ئەڭ ياخشىسى بىز چاشقانجاننى مەدھىيىلەپ بىر ئۇمۇمخور ئېيتايلى! — ئالتۇن بېلىق ئانىنىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن بارلىق ئالتۇن بېلىقلار خۇددى كېلىشىۋالغاندەك ناھايىتى ياڭراق ئاۋاز بىلەن ئۇمۇمخور ئېيتىشقا باشلاپتۇ:

چاشقانجان،
چاشقانجان!

سەن شۇنچە ئاق كۆڭۈل، بەختيار،
سەن بولغاچ قۇتۇلدۇق ئازابتن،
سەن بولغاچ،
بزگە خاس بولدى بۇ جان ماكان.
چاشقانجان،
چاشقانجان!
سەن بزگە بوپقالدىڭ نجادكار،
بولغن سەن تائەبەد بەختيار.
چاشقانجان،
چاشقانجان!
بولغن سەن تائەبەد بەختيار!

ئالتۇن بېلقلار بۇ ئومۇمخورنى ياڭرىتىپ ئىبىتقىنچە كالتە قۇيرۇقنى كۆتۈرۈۋېلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ يەرگە چۈشۈرمەپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئالتۇن بېلىق يۇرتىنىڭ ئەڭ گۈزەل جايلىرىنى سەيلى قىلدۇرۇپتۇ. ئەڭ ئېسىل نازۇنېمەتلەر بىلەن مېھمان قىپتۇ.

تۆت، بەش سائەت داۋاملاشقان بۇ شادلىق تەنتەنىسى كالتە قۇيرۇقنى بەكلا چارچىتىۋېتىپتۇ. شۇڭا ئۇ ئالتۇن بېلىقلار راسلاپ بەرگەن يۇمشاق تۆشەكتە بەھۇزۇر ئۇخلاپ قاپتۇ. ئالتۇن بېلىق قىزلار كالتە قۇيرۇقنىڭ دېڭىزلەر قەيەرگىدۇر تاشلاپ كەتكەن كاتېرىنى تېپىپ ئەكىلىپ قويۇپتۇ.

كالتە قۇيرۇق تاڭ سۈزۈلگەندە قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. چۈشىدە دېڭىزلەر چاشقانلار يۇرتىنى بېسىۋاپتۇدەك. ئاغمىخان باش قاتارلىق دوستلارىنىڭ پۇت-قولىنى باغلاپ، بىر-بىرلەپ بوغۇزلاۋاتقۇدەك. ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ-تۇرۇپ ئالتۇن بېلىق ئانىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— مەن قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن. مېنىڭ كۆڭلۈم سېزىپ تۇرىدۇ، چوقۇم ھېلىقى ياۋۇز دېڭىزلەر ئەگكۈشتەرنى بىزدە قالدى، چاشقانلار يۇرتىدا ئەگكۈشتەر يوق دەپ قاراپ ئۇ يەرگە بېرىپ قېرىنداشلىرىمنى بوزەك قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، مەن ھېلىقى تەقلىدىي ئەگكۈشتەرنى ئېلىپ بېرىپ دوستلىرىمنى قۇتقۇزۇۋالاي. سىلەر ماڭا ياردەم قىلىڭلار! — دەپتۇ.

كالتە قۇيرۇق چاشقانلار يۇرتىغا يېتىپ كەلگەندە راست دېگەندەك دېڭىزلەر ئاغمىخان باش قاتارلىقلارنى باغلاپ راسا ساۋاۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرۈپ ئاچچىقى كەلگەن كالتە قۇيرۇق تەقلىدىي ئەگكۈشتەرنى چىقىرىپ ھەيۋە قىپتۇ. كالتە قۇيرۇقنىڭ قولىدىكى ئەگكۈشتەرنى كۆرگەن دېڭىزلەر داد-پەرياد كۆتۈرگىنچە بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

كالتە قۇيرۇق بىلەن ئاغمىخان باش قۇچاقلاشقىنچە ھۆكرەپ يىغلىشىپ كېتىپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ يوق بىر ئىش تۈپەيلىدىن بىر-بىرىنى رەنجىتكەنلىكى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىشىپتۇ. كالتە قۇيرۇق ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بارلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

چاشقانلار يۇرتىدا يەنە ئىناق، باياشاد بولغان قىزغىن ھايات باشلىنىپتۇ. ئاغمىخان باش، كالتە قۇيرۇقلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن زېھنىنى يۇرتىنى گۈللەندۈرۈشكە سەرپ قىلىشقا باشلاپتۇ.

سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار، كالتە قۇيرۇق چاشقانلارنىڭ ھېكايىسىنى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتۇرىمەن، بۇ ھېكايە سىلەرنى ئاز-تولا قىزىقتۇرالىغان بولسىلا، مەن ئىنتايىن خۇشال.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل**

ئابابەكرى توختى

## ياكلىق كۆلگەن جەننەتسەن

### ئايال ھەققىدە ناخشا

شۇنچە لىۋەن بىر مۆزىكسەن،
ھېچكىم، ئاڭلاپ تۈگىتەلمىگەن.
ئاڭلىسمۇ ئەسىرلەپ ئىنسان
سىرلىرىڭنى ھېچ يېشەلمىگەن.

كىچىككىنە كەنتسەن ئەمما،
ئالەم سېنىڭ باغرىڭدىكى يول.
كۆچمىسىلا ئاشىق يولۇچى،
مەشۇقلۇقنى قىلسەن قوبۇل.

بىر گۈلسەنكى، بەرگىڭدىكى ياش
يۈرەكلەرنى قان قىلار يونۇپ.
كۈلسەڭ ئەگەر كۆكتىكى قۇياش
لەۋلىرىڭگە ئالدۇ قونۇپ.

پاكلىق كۆلگەن جەننەتسەن، جەننەت،
چىركىن ھېسلار سالالماس شۇملۇق.
دەز كەتسە گەر جانان چىنەڭگە،
بوپ قالسەن بورانلىق قۇملۇق.

### زېمىن

ساڭا تۇغۇلغاندا يىغلاپ تۇغۇلغان،
ھە، شۇڭا كۈلۈشكە تولەيمەن بەدەل.
يىغلاپ ياشىسامۇ ئالدىڭ باغرىڭغا،
مېھرىڭ بولۇپ گويا ۋۇجۇدۇمدا سەل.

شۈكرى، ئېتىقادىم بولمىدى پايخان،
نى مەشئۇم بالادىن يۇتسامۇ زەھەر.
پاك كەتتىم، ئەبەدىي ئېتسەن ئەللەي،
بۆشۈكۈم سەن بەرگەن ئىككى مېتر يەر...

### نە ھاجەت يۈرىكىم، يىغلاپ ئاھ ئۇرۇش

نە ھاجەت يۈرىكىم، يىغلاپ ئاھ ئۇرۇش،
تىنچلان، قايغۇڭنى ئۇنتۇغىن بىردەم.
ئۆتمۈشۈڭ چۈش كەبى قالدى يىراقتا،
كۆكتىكى يۇلتۇزلار سىردىشىڭ شۇدەم.

نە ھاجەت يۈرىكىم يىغلاپ ئاھ ئۇرۇش،
بۇ ھايات يەنىلا گۈزەل ۋە شېرىن.
بىر لەھزە ھەسرەتنى ئۇنتۇيالساڭ،
بىر لەھزە شادلىقتا ئاللايسەن تىن...

### بىر قىز ئۆتتى دېرىزەمنىڭ ئالدىدىن

بىر قىز ئۆتتى دېرىزەمنىڭ ئالدىدىن،
قىلىپ يەنە يۈرىكىمنى مالىمان.
مېڭىشلىرى ئوخشايدىكەن ساڭا بەك،
قولىدا گۈل، كۈلۈشلىرى شادىمان.

مەن يۇرتۇمنىڭ بولۇپ كەنجى شائىرى،
كۈيلەپ ئۆتتۈم سەندەك تالاي قىزلارنى.
بۇ ھاياتنىڭ بورانلىرى ۋە لېكىن
سۈپۈرۈۋەتتى باسقان تالاي ئىزلارنى.

ئاينى ئېلىپ ئالقىنىمغا تۈنلەردە
شېئىر يازسام دېرىزەمنى چەككەنلەر
ئوغرىلاپلا شېئىرىمدىكى ئۆزىنى،
بولدى يەنە مېنى تاشلاپ كەتكەنلەر.

قاپاق تۇرۇپ ياشالمايمەن ھاياتتا،
كۈلۈش ئۈچۈن يارالغانمەن ئەسلىدە.
كۈلۈپ تۇرۇپ ياشىيالمىدىم ۋە لېكىن،
مۇھەببەتنىڭ بۇ ئالدامچى پەسلىدە.

قىزلار، قىزلار، سىلەر ئۈچۈن چېكىپ دەرد،
تەنها قالدىم قەلبىمدىكى ئۆزۈمدەك.
تىنچسىز تۈن چىللاپ تۇرغان مەنزىلگاھ
كۆرۈندىغۇ قول يەتمىگەن ئۆزۈمدەك.

بىر قىز ئۆتتى دېرىزەمنىڭ ئالدىدىن،
كەلدى ئۇنى قەلبىم تامان باشلىغىم.
بويسۇنمايسەن نېمىشقا ئاھ ئەركىمگە،
قارامىغۇ سەن، سارائمۇ سەن ياشلىقىم؟

**بالىنىڭ چۈشلىرى**

بالىنىڭ چۈشلىرىدە
سانسىز يۇلتۇز بوپ قالار مارجان.
ئالتۇن تاغاق بوپ قالىدۇ ئاي.
ئويغانغاندا يوقاپ ھەممىسى،
يىغلىتىدۇ ئۇنى بىر تالاي...
ئانىسىنىڭ مارجانلىرى يوق،
تاغىقچۇ كونا ھەم سۇنۇق.

ئېيىپ بېرەلمەس ھېچنېمە بالا،
خۇش قىلىشنى ئويلىسىمۇ قوش.
بىراق ھېچكىم مىسكىن ئانىنى
شۇ بالىدەك قىلالمايدۇ خۇش...

**ئەركىن موساق**

## ئارزۇيۇم

پەرۋىشكار باغۋەنلەر قولىدا ئۆستۈم،
قەلبىمدە پارلىدى كەلگۈسى غايە.
كۆچەتمەن، يىلتىزىم ئانا تۇپراقتا،
ئارزۇيۇم ئەل يۇرتقا تاشلاشتۇر سايە.

شۇ غايە ئىشقىدا يانغان ئوت بولۇپ،
باغۋەنلىك بۇرچىنى ئالدىم يەلكەمگە.
يېگىرمە باھارىم ئۆتتى بۇ يولدا،
گۈلزارىم چۆمۈلدى خەندان كۈلكەمگە.

بەلكى ئاق قىراۋلار قونۇپ چېچىمغا،
قامەتلىك بوي-بەستىم ئېگىلەر تالدەك.
شۇندىمۇ باغۋەنمەن، مېھرىم، ئەقىدەم
ئەۋلادلار قەلبىگە قۇيۇلار بالدەك.

تۇراپ دايىم

# سەھرا ئۈنىڭ بۆشۈكى

## يىللار سىنى يىتىلەي

يىللار مىنى باشلاپ ماڭدى ئۇزاققا،
ھايات بىلەن چىتىپ شۇنچە مۇستەھكەم.
تاشلاپ گاھى ئاچچىق ھەسرەت-پىراققا،
گاھى قىلدى قۇتلۇق تويدا يەنە جەم.

ئۆتكەن يىللار مىنى يۇردۇق يىتىلەپ،
قىسمەتلىرىم سەھنىسدە ئېيتىپ خوز.
يىڭى يىللار ئەمدى سىنى يىتىلەي
ئىقبالىڭنى مەن كۆرسىتەي، بىللە يۈر.

## سەھرا ئۈنىڭ بۆشۈكى

چاتقاللاردىن پاك شەبنەم
سىرغىپ چۈشەر زىمىنغا.
ئاشۇ پاكلىق قوشۇلغان
تۇغۇلغاندا قىنىمغا.
يىراق سەھرا، گۈل سەھرا،
پاكلىق بەرگەن مەرد سەھرا.
گۈزەللىككە تالىدىم
سىنى دىمەي چەت سەھرا.
چەبدەسلىكىنى، يۈرەكىنى،
زىرەكلىكىنى، ئۆملۈكىنى،
سەندىن تاپقان مىڭ تەستە
ھاياتىمغا شەرت سەھرا.
سەھرالىقتەك خۇيۇم بار،
دىھقانلاردەك بويۇم بار.
تۇرمۇش ئۇچۇن تالىلغان
خاسىيەتلىك يولۇم بار.
يوللىرىمدىن يانمايمەن،
سەھرالىق مەن، تانمايمەن.
شەھەردىمۇ ياشىدىم
شەھەرلىكتىن قالمايمەن.
شەھەر، سەھرا بىر تۇغقان،
مەن ئۇلارنىڭ رىشتىسى.
دەپتۇ بىرى نەۋرەمنى
«سەھرالىقنىڭ نەۋرىسى.»
شادلان دىدىم نەۋرەمگە،
سەھرا جەننەت ئىشكى.
شەھەر شۇندىن تۆرەلگەن،
سەھرا ئۈنىڭ بۆشۈكى.

ھەببە يارمەھەممەت

# ئويغاتما ئانا

سۆيۈپ ئۆتەر ئىزغىرىن شامال
قىرغاقتىكى گۈل-گىياھنى ھەم.
ئىلىپ كىتەر خۇش بۇي ھىدلارنى
تاشلىغاندا ئىككىمىز قەدەم.

كۆرۈندۇ قارىيىپ ئەنە
ئۇزاقلارغا سوزۇلغان دەريا.
قىيماي ئاستا يىراقلار شەپەق،
ئۇ مەن سۆيگەن يىگىتتەك بەرنا.

كەڭ قىرغاقتا بۇلاقتەك ئۇقچۇپ،
ئاڭلىنىدۇ كۈلكىمىز تاتلىق.
ۋاقىت بۇندا يوقالغان نىكەم،
پەقەت سۆيگۈ بىردىنبىر شادلىق...

ئاھ، ئويغانغىن، دەپ قالدىڭ مانا،
بۇ چۈشۈمدىن ئويغاتما ئانا!

ئابلەت ئەخمەت

## كۈچىنىڭ باي سۆيۈملۈك سەھرا

### تەرجىمىھالىم

ئانام ئىشچان، ئاددىي سەھرالىق،
دادام جىمغۇر، ساددا بىر دېھقان.
ئىزگۈ كۆيلەر تاراتقان تۇپراق
بۆشۈكۈمدۇر ھەم ئانا ماكان.
بايلىقىمىز ساددىلىق، ئۈمىد،
خىسلىتىمىز پاكتۇر ئەبەدىي.
مەن سەھرانىڭ توپا يولىدا
كېلىۋاتقان بىر گۆدەك-سەبىي...

### دېھقان

كەتمىنىڭدىن پارلىغان قۇياش
باشلاپ كەلدى زېمىنغا باھار.
زىنىقىڭدىن يالتىرىغان نۇر
ئېتىزىڭنى قىلدى باغ-گۈلزار.

توپا كېچىپ يۈرگىنىڭ بىلەن،
گۈللەپ بارار دۇنيا تەرىڭدىن.
سۈنئىي ھەمراھ ئۇچىدۇ بىلسەڭ،
سېنىڭ مۇنبەت ھۆددە يېرىڭدىن.

يېزىلمىدى ئەجرىڭگە قامۇس،
مىننەت قىلىپ باقمايسەن زىنھار.
ماڭلىيىڭدىن تەپچىرىگەن تەر
چىللاپ كېلەر زېمىنغا باھار.

### چىغىر يول

تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم سەندە
ئېگىمدىكى ئەرلىك تۇيغۇنى.
ئۇتلۇق چەمبەر يۆگەلدى تەنگە،
تەرك ئەتتىم شۇندا ئۇيقۇنى.

يالڭاياغ شەبنەمگە دەسسەپ،
قوناقلىقتىن ئۆت ئالغان بىر قىز،
يۈرىكىمنى قويغانتى قەستلەپ،
«رەقىب» بولۇپ قالدى ماڭا تېز.

ماراپ يۈرۈپ كۈندە نەچچە رەت،
«ئۆچ» ئېلىشقا كىرىشتىم تىنماي.
ئوينىساقمۇ مۆكۈشمەك پەقەت،
ئايرىلغاندا ياش تۆكتۇق قىيماي.

يېشىل ھېسقا چۆمگەن كۆكسۈڭدە
تۇنجى باھار كۆردۈم چىغىر يول.
بالقىپ چىقار نۇرلۇق ھۆسنۈڭدە
بىر مەسۇم قىز، سىلكىنگەن جۈپ قول...

ئۆمەرجان شاۋۇدۇن

## تاڭ تارايدۇ تاغلاردىن ھالقىپ

تاڭ تارايدۇ تاغلاردىن ھالقىپ،
گۈزەل قىسسە-رىۋايەت باشلاپ.
ئويغانغان بۇ دىلبەر زېمىننىڭ
لەۋلىرىگە سۆيۈپ، باغاشلاپ.

تاڭ تارايدۇ تاغلاردىن ھالقىپ،
چوققىلارغا تارتقانچە جىيەك.
داللىلارنىڭ ئاپئاق كۆكسىدە
يالتىرايدۇ رەڭدار گۈل-چېچەك.

تاڭ كۆكسىدىن تامچىغان شەبنەم
ياپراقلارغا ئاسىدۇ ئۈنچە.
ئېچىپ گۈلگۈن باغرىنى ئېپار
ھىدلىرىنى چاچىدۇ غۇنچە.

ئانار سۈيى رەڭگىدە ئۇپۇق
كائىناتقا يايىدۇ يوپۇق.

تاڭ ساباسى پۇرقۇسا خۇش ھىد،
بۇلبۇل سايرار گۈل شېخىدا شوق.

ناخشا توۋلاپ ئاقىدۇ دەريا
تەڭكەش قىلىپ سىرلىق ئاھاڭغا.
يۈرەكلەرنى قۇچىدۇ شادلىق
خىرۇستالدەك بۇ سۈزۈك تاڭدا.

تاڭ تارىسا تاغلاردىن ھالقىپ،
باشلىنىدۇ جۇشقۇن بىر ھايات.
گۈزەل ئارزۇ، گۈزەل تىلەكلەر
كۆكلەرلەردە قاقىدۇ قانات.

ئابدۇلھېكىم مەخسۇم

## سۆيگۈدۈر ياشناتقىنى بۇ دۇنيانى

### ئاتامنى ئەسلىگەندە

سەن بولغاچ قاناتلىرىم قايرىلمىغان،
لاچىندەك پەر قاقاتتىم كۆككە ئۆرلەپ.
جان-جېنىم خۇشاللىقتىن ئايرىلمىغان،
سېزەتتىم بوران چىقسا مۇزنىكا دەپ.

سەن بولغاچ تىنىك قىياغا ئات سالاتتىم،
چىغىر يول بىلىنەتتى ماڭا چوڭ يول.
شىر، يولۋاس، يىلپىزلارغا ئېتىلاتتىم،
قۇياشقا يېتەر ئىدى ئۇزاتسام قول.

ئۈزەتتىم مۇز ئوكيانغا سىلىپ قولۋاق،
دېڭىزنى قاينىتاتتى يۈرىكىم ھەم.
سەن بولغاچ ئۇچرىمايتتى ماڭا سوراق،
تاغلارنى كۆتۈرەتتى بىلىكىم ھەم.

ماختانسا بىراۋ ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن،
مەنمۇ تەڭ ماختىناتتىم ئاتام بار دەپ.

سېزەتتىم بۇ دۇنيانى جەننەت ئەينەن،
سەن ماڭا شۇنداق روھنى بەرگەنىڭ زەپ.

ئاھ ئەمدى قېنى كۈلكەم، سەن يوق بۇندا،
يۈرەكنى قاپلىۋالدى دەردلىك پىراق.
قارايمەن باسقان قەدەم ئىزلىرىڭغا،
ئۆزگەردى بۇلاق بولۇپ ياشتا چاناق.

كۆزۈمنى يۇمالمايمەن قارا بېسىپ،
كۈندۈزمۇ كېچە بولۇپ تۇيۇلىدۇ.
كەڭ يولدا كەڭرى ئاياغ پۇتنى قىسىپ،
تومۇزدا يۈرەكتىن مۇز قۇيۇلىدۇ.

جان ئاتا، بولدۇم يېتىم سەن يوق بۇندا،
يۈرەكنى قاپلىۋالدى دەردلىك پىراق.
ۋۇجۇدۇم مۇسىبەتتە يالقۇن-لاۋا،
تۇرىمەن قەبرەڭدە ئاھ، دىدار يىراق...

## سۆيگۈدۇر ياشناتقىنى بۇ دۇنيانى

يارىلىش سۆيگۈ بىلەن، يارىتىشمۇ،
يارالغان-ياراتقانمۇ ئاڭا تەشنا.
سۆيگۈدىن ئۈللىپ بارار سوغۇق قىشمۇ،
ئادەملەر شۇ سۆيگۈگە دىلدىن ئاشنا.

سۆيگۈدىن تۇغۇلىدۇ ياخشى خىيال،
سۆيگۈدۇر چاقناتقىنى يۇلتۇزلارنى.
سۆيگۈدىن تېپىلىدۇ جىمى ئامال،
سۆيگۈدۇر ياشناتقىنى بۇ دۇنيانى.

سۆيگۈدىن پۈتتى ئەنە قانچە كىتاب،
سۆيگۈدىن ئاقار دەريا يەر قۇچاقلاپ.
سۆيگۈدىن تاپتى شىپا كۆرمەك بىتاپ،
ئۇ نوھنىڭ كېمىسىنى قالغان ساقلاپ.

سۆيگۈ دەپ چۈشتى يامغۇر قىزىق قۇمغا،
سۆيگۈ دەپ ماڭار قۇياش مەغرىب تامان.
چىن سۆيگۈ سېتىلمايدۇ مىليون سومغا،
بۇ دۇنيا سۆيگۈ بىلەن گۈزەل ھامان...

يارىلىش سۆيگۈ بىلەن، يارىتىشمۇ،
يارالغان-ياراتقانمۇ ئاڭا تەشنا.
سۆيگۈدىن ئۈللىپ بارار سوغۇق قىشمۇ،
ئادەملەر چىن سۆيگۈگە مەڭگۈ ئاشنا.

**گۈلزار ئابلەت**

## تۇنجى سۆيگۈ ئىزلىرى

سۆزلەشمەيلى يىراق ئۆتمۈشنى،
يىللار توستى باسقان يوللارنى.
قاداق باستى چېچەكنى يېنىك
تاراپ قويغان مامۇق قوللارنى.

ناخشىمىزغا جور بولۇپ ئاققان
دەريالارمۇ چاڭقىدى نىكەم.
گۈل ئوتايمەن گۈللەرنى يۇراپ،
كىرپىكىمگە قوندۇرۇپ شەبنەم.

بۇلبۇللارمۇ كېتىشتى توۋا،
گۈل يارنى قېنىپ سۆيگىلى.
خىياللارغا تۇتۇلدۇق جىم-جىم
كىملەر كېلەر بىزنى كۆرگىلى.

سەندە بىر ئۇھ، مەندىمۇ بىر ئۇھ،
بىر تىنىقتىن تاپىمىز دەرمان.
بولۇپ قاپتۇق نەۋرە-چەۋرىلىك،
ئارمانلارغا ئۇلىنىپ ئارمان.

مۇڭلۇك باشقا، سىردىشىم باشقا،
كۈلۈپ-يىغلاپ ئۆتەركەن كۈنلەر.
ئەسكە سالار يىراق ئۆتمۈشنى
بىراق گاھى ئۇيقۇسىز تۈنلەر.

خىيال بىلەن يۈرىمەن گاھى
ئات يېتىلەپ قەدىم قىرغاقتا.
ئوتتۇن ئالغاچ ئىزىڭنى ئىزدەپ،
سەن يۈرسەن يىراق-يىراقتا.

نەۋرە باققاچ ئويلايمىز شۇنى،
توۋا كىملەر بولغانىكىن بىزدەك.
يوللىرىڭغا قاراش نەھاجەت
سەن بىر بەرنا، مەن مەسۇم قىزدەك.

بولدى قويغىن، سۆزلىمەي مەنمۇ،
خىيالىمنى بىلمىسۇن بوۋاي.
ئوتتۇنۇڭنى ئېلىپ كەت تېزدىن،
ئىشىكىڭدە ساقلايدۇ موماي.
ئەمما تۇنجى سۆيگۈ ئىزلىرى
ئۆچمەيدىكەن يۈرەكتىن ئاي-ھاي!

مەھەممەت شاۋۇدۇن

# يېنىپ تۈگىگەن شام

— مەرھۇم ئابلىز نازىرىنى ئەسلەپ

بۇ خەۋەرگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئۇ ھېلىمۇ ھاياتتەك، ھېلىمۇ بىز بىلەن بىللىدەك، بىز بىلەن يەنە ئاۋازدا پاراڭلىشىۋاتقاندەك، مۇڭدىشىۋاتقاندەك، نەگىدۇر بىر يەرگە كېتىپ ھېلىلا قايتىپ كېلىدىغاندەك بىلىنىدۇ.

تېخى يېقىندىلا بىر نەچچىمىز دوختۇرخانىغا ئۇنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىققاندىن كېيىن مېنى ئالاھىدە چاقىرتىپ، مەن بىلەن ئايرىم مۇڭداشقان. ئۇ كېسەللىكنىڭ ئېغىرلىشىۋاتقىنىغا قارىماي يەنىلا ئۈمىدۋار ئىدى. مېنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، قوللىرىنى ئىختىيارسىز ھەرىكەتلەندۈرۈپ، يېقىملىق تەلەپپۇز بىلەن ماڭا بىرمۇنچە ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى ئېيتقانىدى.

— ئابلىز نازىرى تۈگەپ كەتتى. بېرىم كېچىدە جان ئۈزدى!

بىرەيلەن ماڭا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەندە مەن قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي تۇرۇپلا قالدىم.

مەن شۇ چاغدا ئىدارىدە ئېچىلغان بىر مۇھىم مەجلىسكە قاتنىشىۋاتاتتىم. بىردىنلا كەيپىم بۇزۇلۇپ، ئىچ-ئىچىمدىن بىر ھەسرەت-نادامەت ئۆرلەۋاتقاندەك بولدۇم. شۇدەم پۈتۈن زالنى بىرپەس سۈكۈت قاپلىدى. كىشىلەرنىڭ ئېغىر تىنىقلىرى ئاڭلىنىشقا، كۆزلەردە، چىرايلاردا ئېغىر قايغۇ، مۇسىبەت ئالامەتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

ئابلىز نازىرى پېشقەدەم شائىرلىقى بىلەن ئۆزۈندىن بۇيان ئەل-جامائەتكە تونۇشلۇق شەخس بولسا، يېتۈك مۇھەررىرلىكى بىلەن يۇقىرى ئىززەت-ھۆرمەتكە، ئابروي-ئىناۋەتكە ئىگە زات ئىدى.

ئۇنىڭ 1943-يىلدىن 1989-يىلغىچە بولغان 46 يىللىق ئۆمرى مەتبۇئات سېپىدە تەھرىرلىك قىلىش بىلەن ئۆتكەن. ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئۇنىڭدەك ئۇزۇن تەھرىرلىك قىلغانلار بەلكىم يوقتۇر.

تەھرىرلىك — تولىمۇ خاسىيەتلىك خىزمەت. شۇنىڭ بىلەن بىللە قىلدىن قىيىق كەتسە كۆتۈرمەيدىغان تولىمۇ نازۇك، قارايى قاتتىق، كۆپ ئەجرە-بەدەل تەلەپ

قىلدىغان ئىنتايىن جاپالىق، جاننى ئۆپرىتىدىغان ئېغىر خىزمەت. تەھرىرلىكنى بەزىلەر تاشچىلىققا ئوخشىتىدۇ. تاشچىلار مىتىن بىلەن، ئېگىز تاغلاردىن ۋە چوڭقۇر يەر قاتلاملىرىدىن تاش كولاپ، ھەر خىل شەكىلدىكى كۆرۈمسىز، قوپال تاشلارنى ئەپچىل ئەسۋابلىرى بىلەن يونۇپ، قەلەم بىلەن ئىنچىكىلەپ چېكىپ سىلىقلاپ، ئويىدىغان جايلىرىنى ئويۇپ، ئارتۇق جايلىرىنى پەم بىلەن چىقىرىۋېتىپ، ھەتتا ھەر خىل نۇسخىدا گۈل ۋە شەكىل چىقىرىپ، ياپىلاق، يۇمىلاق، تۆت چاسا، ئۇزۇن-قىسقا شەكىلدە پىششىقلاپ، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ بۇيۇملارنى ياسايدۇ. بۇ تاشلار يەنە ئۈي-ئىمارەتلەرگە ئۇل تاش، زەگىندى، پەلەمپەي، تۆۋرۈكلەرنىڭ ئاستىغا كۆتۈرمە بولىدۇ. دېمەك، يارامىلىق، ئەتىۋار ماتېرىيالغا ئايلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مۇھەررىرنى قولدىن گۈل كېلىدىغان تاشچىغا ئوخشىتىشمۇ ئورۇنلۇق! بەزىلەر مۇھەررىرنى كىشىلەرگە يورۇقلۇق بېرىش يولىدا ئۆزى كۆيۈپ تۈگەيدىغان شامغا ئوخشىتىدۇ. مۇھەررىرنى كۆچەت، مايسىلارنى پەرۋىش قىلىپ مول مېۋىلىك دەرەخكە ئايلاندۇرىدىغان، گۈل-غۇنچىلارنى پەرۋىش قىلىپ گۈل-گۈلستانلارنى بەرپا قىلىدىغان جاپاكەش باغۋەنگە، ھوشيار قاراۋۇل، باتۇر ساقچىغا، ئادىل سوتچىغا، ئۆتكۈر سىنچىغا، قۇمدىن ئالتۇن سۈزىدىغان ئالتۇنچىغا، چار-توپانلار ئارىسىدىن مەرۋايىت دان، تاش-شېغىللىق سايدىن گۆھەر تاپىدىغان خاسىيەتلىك كىشىلەرگە ئوخشىتىدۇ. مېنىڭچە، ھېچقانداق بىر ياخشى سۈپەت مۇھەررىرگە ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

مۇھەررىر خالىس، ھالال ئەمگىكى بىلەن خەلققە، جەمئىيەتكە ئىنسانىيەتنىڭ ئېسىل پەن-مەدەنىيىتى، ئەقىل-پاراستى ۋە ئەخلاق-پەزىلىتىنى تارقىتىدۇ. مىللەتنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق، پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كۆۋرۈك، يول، پەلەمپەي ياسايدۇ. ئۆز كەسپىگە بولغان ئىخلاس-ئەقىدە، خەلققە ۋە ئاپتورغا بولغان سەممىي-ساداقەت، ئىززەت-ھۆرمەت، ئەسەرگە بولغان كۆيۈم مۇھەببەت، يۇقىرى سىياسىي سەزگۈرلۈك، چىگىش-مۇرەككەپ مەسىلىلەر ئالدىدىكى زېرەكلىك، جىددىي پەيتلەردىكى قەتئىيلىك، ئېزىتقۇ تۇمانلار ئالدىدىكى سەگەكلىك، جەبىرى-جاپا ئالدىدىكى قەيسەرلىك، تاپا-تەنە ئالدىدىكى سەۋر-تاقەتچانلىق، ئالدىراش پەيتلەردىكى تەمكىنلىك، زىددىيەت، مەسىلىلەر ئالدىدىكى پرىنسىپچانلىق، ھەر خىل ئېغىرچىلىقلار ۋە بېسىملارغا بولغان بەرداشلىق، ئاپتور، كىتابخان ۋە جەمىيەت ئالدىدىكى، ئەۋلاد ۋە تارىخ ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق، ياش تالانت ئىگىلىرىگە بولغان كۆيۈمچانلىق، نام-مەنپەئەت قوغلاشماي خالىس، ھالال ئىشلەش، ئۆز كەسپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىدا تەشنالىق ۋە ئاچكۆزلۈك بىلەن ئۆگىنىپ بىلىم جۇغلاش، مېنىڭچە، مۇھەررىرلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك سۈپىتى ۋە ئالاھىدىلىكى. ئابلىز نازىرىدا مۇشۇ سۈپەت، ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تېپىلاتتى.

جاپا-مۇشەققەتلىك 60-يىللاردا «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ گېزىت چىقىرىش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى ۋە ئېغىرچىلىقى كۆپىنچە ئابلىز نازىرىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ھەرخىل كۈرەش ۋە داۋالغۇشلار، بولۇپمۇ خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى زىددىيەت ۋە ئىختىلابلارنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە

كەسكىنلىشىشى تۈپەيلى بۇ يىللاردا گېزىت چىقىرىش تولىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. مۇھىم ئاخبارات خەۋەرلىرىدىن باشقا ھەر كۈنى دېگۈدەك شىنخۇاشېدىن يوغان-يوغان تېلېگرام ماقالىلىرى كېلىپ تۇراتتى. بۇ ماقالىلەرنىڭ قىسقىسى 2-3 مىڭ سۆزلۈك، ئۇزۇنى 10 نەچچە مىڭ سۆزلۈك كېلەتتى. بۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرىنى شۇ كۈنى كېچىچە تەرجىمە قىلىپ، تەھرىرلەپ تەييارلاپ، ئەتىسى گېزىتكە چىقىرىش تەلەپ قىلىناتتى. شۇڭا گېزىتنى 8-10 بەت، ھەتتا 12-14بەت چىقىرىشقا توغرا كېلەتتى. ھەتتا گېزىتنىڭ 18 بەت چىققان چاغلىرىمۇ بولغان. بەزى پەۋقۇلئاددە مۇھىم دەپ قارالغان ئاخبارات خەۋەرلىرىنى جامائەتكە تېز يەتكۈزۈش ئۈچۈن نۆۋەتتىن تاشقىرى سان چىقىرىلاتتى. گېزىتنىڭ ھەر بىر بېتىگە 3-4مىڭ سۆزلۈك ماقالە كېتەتتى. شۇنداق بولغاندا شۇ بىر كۈن ئىچىدە ئون نەچچە مىڭ سۆزلۈكتىن نەچچە ئون مىڭ سۆزلۈككىچە بولغان خەۋەر، ماقالە ئابلىز نازىرىنىڭ ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە بەت نۇسخىلىرىنى كۆرەتتى. ھەتتا بەزى مۇھىم ماقالىلەرنى بىر ئەمەس، بىر نەچچە تەرجىمان بىلەن ئۆزى بىۋاستە سېلىشتۇراتتى. سېلىشتۇرۇش جەريانىدا بايقالغان گراماتىكا، مەنتىقە، ئىستىلىستىكا، مەزمۇن جەھەتتىكى مەسىلىلەردىن ئىملا، تىنىش بەلگىلىرىگىچە، ئاتالغۇلاردىن سان-ساناقلارغىچە، ھەرخىل نەقىللەردىن كىتاب ۋە ئەسەرلەرنىڭ ئىسىملىرىگىچە زېغىرلاپ سېلىشتۇرۇپ باراتتى. گېزىتنىڭ ئاساسلىق جاۋابكارىنىڭ بىرى بولغان ئابلىز نازىرى گېزىتنى تېز، خاتاسىز، سۈپەتلىك چىقىرىش ئۈچۈن گېزىت چىقىرىش ئىشىنىڭ ھەممە ئېچىق بېشىدا قىلچە بىخەستەلىك قىلماي ناھايىتى سەگەكلىك بىلەن تىك تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇيقۇ لەشكەرلىرى ئېغىر توپقا تۇتۇپمۇ، ھارغىنلىق قىسماقلىرى قاتتىق قىسىپمۇ، غەپلەت ھازازۇللىرى مىڭ خىل رەڭۋازلىق بىلەن غەلەت قىلىپ بېقىپمۇ ئۇنىڭ روھىغا، سەزگۈلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. ھەر كۈنى ئاخشىمى شىنخۇاشېدىن تېلېگراف ئارقىلىق تارقىتىلىدىغان مۇھىم خەۋەر-ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى كېلەتتى. بەزىدە مۇندەرىجىدە كۆرسىتىلگەن ماقالىلەر ۋاقتىدا كېلەلمەيتتى. بۇنداق چاغلاردا ئىش ئورنىدىن ئايرىلماي ساقلاشقا توغرا كېلەتتى. مۇھەررىرلەر بىلەن تەرجىمانلار جوزىلىرىغا بېشىنى قويۇپ ياكى ئىككى ئورۇندۇقنى جۈپلەپ شۇنىڭ ئۈستىدە سوزۇلۇپ يېتىپ، بىردەم بولسىمۇ كۆزلىرىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالاتتى. مۇشۇنداق چاغلاردىمۇ ئابلىز نازىرىنىڭ ئىشخانىسىدا تۈگمەس قۇرلارغا مىختەك قادىلىپ ئولتۇرغىنىنى ئۇلتۇرغانىدى. پۈتۈن كېچىلىك ئىش تۈگەپ، مۇھەررىرلەر بىلەن تەرجىمانلار ئىشتىن قايتقاندىمۇ ئابلىز نازىرىنىڭ ئىشى تۈگىمەيتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۆتكەلنىڭ ئىشى — گېزىت بېسىلىپ چىقىشتىن ئىلگىرىكى بەتلەرنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ قول قويۇپ بولغۇچە كېچىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىمۇ تۈگەپ، ئاپئاق تاڭ ئېتىپ كېتەتتى. ھەتتا بەزىدە كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. شۇ كۈنلەردە ئابلىز نازىرىنىڭ كۈنگە قانچىلىك ئۇخلايدىغانلىقى بىر تېپىشماق ئىدى. بەزىدە ئەتىگەندە سىرتتا ياكى گېزىت تەھرىر ھەيئىتىدە مۇھىم مەجلىس بولۇپ قالسا مەجلىسكە قاتنىشاتتى. چۈشتىن كېيىن يەنە ئۇخشاشلا ئىشخانىسىدا پەيدا بولاتتى. بىز ئابلىز نازىرىنى كۆپىنچە كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى قىزىرىپ كەتكەن ھالەتتە كۆرەتتۇق.

ئۇ بارلىقىنى خىزمەتكە بېغىشلىغان، ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرمۇشىنى خىزمەت ئىگىلىگەن دېسەك ئارتۇق كەتمەيتتى. ئابلىز نازىرى خۇش چاقچاق، ئويۇن-تاماشىغا ئامراق كىشى ئىدى-يۇ، لېكىن ئۇ كىنو-تىياتىر، ئويۇن-تاماشا، بەزمە-مەشرەپتىن پۈتۈنلەي خالىي دېگۈدەك ياشايتتى. يەكشەنبە كۈنلىرى دەم ئالغان، بىرەرتىكى بەزمە-مەشرەپلەرگە قاتنىشىپ قالغان چاغلىرىدىمۇ ئۇنىڭغا باشتىن-ئاياغ خاتىرجەم ئولتۇرۇش نېسىپ بولمايتتى. گېزىتنىڭ ئاخىرقى ھالقىلىرىنىڭ بىرەرىدىن چاتاق چىقىپ قالسا، مۇناسىۋەتلىك خادىملار ئابلىز نازىرىنى ئىزدەپ تاپماي قويمايتتى. بەزىدە ئەمدى بىرەر پىيالە چايغا ئېغىز تېگىشىگە، بىرەر رومكىنى ئەمدى كۆتۈرۈپ بولۇشىغا ياكى كۈلكە چاقچاق ئەمدى باشلىنىپ، سورۇن قىزىشقا باشلىشىغا ئابلىز نازىرى سورۇندىن كېتىشكە مەجبۇر بولاتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ چوڭى 9-10 ياش، كىچىكى 4-5 ياشلاردىكى 5 بالىسى بار ئىدى. يېڭى يىل ئاخشاملىرى ئۆيدە بالا-چاقىلىرى بىلەن بىللە بولۇش، ھېيت-ئايەم، باھار بايرىمى قاتارلىق بايراملاردا خاتىرجەم، تولۇق دەم ئېلىشمۇ ئۇنىڭغا كەمدىن كەم نېسىپ بولاتتى. بۇ كۈنلەردە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە «كۈندۈزى داستىخاندا يوق، كېچىسى يوتقاندا يوق» دېگەن گەپلەر پەيدا بولغان. خوجياۋمۇ «تەھرىرلىك ئەڭ جىددىي، ئەڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك خىزمەت» دېگەنىكەن. مۇشۇ ئىككى «ئەڭ» گېزىتخانىغا ئەڭ مەركەزلەشكەن بولسا كېرەك. ئۇ يىللاردا خىزمەت، ۋەزىپە، مەسئۇلىيەت ئالدىدا ھەممە كىشى تىك تۇراتتى. خىزمەت، ئېھتىياج جەڭگىۋار چاقىرىق، قاتتىق بۇيرۇق ئىدى. ۋاقىت-سۇرئەت قىلچە بىپەرۋالىق، بوشاڭلىق، ساختىلىق ۋە ئىزىلەڭگۈلۈكنى كۆتۈرمەيتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسدە ئابلىز نازىرى ئۈزى ئۈلگە ئىدى. ئۇ بەزىدە ئىشتىن چۈشۈپ ياستۇققا ئەمدى باش قويۇپ كۆزى ئىلىنىشىغا ئۆينىڭ ئىشكى تاقىلداپ چېكىلەتتى. ئۇ ھارغىنلىقتىن مىڭ جىڭ تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن تېنىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ، دەرھال ئىشخانىغا ياكى باسما زاۋۇتىغا باراتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئابلىز نازىرىغا نورمال، ئادەتتىكى ئەھۋال بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ بىرەر قېتىم غودۇرىغىنىنى، زارلىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

1963-يىلى ئىيۇننىڭ ئاخىرىدا ئابلىز نازىرىنىڭ باشچىلىقىدا ماناسنىڭ تاشرىقاي دېگەن يېرىگە ئورمىغا چىقتۇق. بۇ يەر بىر چەت، قاقاس يېزا ئىدى. ۋەزىپە ئېغىر بولغاچقا، ناھايىتى جاپالىق ئىشلىدۇق. لېكىن ئۇيقۇمىز، دەم ئېلىشىمىز جايىدا بولدى. شۇڭا ئىدارىدىكىدىن ئۆزىمىزنى يەڭگىل ھېس قىلدۇق. ئادەتتە ئىشتىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان، كەم سۆز، ھارغىن كۆرۈنىدىغان ئابلىز نازىرىنىڭ كەيپىمۇ بۆلەكچە جانلىنىپ كەتتى. ئۇ دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا لەتىپە، ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. بىزنى ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشقا دەۋەت قىلاتتى. مەن شۇ چاغدىلا ئابلىز نازىرىنىڭ ئادەتتىكى، نورمال ھالىتىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندەك بولدۇم. ئورما گەرچە خېلى ئېغىر ئەمگەك بولسىمۇ، ئابلىز نازىرى ئۇچۇن بىر ياخشى دەم ئېلىش بولغاندەك قىلاتتى.

ئابلىز نازىرى ئالاھىدە ئۇستاز ئىدى. ئۇ مۇنبەرگە چىقىپ دەرس ئۆتمەيتتى،

لېكسىيە ئوقۇمايتتى. لېكىن بىز ئۇنىڭدىن كۈندە دېگۈدەك دەرس ئالاتتۇق. ئۇ كۆرۈپ بېكىتكەن ماقالىلەر، سىزىپ، بوياپ ئىمىر-چىمىر قىلىۋەتكەن بەت نۇسخىلىرى ئەقىلگە ئىشارە، جانلىق دەرس ئىدى. بىز ئۇنى كۆرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى ئاجىزلىق ۋە يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى، سەل قارىغان ياكى دىققەت قىلمىغان جايلىرىمىزنى ھېس قىلىپ، تەھرىرلىك توغرىسىدا چوڭقۇر ئەمەلىي بىلىمگە ئىگە بولاتتۇق. تەھرىرلىكتىن ئىبارەت قايتا ئىجادىيەتنىڭ ئىنچىكە ماھارىتىنى، تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئۆگىنەتتۇق. ئۇ تەھرىرلىگەن خەۋەر-ماقالىلەر ئۇستا مانتىپەزنىڭ چىك تاۋلىغان زۇۋۇلىسىغا ياكى تۆمۈرچىنىڭ سەندىلدە بازغانلىنىپ، راسا تاۋلانغان تۆمۈرگە ئوخشايتتى. مەزمۇنى مېغىزلىق، قۇرۇلمىسى پۇختا، كۆز قاراشلىرى ئېنىق، سىياسىي، ئىلمىي، نەزەرىيە جەھەتتىن نۇقسانسىز، گىراممىتىكا، مەنتىقە، ئۇسلۇبىيەت جەھەتتىن بېجىرىم، ئارتۇق، مۇجمەل، كېسەلمەن جۈملىلەردىن خالىي، تىل جەھەتتە ئۇستىلىق بىلەن تاۋلىنىپ، ئەسلىدىكىدىن كۆپ دەرىجىدە پىششىقلىنىپ يېڭىچە سۈپەتكە ئىگە بولغان ھەر بىر خەۋەر-ماقالە قولىمىزغا قايتىپ كەلگىنىدە، ئۇنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كېتەتتۇق، قايىل بولاتتۇق.

بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇن مۇنداق بىر دەقىقە ئۆتكەن.

1965-يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «شىنجاڭ رەسىملەر توپلىمى» چىقىرىلماقچى بولدى. بۇ تۇنجى قېتىم چىقىرىلىۋاتقان چوڭ ھەجىملىك، سۈپەت تەلىپى يۇقىرى توپلام ئىدى. بۇ توپلامغا بىرمۇنچە مۇھىم تارىخىي رەسىملەر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەر خىل تىپىك رەسىملەر بىر نەچچە ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈلۈپ بىر-بىرلەپ تاللاپ كىرگۈزۈلگەنىدى. شۇڭا ئۇ مەسئۇلىيىتى ئېغىر، ئىنچىكە ئىش، جىددىي ۋەزىپە ئىدى. توپلام بېسىلىپ تەييار بولۇش ئالدىدا رەسىم چۈشەندۈرۈشلىرىنىڭ ئۇيغۇرچىسىنىڭ ئىشىنى قىلىشقا مېنى شاڭخەيگە ئەۋەتكەندى. بۇ، 6-ئاي مەزگىلى ئىدى. رەسىملەرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى ئالدىلقاچان تەرجىمە قىلىنىپ رەھبەرلەرنىڭ بېكىتىشىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، خىزمەت جەريانىدا بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىپ، بېشىم قاتتى. تەرجىمانلار چۈشەندۈرۈشلەرنى تەرجىمە قىلىشتا رەسىملەرنى كۆرمەيلا سۆزمۇ سۆز ئەينەن تەرجىمە قىلغان بولغاچقا، بەزىلىرىنىڭ مەزمۇنى رەسىمدىكى كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئانچە ماسلاشمايتتى. بىر مۇنچە چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ تەرجىمىسى بەك ئۇزىراپ كەتكەن بولغاچقا، ئاجرىتىلغان ئورۇنغا پاتمايتتى. بولۇپمۇ كېيىنكى مەسىلە گەۋدىلىكرەك بولغاچقا، بۇنى ئۆز ئالدىمغا قىسقارتىپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئاجىزلىق قىلاتتىم. ئابلىز نازىرى شۇ چاغدا بېيجىڭدا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتاتتى. تازا بېشىم قېتىپ تۇرغان كۈنلەردە ئابلىز نازىرى شاڭخەيگە كەلدى. بىز بىر ھەپتە بىللە بولدۇق. بۇ قېتىم مەن ئۇنىڭ بىلەن قورۇنماي پاراڭلىشىش، كەڭتاشا بىللە بولۇش، مۇھىمى، بىللە ئىشلەپ بىۋاستە ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانىدىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەھرىرلىكتىكى تېزلىكى بىلەن پۇختىلىقى مېنى ھەيران قالدۇردى. ئېسىمدە قېلىشىچە، كۆلدە توپ-توپ ئۆردەكلەرنىڭ ئۈزۈپ يۈرگەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر رەسىم بولۇپ، ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشى بەك ئۇزۇن بولغاچقا،

كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا قىستاپمۇ سىغدۇرغىلى بولمايتتى. ئابلىز نازىرى ئۇنى « كۆلگە تۇشۇق ئۆردەكلەر » دەپ ناھايىتى ئەپلىك ئۆزگەرتتى. بۇنىڭدا مەنە تولۇق ئىپادىلەنگەندىن تاشقىرى سۆز ئىخچام ھەم ئوبرازلىق بولدى. شۇ قېتىمقى قىسقىنىشى بىللە بولۇش جەريانىدا ئۇنىڭ ئىشقا پۇختىلىقى، ئەستايىدىللىقى، كەمتەرلىكى مەندە ئۇنتۇلماس تەسرات قالدۇرغانىدى.

مۇھەررىر — كېسىمچى. ئۇ ئەسەرنىڭ تومۇرىنى پىچىدۇ، تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئاپتور ئۆزىنىڭ قان تەرى بەدىلىگە كەلگەن قىممەتلىك ئىجادىيەت مېۋىسىنى، يۈرەك پارىسىنى، ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرىنى تاغدەك زور ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن مۇھەررىرگە تاپشۇرىدۇ. بۇ تولىمۇ قىممەتلىك. شۇڭا مۇھەررىر ئەسەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىشى، ئەسەر ئۈستىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرىشى كېرەك.

مۇھەررىر كۆيۈمچان، قولى شىپالىق تۇغۇت ئانىسى. ئەسەر توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، ئاچچىق تولغاق ئازابىنى يەپ تۇغقان بوۋاققا، دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان يېڭى جانغا ئوخشايدۇ. تۇغۇت ئانىسى بالىنى ساق تۇغدۇرۇشى، بالىنى قۇتقۇزۇۋېلىشى، ئىمكانقەدەر تۇنجۇقتۇرۇپ قويماسلىقى، يېڭى بىر جاننىڭ ساق دۇنياغا كېلىشىگە كېپىللىك قىلىشى كېرەك. لېكىن تۇغۇت ئانىسى ئەۋلىيا ئەمەس. ئۇ چالا تۇغۇلغان، ئۆلۈك تۇغۇلغان ياكى مېيىپ تۇغۇلغان بوۋاقلارغا جان ئاتا قىلالمايدۇ ياكى ئۇلارنى بىجىرىم، ساغلام تۇغدۇرالمايدۇ.

مۇھەررىر — ئىجادكار. مۇھەررىرنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھەر قانداق ئەسەر، مەيلى ئۇ بىر كاتتا زاتنىڭ ياكى بىر كىچىك بالىنىڭ بولسۇن، ھەممىسى پىششىقلاش تەلەپ قىلىدىغان خام نەرسە، خام ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. مۇھەررىر دۆۋە-دۆۋە ئەسەرلەر ئىچىدىن خۇددى يېڭى تېپىلگەن خاماندىكى توپان، چارىنى ئۆتكەمە، غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈپ تاسقاپ، مەرۋايىت دانىلارنى ئىلغىۋالغاندەك ياكى قۇمدىن ئالتۇن سۈزۈۋالغاندەك، سايدىكى تاش-شېغىللار ئارىسىدىن گۆھەرنى تونۇۋالغاندەك، قىممىتى بار، يارامىلىق، ئېسىللىرىنى تاللىۋېلىپ، پۇچەك، يارىماس، ناچارلىرىنى شاللىۋېتىدۇ. ئاندىن ئۇنى قايتا ئىجاد قىلىپ، زىر-زەۋەرلىرىگىچە ئىنچىكىلەپ تەھرىرلەپ، ئىخلاس بىلەن پىششىقلايدۇ. ئەسەر، ماقالىدىكى خىرە جايلارنى نۇرلاندۇرىدۇ، ئاجىز يەرلەرنى كۈچەيتىدۇ، سىدام-رەڭسىز جايلىرىغا رەڭ-پەرداز بېرىپ، يېڭىچە ئىسكەت كىرگۈزىدۇ. جانسىز جايلىرىنى جانلاندۇرىدۇ. چېنىپ قالغان جايلىرىنى ئوڭشاپ، ئەيىبىنى يېپىپ كېتىدۇ. ھارام شاخ-پۇتاقلىرىنى چاتاپ، چاتاق-نۇقسانلىرىنى تۈزەپ، نۇقسان ۋە ئىللەتتىن خالىي قىلىدۇ ياكى ئۇنى ئازايتىدۇ. قوپال-يىرىك جايلىرىنى سىلىقلايدۇ. پەدە چاققان جايلىرىنى راۋانلاشتۇرىدۇ. بەتتەم بولۇپ قالغان جايلىرىنىڭ تۇز تەمىنى تەڭشەيدۇ. ئەپلەشمىگەن جايلىرىنى ئەپلەيدۇ، كەمتۈك جايلىرىنى تولدۇرىدۇ. ۋېتىنسى بوش يەرلەرنى چىڭىتىدۇ. كۆتۈرۈشكە تېگىشلىك جايلىرىنى پىشاڭ قويۇپ كۆتۈرىدۇ. جىپسىلاشمىغان، چاك باسمىغان جايلىرىنى جىپسىلاشتۇرىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئەسەر-ماقالىدىكى يوشۇرۇن كۈچ، خەۋەرلەردىكى ئاخبارات قىممىتى تولۇق نامايەن قىلىنىدۇ، يەنى كۆمۈلۈپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان مۇھىم مەزمۇن، نۇقتىلار گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

نەتىجىدە ئەسەر-ماقالىنىڭ سۈپىتى ياخشىلىنىپ، سۈپەت ۋە سەۋىيە جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ.

مۇھەررىر ئۈچۈن ئەسەر-ماقالە تاللاش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى يۈز-ئابروي، مۇناسىۋەت، شەخسىي پايدا-زىيان ئەمەس، بەلكى ئەسەر-ماقالىنىڭ سۈپىتى، سەۋىيىسى.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى مۇھەررىرنىڭ كەسپىي ئەخلاقى ۋە تەھرىرلىك ئىستىلىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم بەلگە-سۈپەتلەر.

ئابلىز نازىرى تەھرىرلىك ئىستىلى ۋە كەسپىي ئەخلاق جەھەتتىمۇ بىزنىڭ ئۈلگە-ئەندازىمىز ۋە ئۇستازىمىز ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلىمىگىنى بىلەن ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن باشلامچى بولاتتى. بۇ جەھەتتىكى تەلەپ-ئۆلچىمى قاتتىق ئىدى. داڭلىق شائىرلىرىمىزدىن ئەلقەم ئەختەم ئۇنىڭ ساۋاقدىشى، تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۇزۇن يىللىق سەبدىشى، ئابدۇكېرىم خوجا يېقىن دوستى ئىدى. لېكىن ئۇ ئاغىنىدارچىلىقنىڭ يۈزىنى دەپ ئۇلارنىڭ بەزى خام، ئالدىراپ ئەۋەتىلگەن سۈپىتى تۆۋەنرەك شېئىرلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويمايتتى. نارازىلىقىغا ئۇچرىشى، تاپا-تەنىگە قېلىشى، ئۆزىگە گەپ كېلىشىنى ئويلاپ كۆڭۈلچەكلىك، يۇمشاق قوللۇق قىلمايتتى. تەھرىرلىك ئىستىلىنىڭ ئەستايىدىل، پۇختا، تەلەپچان، مەسئۇلىيەتچان بولۇشتىن ئىبارەت مىزانىغا ئەمەل قىلىپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرەتتى. پىكرى بولسا ئايىمايتتى، تۈزىتىدىغان جايلىرىنى بىمالال تۈزىتەتتى. پارتىيە گېزىتىنىڭ سۈپىتى، ئابرويىنى ئۇستۇن بىلەتتى. ئىلمىي قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلاتتى. ھېچقانداق ۋاقىتتا پرىنسىپنى قۇربان قىلىۋەتمەيتتى. ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ شېئىر، ماقالىلىرىنىڭمۇ تۈزىتىشكە تېگىشلىك جايلىرىنى كۆپ قېتىم دادىل تۈزەتكەن، ھەرگىز يۈز-خاتىرە قىلىپ بولۇشچە قويۇۋەتمىگەن.

— قارىماسىز، مۇشۇمۇ كىتاب بولامدۇ، مۇشۇنداقمۇ تەھرىرلىك بولامدۇ، — دېدى ئۇ بىر كۈنى مەن ئۆيىگە يوقلاپ كىرگىنىمدە ماڭا بىر كىتابنى بېرىپ، — كۆرۈپ بېقىڭ، نېمە بۇ، مۇشۇنداق مۇھەررىرلەر تەھرىرلىكنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىۋېتىدۇ، شېئىرنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىۋېتىدۇ، شېئىرلار توپلىمىنى كاساتلاشتۇرىۋېتىدۇ! — ئادەتتە بىر ئىشلارغا ئاسانلىقچە ئاچچىقلانمايدىغان بۇ ئادەم خېلىلا خاپا بولغانىدى. ئۇنىڭ ئاق سېرىق چىرايى ئۆزگىرىپ، جىددىي تۈس ئالغانىدى. بۇ توپلام 1983-يىلى مەلۇم بىر نەشرىياتتا نەشر قىلىنغان بىر پېشقەدەم شائىرنىڭ؛ يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ساۋاقدىشىنىڭ شېئىرلار توپلىمى ئىدى. مەن توپلامنى ۋاراقلاپ كۆرسەم ئابلىز نازىرى ئۇنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى سىزىپ بويىۋېتىپتۇ. ئۇ 400 نەچچە بەتلىك ناھايىتى قېلىن توپلام بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاپتورنىڭ پۇچەك، قاملاشمىغان شېئىرلىرىمۇ ئىلغۇيتەلمەي كىرگۈزۈۋېتىلگەنىكەن.

دېمەك، ئۇ ئەسەرگە باھا بېرىشتە چوڭ-كىچىك، يېقىن-يىراق دەپ ئايرىمايتتى. ئىككى سەر بولسا ئىككى سەر، بىر جىڭ بولسا بىر جىڭ دەيتتى. گەپ ياساپ، كۆڭۈل ئاياپ ئولتۇرمايتتى. ئۇ، كۆڭۈل ئاياپ يۈز-خاتىرە قىلغان يەردە يۇقىرى تەلەپ،

سۇپەت دەپنە قىلىندۇ، ئۈمىد كۆمۈلدۇ، دەپ قارايتتى.

مەن 1980-يىلى 9-ئايدا «يۈرەك ناخشىلىرى» دېگەن تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاپ ئابلىز نازىرىغا كۆرۈپ بېرىشكە بەردىم. بۇ چاغدا ئابلىز نازىرى شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنىدە بالنىستتا يېتىپ داۋالىنىۋاتاتتى. مەن ئۇنى بالنىستقا ئىزدەپ بارغىنىمدا، ئۇ يۈرەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە ۋارىسجان تۇردى بىلەن بىر ياتاقتا ياتقانىكەن. مەن توپلامنى ئېلىپ بېرىپ تەلىپىمنى ئېيتتۇيدىم، ئابلىز نازىرى رەت قىلماستىن قوبۇل قىلدى. ئەسلىدە بۇنداق كېسەل كىشى ئەسەر تەھرىرلەش تۇرماق كىتاب ئوقۇسىمۇ بولمايتتى. شۇڭا مەن توپلامنى سەل ئىككىلىنىپراق ئېلىپ بارغانىدىم. ئارىلىقتا 9-10 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يوقلاپ بارسام شېئىرلارنىڭ ھەممىسنى كۆرۈپ، تۈزىتىدىغانىنى تۈزەپ، شاللىۋېتىدىغانىنى شاللاپ چىقىرىۋېتىپ، توپلامغا بىرنەچچە بەتلىك بىر كىرىش سۆز يېزىپ تەقمۇ تەق قىلىپ قويغانىكەن. ئۇ كىرىش سۆزىدە مېنىڭ شېئىرلىرىمغا ئوبيېكتىپ يوسۇندا ئۆز لايىقىدا باھا بېرىپ، ئارتۇقچىلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە كەمچىلىك-يېتەرسىزلىكلىرىنىمۇ ئايىماي كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازغانىدى: «شۇنىڭ بىلەن بىللە يولداش م. شاۋۇدۇننىڭ بەزى شېئىرلىرىدا، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ‹ئۇزۇنلۇق› ئىللىتى بار. ئەلۋەتتە، ئۇزۇن يازغىلى بولمايدۇ ئەمەس. تېگىشلىك ئىكەن، يېزىش كېرەك، لېكىن كېرەك ئەمەس ئىكەن، ئېيتايلى، بىر مىسرا ياكى بىر كۇبلېتتا ئىپادىلىگىلى بولىدىغان پىكىرنى ئىككى مىسرا ياكى ئىككى كۇبلېتقا سوزۇۋېتىش كېرەك ئەمەس. ئۇنداق بولمىغاندا، شېئىرنىڭ بولۇپمۇ بەدىئىي لەززىتى سۇيۇقلىشىپ كېتىدۇ.» بۇ سۆز ماڭا سەممىي مەسلىھەت، ئەينەك، سىگنال بولدى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن شېئىر ئىجادىيىتىدە بۇ مەسلىگە قاتتىق دىققەت قىلىپ، «ئۇزۇنلۇق ئىللىتى» دىن ساقلىنىشقا تىرىشتىم.

مەن ئابلىز نازىرى بىلەن بىللە ئۆتكەن 30نەچچە يىللىق ئۇزۇن، ئەگرى-توقاي مۇساپىنى ئەسلىسەم نۇرغۇن ئىشلار كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا قاتتىق ئىشلەش روھى، جاپا-مۇشەققەتكە بەرداشلىقى، ھالاللىقى بارغانسېرى نۇرلىنىپ گەۋدىلىنىشكە باشلايدۇ. ئەنە ئۇ قەلىمىنى كىشىرلىتىپ، يەنىلا تىنىم تاپماي، باش كۆتۈرمەي ئىشلىمەكتە. ئالدىدا دەستە-دەستە ماقالە ئەسەر، بەت نۇسخىلىرى... چۆرىسى قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى قۇرلارغا قادالغان. ۋاراقلار، سەھىپىلەر بىر-بىرلەپ ئۆرۈلمەكتە...

تۆھپە، ئەجرىنى سۆزلەش توغرا كەلسە، ئۇنىڭ ئەجرى، تۆھپىسى ھەققەتەن زور. لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆز ئەجرىگە، تۆھپىسگە، قابىلىيىتىگە تەمانىنا قويغان، ئۆز نەتىجىسىنى كوز-كوز قىلىپ ماختانغان، باشقىلارنى چۆكۈرگەن، ئۆزىگە ئىلتىپات تەلەپ قىلغان ياكى تالاشقان ئەمەس. ئۇ ئۆمۈر بويى پىلىلداپ يېنىپ نۇر چېچىپ ئۆچكەن شام. ئۇنىڭ نۇرىدىن بەھرىمەن بولغان قەلبلەر ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىدۇ، مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ. ئۇ مەڭگۈ قەدىرلىنىدۇ!

**مەسئۇل مۇھەررىرى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

مۇھەممەت ئەيسا

# قاھار جېلىلنىڭ پروزا ئىجادىيىتى توغرىسىدا

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەتبۇئاتلاردا ئەسەر ئېلان قىلىۋاتقان يازغۇچىلىرىمىز خېلى كۆپ، ئەمما ئۆزىنىڭ ھەقىقىي يازغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن كەڭ كىتابخانلىرىمىز ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغان يازغۇچىلىرىمىز ئانچە كۆپ ئەمەس. مەرھۇم يازغۇچى قاھار جېلىل ئۆزىنىڭ بىر مۇنچە ياخشى ھېكايە ۋە پوۋېستلىرى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىمىزدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتۇشقا مۇناسىپ ئىجتىھاتلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئەپسۇسكى، شۇم ئەجەل ئۇنى ۋاقىتسىزلا بىزدىن ئايرىپ تاشلىدى. بىزدە زامانداشلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆرە كلاسسىكلارنىڭكىنى يۇقىرى باھالايدىغان، ئۆزىمىزنىڭكىدىن كۆرە چەت ئەلنىڭكىنى ئۇلۇغلايدىغان، ھايات چېغىدا قەدرىگە يەتمەي، ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىگەك سىلايدىغان بىرخىل يامان ئادەت بار. مېنىڭچە، بۇنداق ئادەتنى تىرىشىپ يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ. مەن بۇ ماقالەمدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك يازغۇچىسى قاھار جېلىلنىڭ پروزا ئىجادىيىتى ھەققىدە ئۆگەنگەنلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقتىم.

## 1

قاھار جېلىل 1943-يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېڭىئېرىق يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئاتىسى جېلىلئاخۇن سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئىدى. ئانىسى تۇنىيازخان زېھنىي ئوچۇق، پىكرى ئۆتكۈر، كۆپنى بىلىدىغان ئايال ئىدى. ئۇ خوتەننىڭ يۇرت تارىخى، يۇرتنىڭ ئۆرپ-ئادەت، يەر-جاي، دەريا-ئۆستەڭ، مازايى-ماشايىقلىرى ھەققىدىكى كۆپلىگەن ئەپسانە، رىۋايەت، قىسسەلەرنى، خوتەندە ئۆتكەن مۇھىم ئىش-ھەرىكەتلەر، چوڭ-چوڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتلىرىنى خۇددى مەدداھلاردەك يادقا بىلەتتى ۋە دائىم ئوغلىغا سۆزلەپ بېرەتتى. قىسقىسى، 102 ياشقا كىرىپ ئالەمدىن ئۆتكەن بۇ ئانا قاھار جېلىلنىڭ ئۆسمۈرلۈك چېغىدىكى ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش مۇساپىسىگە خېلىلا تەسىر كۆرسەتكەن تۇنجى ئوقۇتقۇچىسى ئىدى.

قاھارنىڭ ئىجادىيەت ھاياتى 1960-يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئالتۇن قىز» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان. ئۇ 1960-يىلدىن ھازىرغىچە

40 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، ئالتە پوۋېست، بىر رومان، سەھنە ئەسىرى، ئەدەبىي ئاخبارات، ئوچېرك، نەسىر ۋە ئوبزورلارنى يېزىپ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ يازغان ھېكايىلىرى «چېچەكلەر» (1981-يىلى)، «چەۋەنداز» (1982-يىلى)، «كۆكۆل» (1986-يىلى)، «ئېزىنقۇ» (1992-يىل) ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىغا، پوۋېستلىرى «مېھرىبان» (1985-يىل)، «خىلۋەتتىكى كىشىلەر» (1990-يىل) ناملىق پوۋېستلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلۈپ نەشىر قىلىندى. «قىساس» ناملىق رومانى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن نەشىردىن چىقىپ، ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ رومانچىلىق سەھىپىسىنى يەنىمۇ بېيىتتى. ئۇنىڭ سەككىز ھېكايىسى، ئىككى پوۋېستى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، «چەۋەنداز» ناملىق ھېكايىسى جۇڭگو يازغۇچىلار نەشرىياتى تۈزگەن «4-مايدىن بۇيانقى جۇڭگو ئەدەبىيات غەزىنىسى» نىڭ 4-تومىغا كىرگۈزۈلگەن. «كىشىلەر»، «كۈلۈمسىرىگەندە»، «جىنايەت» قاتارلىق ھېكايىلىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ «تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكى»گە كىرگۈزۈلگەن. «ئاچالدا» ناملىق ھېكايىسى 1980-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا 2-دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

## 2

قاھار جېلىل ئەدەبىيات ساھەسىدە 34 يىل ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ مۇشۇ قىسقىغىنە ئىجادىيەت جەريانىنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ 1960-يىلدىن 1970-يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ «قۇياش ۋە مايسا»، «باھار تەنتەنىسى»، «چېچەكلەر» قاتارلىق نەسىرلىرىنى، «ئالتۇن قىز»، «قارىغاي»، «كۆۋرۈك»، «چېچەكلەر»، «خالۋاپ»، «ئاچالدا»، «يۇرتۇم مەنزىرىسى»، «جىنايەت» قاتارلىق ھېكايىلەر ۋە بىر قىسىم سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان. گەرچە بۇ باسقۇچ ئۇنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا ۋاقىت جەھەتتىن ئەڭ ئۇزۇن بولسىمۇ، ئەمما ئون يىللىق «ئىنقىلاب» نىڭ كاساپىتىدىن ئىجادىيەت مېۋىسى ئەڭ ئاز بولغان باسقۇچى بولۇپ، جەمئىيەتنى كۆزىتىش، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، ئەينەك قىلىش ۋە بەھىر ئېلىش ئىمكانىيىتى دېگەندەك كەڭ بولمىغاچقا، يازغان ئەسەرلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتلەردە بىر خىل ئەندىزە ۋە قېلىپبازلىقتىن خالىي بولالمىغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ قاھار جېلىل دەسلەپكى قەدەمدە بىر قىسىم ئىزدىنىش خاراكتېرلىك ھېكايىلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قاھار جېلىلنى دەسلەپكى ئىجادىيەت سەپىگە ئېلىپ كىرگەن «ئالتۇن قىز» ھېكايىسىنى دەۋرنىڭ قەدەم-رىتىمى خېلى جايىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەن ياخشى ھېكايە دېيىشكە بولىدۇ. ھېكايىدىكى باش قەھرىمان ماھنۇر — ئاشۇ يىللاردىكى مەملىكەت خاراكتېرلىك كۆتۈرۈلگەن زىيالىي ياشلارنى تاغ-يېزىلارغا چۈشۈرۈش دولقۇنىدا شەھەردىن يېزىغا چۈشكەن زىيالىي ياشلارنىڭ ۋەكىلى. ئۇ ياشلارغا خاس جانلىق، تېتىك، شوخ، چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان خۇش خۇي قىز. ئۇ ئوچۇق-يورۇق مىجەزى، پاك ۋە سەمىمىي قەلبى، ئاق كۆڭۈل، چىقىشقاقلىقى بىلەن بارغانلا يەردە دېھقانلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ تۇرىدۇ. ئىشتا ھاردىم-تالدىم دېمەيدۇ،

يېقىملىق ناخشىسى بىلەن كىشىلەرنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپلا قالماي، يەنە شەھەردە ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ قاراڭغۇ دىلىنى يورۇتىدۇ، ئاپتور بۇ ئوبرازنى يارىتىشتا گەرچە ئاشۇ دەۋردىكى ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن بەزى ئۇقۇم خاراكتېرلىك دېتاللارغا مۇراجىئەت قىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما تۇرمۇش پۇرىقى ۋە ئوبراز يارىتىش جەھەتتە بەلگىلىك سەۋىيە ياراتقان ئىدى. بىراق ئۇنىڭدىن كېيىن يازغان «بىز يالغۇز ئەمەسمىز»، «كۆۋرۈك» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە ئەينى دەۋردىكى ئىنقىلاب ئىشلىرىدا «سىنىپىي كۈرەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش»، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە «سىنىپىي كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرۈش» شوئارىنىڭ چەكلىمىسىدىن بۆسۈپ ئۆتەلمىدى. شۇڭا بۇ ئەسەرلىرىدە بەدىئىيلىك جەھەتتە ئەدەبىياتنىڭ ئەسلى قانۇنىيىتى بويىچە ئىجاد قىلىشقا، ئىپادىلەش جەھەتتە جانلىق ۋە ئوبرازلىق بولۇشقا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۈچىگەن بولسىمۇ، ئەمما ماتېرىيال تاللاش، باش تېمىنى ئىپادىلەش، پېرسوناژلارنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتلەردە ئابستىراكت ئۇقۇم ۋە قېلىپبازلىقنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىدى. ئۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يازغان «ئاشۇ كۈنلەردە»، «مول ھوسۇل» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننىڭ مەنزىرىسىنى سېلىشتۇرۇش، كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا مەيدانغا چىققان، قىلغان ئىشىدىن بىرەر كونكرېت نەتىجە چىقىرالمايدىغان يالغان ئاكتىپلارنى مەدھىيىلەش بىلەن چەكلىنىپ قالغاچقا، بۇ ھېكايىلەردىمۇ مەزمۇن جەھەتتە شۇ خىل ئاجىزلىق كۆرۈلدى. ئەمما ئۇنىڭ كىچە-كۈندۈز جاپالىق مەشىق قىلىپ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى كېيىنكى مەزگىلدىكى ئىجادىيىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس بولۇپ قالدى.

1979-يىلدىن 1980-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ بۇ مەزگىلدە پۈتۈن زېھنىنى ئىجادىيەتكە سەرپ قىلىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا «ئاچالدا»، «ئانا»، «چاكار»، «جەۋەنداز»، «باھار» قاتارلىق 20گە يېقىن ھېكايە، «مېھرىبان»، «ئەپۇ» قاتارلىق ئىككى پوۋېستىنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئىجادىيەت ھاياتى ئەدەبىياتتىكى مۇزلار ئېرىپ، «ئۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈش» نەزەرىيىسى قاتارلىق بىر قاتار سول نەزەرىيىۋى قاپقاقلار چېقىپ تاشلىنىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنە يازغۇچىنىڭ دېموكراتىيىسى كەڭ جارى قىلدۇرۇلىۋاتقان دەۋرگە توغرا كەلدى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى يازغان ئەسەرلىرىنىڭ سانى ئالدىنقى مەزگىلدىكىدىن كۆپ بولغانىنىڭ ئۈستىگە تېماتىك مەزمۇنىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر بولدى. تېما جەھەتتىن بەزى چەكلەنگەن رايونلارغا بۆسۈپ كىرەلىدى. نەزەر دائىرىسىنى ئالدى بىلەن چېكىدىن ئاشقان سول لۇشيەن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن جۇدۇن-چاپقۇنلۇق يىللاردىكى، بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە قالغان جەمئىيەتنى — «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دۆلەت ۋە خەلققە سالغان جەبرى-زۇلۇملىرىنى پاش قىلىشقا قاراتتى. ئۇ «يۇرتۇم مەنزىرىسى»، «جىنايەت»، «كىشىلەر» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىلەن «ئەپۇ»، «مېھرىبان» قاتارلىق پوۋېستلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ۋەيرانچىلىق ئىچىدە قالغان جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدىن ئېلىپ، كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىغا ئاشۇ يىللاردىكى ئېچىنىشلىق ھايات بىلەن

قاتلاڭ، بىمەنە تۇرمۇشنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشىنى ئوبرازلىق سىزىپ بەردى.

80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، ئېلىمىزدە ئىسلاھات دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. شەھەر - يېزىلاردا كەڭ كۆلەملىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، مۇتلەق كۆپچىلىك ئەمگەكچىلەرنىڭ غەيرەت-جاسارىتى يېڭىباشتىن ئۇرغىدى، ئىسلاھات ئۇلارغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى، كىشىلەرنىڭ ئاڭ ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىللە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلەتتى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ھۈنەر-كەسىپ جەھەتتىمۇ بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭىلىنىش بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلاھاتنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغان زەربىدارلار ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا چىقتى. ئىسلاھات روھىدىن، ئەمگەكچىلەرنىڭ يېڭىچە غەيرەت-جاسارىتىدىن، يېڭى دەۋرنىڭ يېڭىچە روھىدىن تەسىرلەنگەن بىر تۈركۈم ئىجادىيەتچىلەر ئىسلاھات داۋامىدا قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، شۇنىڭدەك بۇ جەرياندا مەيدانغا چىققان بەزى بولمىغۇر ئىللەتلەرنىمۇ ئىنكاس قىلىشقا ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىدى. «جەۋەنداز»، «سەھەر»، «خالىۋاپ» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى ئاپتور دەل مۇشۇ مەزگىلدە يېزىپ، ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت ئويۇنى ۋە فوتو سۈرەتچىلىك ساھەسىدە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئۆزگە تاتتىق تەلەپ قويۇپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەيدىغان قەيسەر ئىرادىسى ۋە ئالىيجاناب يەزىلىتىنى نامايان قىلدى. «قىز كۆرۈش»، «جان ھەلقۇمغا يەتكەندە»، «ئۈچ ئايال بىر سەھنىدە» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە بولسا ئىسلاھاتتىن كېيىنكى يېڭىچە تۇرمۇش جەريانىدا تەدرىجىي بىخلىنىۋاتقان نەپسانىيەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك، مەككارلىق ۋە ئالدامچىلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى ئوبرازلىق سىزىپ، كەڭ كىتابخانلارنى بۇنداق ناچار ئىللەتلەردىن يىرگىنىش ۋە قول ئۈزۈشكە ئىلھاملاندۇردى.

قاھار جېلىل بۇ مەزگىلدە «ئاخىر»، «كۆكۈل»، «كىشىلەر»، «ئاچالدا» قاتارلىق ھېكايىلىرىدىمۇ ئۆزگىچە يول تۇتۇپ، ھېكايىلىرىنى يالغۇز تېما ۋە مەزمۇن جەھەتتىن رەڭدار قىلىشقا تىرىشىپلا قالماي، بەلكى ھەجمى قىسقا، شەكلى يېڭى ۋە رەڭدار بولغان ھېكايىلەرنى يېزىشقىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. ئەدەبىياتقا ئالاھىدە بىرخىل قىزغىنلىق بىلەن مۇھەببەت باغلاپ، ئىجادىيەت يۆنىلىشىنى بارغانچە كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا قارىتىپ، ھاياتنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە كىشىلەر خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ئۈستىدە توختىماي ئىزدەندى. ئەسەرلىرىدە جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتى ۋە ھاياتنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە ئېچىپ بېرەلەيدىغان بەلگىلىك ئورتاقلىق ۋە ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بولغان پېرسوناژلار ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، ئەسەرلىرىنىڭ ئۇسلۇبىنى بەلگىلىك خاسلىققا ئىگە قىلىشقا، بەدىئىي سەۋىيىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشتى.

80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تا ئۇ ۋاپات بولغىچە بولغان ئارىلىق يازغۇچى ئىجادىيىتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئىجادىيەتتە يەنىمۇ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپ، كىشىلەرنى ئانچە جەلپ قىلالمايدىغان بەزى ئەرزىمەس تېمىلار بىلەن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ جاراھىتىنى تاتىلاشتىن ئىبارەت ئاللىقاچان تارىخ بولۇپ قالغان مەسىلىلەرنى ئىپادىلەشتىن قول ئۈزۈپ، ئۆزىنىڭ بارلىق زېھنىي

كۆچىنى كۆز ئالدىدىكى جانلىق، رېئال ھاياتقا قاراتتى. تېما جەھەتتە، رېئال ھاياتنىڭ ئەڭ خىلۋەت جايلىرىغىچە بۆسۈپ كىرىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش جەريانىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە كۈرەشلەرنى، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋرنىڭ قەدەم-رېتىمىنى، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي ھالىتىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلدى. ئەسەرلىرىدە جەمئىيەتتىكى مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى، ئىپادىلىگەندىن سىرت، يەنە مىللىي مەدەنىيەت، قانۇن، پەن-تەتقىقات ساھەسىدىكى ئېچىلمىغان بەزى سىرلىق مەسىلىلەرنى، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېسىپ تۇرغان ھەرخىل ناچار ئىللەتلەرنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشكە ئىنتىلدى. «بالدۇر تۇزىغان گۈل»، «شامالباغلىق قىز»، «تۇرمۇش قايىنىمىدا»، «تەقدىرنى كىشىلەر يارىتىدۇ» قاتارلىق پوۋېستلىرى بىلەن «تونۇش بەشرە»، «تۇرمۇش ئەينىكىدە»، «پاكلىنىش»، «غوجىزادە ھەققىدە لەتىپە»، «ۋاقىت ئۇنتۇلدۇرالامدۇ؟»، «ئېزىنتقۇ» قاتارلىق ھېكايىلىرى قاھار جېلىلنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ئەسەرلىرىنىڭ نادىرلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ «پاكلىنىش»، «غوجىزادە ھەققىدە لەتىپە» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە مىللىتىمىز ئارىسىدا قايتىدىن بىخلىنىۋاتقان، كونىلىققا مەھكەم يېپىشىۋېلىپ، يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلالماسلىق، ئۆزىنىڭ بەختى، ئامىتىنى ھالال ئەمگەكتىن ئىزدىمەي، ئەكسىچە شۈكرى-قانائەت ۋە «دۇئا-تىلاۋەت» تىن ئىزلەش، ئىلىم-پەننىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە پىسەنت قىلماي، تەقۋادار، ئالدامچى موللىلارنىڭ «ئەپسۇن-ئايەتلىرى» گە ئىشىنىشتەك خۇراپاتلىق، بىلىمسىزلىك، نادانلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكنى قاتتىق قامچىلىدى، «غوجامنىڭ غوجىسى بار»، «شەپقەتچى» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ شەھەر-يېزىلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش جەريانىدا مەيدانغا چىققان ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇپ ئۆز خىزمىتىنى بېجانىدىل ئىشلەيدىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا ئاتاپ، ئۆز شەخسىيىتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمايدىغان ئىسلاھاتچىلارنىڭ مەردانە ئوبرازىنى ياراتتى، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە كوللېكتىۋىزملىق روھىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى. «ئېزىنتقۇ»، «تۇرمۇش ئەينىكىدە»، «قىستاش» ھېكايىلىرىدە بولسا تېخىمۇ ئۆزگىچە يول تۇتۇپ؛ باشقىلار تەرىپىدىن ھازىرغىچە قەلەمگە ئېلىنمىغان يېڭى مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ھەققىي يازغۇچىلىق كارامىتىنى ئاشكارىلىدى.

بۇ مەزگىلدە قاھار جېلىل ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىللە ئەسەرلىرىنى ئىمكانقەدەر مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن يەرلىك پۇراققا ئىگە قىلىشقا تىرىشتى. شۇنداقلا پېرسوناژلار خاراكتېرى روشەن بولۇش، ۋاقىت ئۇقۇمى ئېنىق بولۇش، ھېكايە ۋەقەلىكى مۇكەممەل، دراماتىك توقۇنۇشى كەسكىن بولۇشتەك ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە قىلدى.

## 3

بىزگە مەلۇم، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئىجادىيەت زېمىنى ھەققەتەن كەڭ ۋە چەكسىزدۇر. لېكىن بەدىئىي ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغانلىكى كىشىنىڭ ھەممىسلا بەدىئىي ئەسەر يارىتالىشى، ياراتقاندىمۇ كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك ھەۋەسىنى قوزغىيالايدىغان، ئۇلارغا تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرىپىنى، جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتى ۋە

قانۇنىيىتىنى چىنلىق بىلەن ئىنسىنەرلىك قىلىپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتالىشى ناتايىن. يازغۇچى قاھار جېلىل جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا چوڭ بولغان، ئۇزۇن يىل مائارىپ ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە ئىشلىگەن، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى بىلەن خېلى تونۇشلۇقى بار، بەلگىلىك تۇرمۇش بىلىمىگە ئىگە، ھاياتنى كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە بەدىئىي ماھارىتى خېلىلا يۇقىرى يازغۇچى بولغاچقا، ھېكايە، پوۋېستلىرىدا، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى، ھەممە ساھەلىرىنى دېگۈدەك چېتىشتۇرۇپ ئىپادىلەپ بېرەلىگەن، ئادەتتىكى تەپسىلاتلار ئىچىدىمۇ مول ھاياتىي كۈچكە ئىگە تېمىلارنى قېزىپ چىقالىغان. بىز ئۇنىڭ ھېكايە، پوۋېستلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ چىقىدىغان بولساق بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

قاھار جېلىل ھېكايىلىرىنىڭ تېمىسى جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا تۇتىشىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ياراتقان پېرسوناژلىرىمۇ خىلمۇ خىل. ئۇلار ئىچىدە رەھبەرىي كادىرلار، دېھقانلار، ئىشچى ئۇستىلار، دوختۇر-سېستىرالار، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار، سوپى-ئىشانلار، ئالدامچى موللىلار، ئوغرى-لۈكچەكلەر، چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر، سودىگەرلەر، ئاق كۆڭۈل بىچارىلەر، ئۇرۇشقاق ھازازۇل خوتۇنلاردىن تارتىپ ئادەتتىكى ئادەملەرگىچە ھەممە ساھەلەردىن بار بولۇپ، ئۇلار بىر پۈتۈن پېرسوناژلار كارىدورىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس مۇھىتتا ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۆزىگە لايىق تىلدا سۆزلەيدۇ، ھەممىدە ئۆزلىرىنىڭ ھايات مەنتىقىسى بويىچە رېئالىيەت ئىبلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ «ئېزىتقۇ»، «پاكلىنىش»، «چەۋەنداز»، «جان ھەلقۇمغا يەتكەندە»، «قىز كۆرۈش»، «غوجىزادە ھەققىدە لەتىپە»، «ئانا» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىلەن «مېھرىبان»، «تۇرمۇش قايىنىمىدا»، «تەقدىرنى كىشىلەر يارىتىدۇ» قاتارلىق پوۋېستلىرى بۇ پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ.

## 4

ئادەتتە بىر يازغۇچىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت جەريانىغا باھا بېرىش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس. چۈنكى بۇ مەسىلە شۇ يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى، ئېستېتىك غايىسى، ئىجادىيەت مېتودى، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى، ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى، ئىدىيىۋى مەزمۇنى، قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەرگە تۇتىشىدۇ. شۇڭا قاھار جېلىلدەك مۇنداق مول-ھوسۇللۇق يازغۇچىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتىنى باھالاپ چىقىشىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىر پۈتۈن ئالاھىدىلىكى — ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى، ئېستېتىك غايىسى، ئىجادىيەت يولى، ئىجادىيەت مېتودى، ئىجادىيەت ئىدىيىسى، ئىجادىيەت ئۇسلۇبى، ئەسەرلەرنىڭ تېما دائىرىسى، ئوبراز يارىتىش، قۇرۇلما ۋە تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى... قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئايرىم-ئايرىم باھا بېرىش بىلەن ئۇنى يەنىمۇ سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ بۇ ماقالەمنى قاھار جېلىلنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ دېيىشكە بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش جەريانىدا تۆۋەندىكى تەرەپلەرنى ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى دېيىشكە بولىدۇ، دېگەن كۆز قاراشقا كەلدىم.

بىرىنچى، قاھار جېلىل ئەسەرلىرىدە ئاساسەن يېزا تۇرمۇشىنى، بولۇپمۇ جەنۇبىي

شىنجاڭدىكى دېھقانلار تۇرمۇشىنى، كەڭ، بىپايان تارىم ۋادىسىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت زېمىنى قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ئېتىكىدىكى بىپايان گۈزەل ۋادىلار، زەرەپشان، يورۇڭقاش، تارىم دەريا ۋادىلىرىدىكى چىرايلىق كۆجۈم مەھەللىلەر، مەشھۇر قەدىمكى زىيارەتگاھلار، دۆۋە-دۆۋە قۇم بارخانلىرى، ئاجايىپ گۈزەل، بارافسان، بوستانلىقلار تولىمۇ ئېنىق ۋە جانلىق سۈرەتلىنىش بىلەن بىللە، شۇ گۈزەل ۋادىدىكى ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئادىتى، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ، مېيىت ئۇزىتىش ئىشلىرىدىكى ئۆزگىچە ئادەتلىرى، ئۆي ياساش، كىيىم تىكىش ۋە باشقا قائىدە-يوسۇنلىرى بىر قەدەر ياخشى تەسۋىرلىنىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزگىچە يەرلىك پۇراق ۋە كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. مىسال ئۈچۈن بىز ئۇنىڭ «شامالباغلىق قىز» ناملىق پوۋېستىدىكى مۇنۇ مەنزىرە تەسۋىرىگە نەزەرىمىزنى ئاغدۇرايلى: «كەچتە ئايىمخان ئۇنى ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ قورۇ-جايى ناھايىتى كەڭتاشا ئىكەن. قوش قاناتلىق چوڭ دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن تال بارىڭى سايە چۈشۈرۈپ تۇرغان ئازادە ھويلا، ئۇنىڭ سول تەرىپى ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە گۈللەر بىلەن بېزەلگەن باغ، ئۇدۇل، سول ۋە دەرۋازا تەرەپلەر تۇتاش سېلىنغان ئۆيلەر ئىكەن. سول تەرەپتىكى ئۆي ئاساسىي مېھمانخانا بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۈچ مېتىردەك كەڭلىكتە، 50-60 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە سۇپا چىقىرىلىپ، ئۈستىگە لەمپە ئورنىتىلىپتۇ، ياغاچلارغا نەقىشلەر ئويۇلۇپ، ئۈستى ھاۋارەڭدە سىرلىنىپتۇ، سۇپىغا قات-قات گۈللۈك كىگىز ۋە گىلەملەر سېلىنىپتۇ، تاملار خام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بولسىمۇ، گەج ۋە ھاك بىلەن ئاقارتىلىپتۇ. لەمپىنىڭ تورۇسىغا پەنەركە مىقلىنىپتۇ... نۇسرەتنىڭ ئۆلۈمى نۇرئىمانغا ئىنتايىن ئېغىر تەسىر قىلدى. ئۇ پۈتۈن بىر كېچە نىياسىخانىغا ئوخشاشلا يىغلاپ چىقتى، ئەتىسى دەپنە قىلىش ۋاقتىدىمۇ يىغىدىن توختىمىدى...

بۇ يۇرتتا كىم ئۆلسە — مەيلى ئۇ ئەر ياكى ئايال بولسۇن، مەيلى قېرى ياكى ياش بالا بولسۇن، مېيىتنى يەرلىككە قويۇشتىن ئىلگىرى جامائەت ئۆلۈم بولغان ھويلىغا يىغىلىپ زىكرى-ساما قىلىدىغان ئادەت بار. بۇنداق چاغدا يۇقىرى ئاۋازلىق ھاپىزلاردىن بىرى ئەھمەد يەسەۋىنىڭ دىنىي-مىستىك غەزەللىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيدۇ. جامائەت بەزىدە ‹ھا-ھۇم› دېيىشىپ، ئىككى تەرەپكە تەۋرىنىپ ۋە ئوتتۇرىدا چۆرگىلەپ-پىرقىراپ ساماغا چۈشىدۇ ۋە بەزىدە تىنىلىپ ئولتۇرۇپ ھۇ تارتىپ يىغلىشىدۇ... بۇ يۇرتنىڭ ئادىتىدە ئاياللارنىڭ جىنازىغا ئەگىشىپ قەبرىستانلىققا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ...»

يۇقىرىقى نەپىس تەسۋىرلەردىن بىز يورۇڭقاش ۋادىسىدا ياشايدىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى لايىھىلەش، ياساش ۋە زىننەتلەش، مېھمان كۈتۈش، ئۆلۈم ئۇزىتىش ئادىتى قاتارلىقلاردىن تولۇق خەۋەردار بولالايمىز.

ئىككىنچى، قاھار جېلىل ھېكايىلىرىنىڭ تىلى جانلىق، ئوبرازلىق، يېقىملىق، ھېسسىياتلىق. قاھار جېلىل جەمئىيەتتە تونۇش-بىلىشلىرى كۆپ، دائىم تۆۋەنگە دېھقانلار ئارىسىغا چۈشۈپ تۇرغاچقا، خەلق تىلىنىڭ دۇردانىلىرىنى كۆپ يىغقان، يېقىن-يورۇقلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ، بەزمە-مەشرەپلەردىكى يىغىلىشلاردا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ھەرخىل، ھەر ياڭزا

كىشىلەرنىڭ سۆزلىشىش ۋە سۆز-ئىبارىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى، تەلەپپۇز قىلىنىش قائىدىلىرىنى ئەستايىدىل بىلىۋېلىشقا، كېرەكلىك جايلىرىنى خاتىرىلىۋېلىشقا ئادەتلەنگەن ئىكەن. ئۇ سۆز-ئىبارىلەرنى ئەنە شۇنداق زېرىكمەي، تېرىكمەي تاللىغاچقا، مەيلى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەيدىغان، ۋەقەلەرنى بايان قىلىدىغان، مەنزىرىلەرنى سۈرەتلەيدىغان، پېرسوناژ ھەرىكىتىنىڭ كونكرېت دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بايانچى تىل بولسۇن، ياكى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى، خاراكتېر-خۇسۇسىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان دىئالوگ ۋە مونولوگلار بولسۇن ھەممىسى جانلىق، ھېسسىياتلىق، مەنىگە باي ۋە ئوبرازلىق يېزىلغان. ئۇ كۆپ ساندىكى ئەسەرلىرىنى بىرىنچى شەخس تىلىدا يېزىش بىلەن كىشىلەرنى ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان پېرسوناژ، ۋەقە ۋە مەنزىرە بىلەن تەبىئىي ئۇچراشتۇرغاچقا، ئۇنىڭدىكى بەدىئىي سۈرەت كىتابخانلارنى تۇيدۇرماستىن ئۆزىگە رام قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭدىكى مەنزىرە بىلەن ھېسسىيات، ھېسسىيات بىلەن مەنزىرە بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ-چىرمىشىپ، كىشىگە بىر خىل ئازادە، يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدىغان تەبىئىي، گۈزەل مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

«كېچە سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى، ياز كېچىسىنىڭ ئىللىق شامىلى يۈزۈمنى سىلىق سىيپاپ، بىر خىل راھەتلىك سېزىم بەخش ئېتەتتى. گۈللەرنىڭ پۇرىقى دىماغقا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بۇ يەردە چېكەتكىلەرنىڭ جانغا تېگىدىغان چىرىلداشلىرىمۇ، پاقىلارنىڭ يېقىمسىز كۇركىراشلىرىمۇ يوق، ئەتراپ جىمجىت، خىيال سۈرۈشكىلا يارىتىلغاندەك ئارام بەخش ئايدىڭ كېچە، كۈمۈش تاۋاقتەك تولۇن ئاي يۇلتۇزلۇق ئاسماندا ئاستا ئۈزمەكتە.» («شەپقەتچى» «ئېزىنقۇ» توپلىمى، 1-بەت)

«مەن ئايرىلىپ كەتكىلى بەش يىل بولغان يۇرتىمىزنىڭ قىياپىتىدىكى ھەر بىر يېڭىلىقنى ھەۋەس بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدىم. بىز كېتىۋاتقان ئاسفالت يول ئەسلىدە ئىككى ياقىسىدا جىگدە كۆتەكلىرى چوقچىيىپ تۇرىدىغان، ئەگرى-بۈگرى ھارۋا يولى ئىدى، ھازىر بولسا كېڭەيتىلىپ، تۈزىتىلىپ چۆرىسىگە سۇۋادان كۆچەتلىرى تىكىلىپتۇ. بۇرۇنقى كاۋا باراڭلىرى، چىڭگىللىك ئوتلىرى بىلەن قورشالغان كونا ۋادەك ئۆيلەرنىڭ ئورنىدا مېۋىلىك باغلار بىلەن ئورالغان يېڭى ئۆيلەر قەد كۆتۈرۈپتۇ. بەزى ئۆيلەرنىڭ ئەينەك دېرىزىلىرى ئەتىگەنكى قۇياش نۇرىدا ۋال-ۋۇل قىلىپ كۆزلەرنى چاقماقتا. يول ياقىسىدىكى خامانلارغا بۇغداي ئۆنچىلىرى دۆۋىلەنگەن، بولۇق ئۆسكەن شال مايسىلىرى سالقىن شامالدا ئاستا تەۋرەنمەكتە. ئېچىلىشقا باشلىغان پاختىزارلىق ئاق ۋە سېرىق گۈللەر بىلەن بېزەلگەن پايانسىز گۈلزارلىقنى ئەسلىتىدۇ، ئوڭ تەرەپتە يورۇڭقاش دەرياسى شارقىراپ ئاقماقتا، سول تەرەپ ئۇپۇققا تۇتاشقان يېشىل بوستانلىق...» («كۆكۆل» توپلىمى، 109-110 بەت)

مانا قاراڭ، يازغۇچى ئالدىنقى كۆرۈنۈشنى كەچكى شەپەق تارقىغاندىن كېيىنكى ئايدىڭ كېچىدە، دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ ئولتۇرۇپ، گۈزەل تەبىئەتتىن ئۇرغۇغان تەبىئىي ھېسسىياتى بويىچە يازغان. كېيىنكى مەنزىرىنى ماشىنا بىلەن يۇرتىغا بېرىش سەپىرىدىكى دولقۇنلۇق تەسىراتى بويىچە سۈرەتلىگەن. بىز بۇ تەبىئىي، يېقىملىق مەنزىرىلەر ھەققىدىكى تەسۋىرلەرنى ئوقۇۋاتقىنىمىزدا گويا ئاپتور بىلەن ئاشۇ گۈزەل ئاخشامنى بىللە تاماشا قىلىۋاتقاندەك، گۈزەل يورۇڭقاش ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردىن بىللە ھوزۇرلىنىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىمىز.

ئۇ پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ، مونولوگىنى يازغاندىمۇ سۆزلەرنى شۇ سورۇنغا، پېرسوناژلارنىڭ ياش قۇرامى، بىلىم سەۋىيىسى، مىجەز-خاراكتېرى ۋە سالاھىيىتىگە قاراپ تاللاپ ئىشلەتكەن.

« — غوجام، مەن بىر پاسىق بەندە، شۇ كەمگىچە ھەددى-ھېسابسىز گۇناھقا پاتقانلىقىمنى سەزمەي يۈرگەنىكەنمەن، ئەمدى ئويغاندىم، مېنى مۇرتلىققا قوبۇل قىلسىلا، — دېدى مەگلىك يىغلامسىرىغان ھالدا.

— بەندە ھېچقاچان غاپىللىقتىن خالىي بولالمايدۇ، — سالاھىدىن ئىشان ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ تەسەللى بەردى، — گۇناھىڭىزنى تونۇغان ئىكەنسىز، ئاللا ئىگەم سىزنى مەغپىرەت قىلىدۇ. بىز باش بولغان تەرىقەت يولىنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپسىز، تەلىپىڭىزنى قوبۇل قىلدۇق...» («غوجىزادە ھەققىدە لەتىپە» «ئېزىتقۇ» توپلىمى. 160-بەت)

مانا بۇ سۆزلەرنى بازغۇچى يازدى دېگەندىن كۆرە، ئاشۇ تەقۋادار ئىشان بىلەن ئۇنىڭغا مۇرت بولماقچى بولغان مەگلىك قارىغۇ ئۆز تىلى بىلەن سۆزلەۋاتىدۇ، دېگەن تۈزۈك. چۈنكى بۇ دىئالوگلار ئاغزىدىن خۇدانى چۈشۈرمەيدىغان ئىشانلار ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرىنىڭ سۆزلەش ئادىتىگە تولىمۇ ئويغۇن ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىغا ئاجايىپ ماس كەلگەچكە، بىز ئۇنى ئوقۇپلا شۇ سورۇننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋە شۇ سورۇندا سۆزلەۋاتقان پېرسوناژنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىمىز.

ئۈچىنچى، قاھار جېلىل ھېكايىلىرىدە پەلسەپىۋى پىكىرلەر نىسبەتەن كۆپ. قاھار جېلىل ھەققەتەن كىتابىي بىلىمى مول، تۇرمۇشقا قويۇق ئارىلاشقان، ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرگە باي، كۆپنى كۆرگەن، نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقنى باشتىن كەچۈرگەن، تىنماي ئىزدىنىدىغان، ئىجتىھاتلىق يازغۇچى بولغاچقا، ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ ھاياتتىن ھاسىل قىلغان پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرىنى كىتابخانلارغا ئايىماستىن تەقدىم قىلىپ، كىتابخانلارنى ھايات ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشقا، ھاياتنىڭ قىممىتىنى تونۇشقا، ياشلىق باھارىنى قەدىرلەش، چەكلىك ئۆمرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە ئۈندەيدۇ.

« ...ئاق كۆڭۈللۈك ئەلۋەتتە ياخشى خىسلەت، بىراق ئۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتسە، بۇ مورەككەپ دۇنيادا ئادەمنى ھاماقەت قىلىپ قويۇپ، بوزەك قىلىنىشنىڭ زېمىنىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، دەپ ھۆددە قىلالامسىز؟» («خىلۋەتتىكى كىشىلەر»، 333-بەت)

« ...< ئويناشماق ئەرباب بىلەن، كەلتۈرۈپ ئۇرار ھەر باب بىلەن > دېگەن ماقالىنىڭ قايسى دەۋردە چىققانلىقى نامەلۇم، بىراق ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ھەمىشە رول ئويناۋاتقىنى ھەممىگە ئايان...»، « < قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق > دېگەن ماقال مۇشۇنداق كىشىلەر ئۈچۈن چىققان بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ شاپتۇل يېگۈسى كېلىدۇ. ئەمما بويى پاكار، قولى يەتمەيدۇ. ماغدۇرى ئاز. سىلكىپمۇ چۈشۈرەلمەيدۇ. نەتىجىدە ئەڭ شېرىن شاپتۇللارنىمۇ < ئاچچىق >قا چىقىرىپ، كۆڭلىگە يالغاندىن تەسەللى بېرىدۇ.» («خىلۋەتتىكى كىشىلەر»، 135-بەت)، « بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلەر: ‹ مال تۇيىقىدىن سەمرەر، ئادەم قولىقىدىن › دەپ توغرا ئېيتقانىكەن. مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراۋېرىش، كۆڭۈلگە تېگىدىغان گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىش — ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ، ماڭغان يولدىن يېنىشقا، قىلىۋاتقان ئىشىدىن قول ئۈزۈشكە مەجبۇر قىلىدىغان ئىشلار

تۇرمۇشتا ئازمۇ؟» («خىلۋەتتىكى كىشىلەر»، 124-بەت)

مانا بۇ تەسۋىرلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، يازغۇچىنىڭ ھايات ھەققىدىكى پەلسەپۋى چۈشەنچىسىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى، ئادەم بولۇشنىڭ، ھاياتنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشنىڭ لازىملىقى ھەققىدىكى قىممەتلىك ھېكمەتلەرنى بىلىپ ئالالايمىز.

ئۈچىنچى، قاھار جېلىلنىڭ پروزا ئىجادىيىتىدە پوۋېستلىرى بىلەن ھېكايىلىرىنىڭ پەرقى ناھايىتى ئېنىق، بولۇپمۇ ھېكايىلىرىنىڭ ھەجىمى قىسقا، ئىخچام، قىزىقارلىق، ئىپادىلەش شەكلىدە ئۆزگىچىلىك بار، ئۇنىڭدىكى ئەپچىل قۇرۇلما كىتابخانلارنى ھەرگىز زېرىكتۈرۈپ قويمايدۇ. ئۇنىڭ «قىستاش»، «ئىللىق كۆز»، «غوجامنىڭ غوجىسى بار»، «ئېزىتقۇ» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى ئىخچاملىقنىڭ، «جان ھەلقۇمغا يەتكەندە»، «قىز كۆرۈش»، «تونۇش بەشىرە»، «پاكلىنىش» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى قىزىقارلىق قۇراشتۇرۇلغان يۇمۇرلۇق ھېكايىلىرىنىڭ ۋەكىلى دېيىشكە بولىدۇ.

ئاخىرىدا شۇنىمۇ ئالاھىدە ئېيتىش كېرەككى، قاھار جېلىل ھېكايىلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى، ئۇنىڭ بىر مۇنچە ھېكايىلىرىگە ئاپتور ئۆزى بىلگەن ۋە ئاڭلىغان نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلىك سۆزلەر، پەلسەپۋى قىممىتى يۇقىرى پىكىرلەر بىلەن بىرلىكتە يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇرغۇن مازار-ماشايىقلار، قەدىمكى زىيارەتگاھلار، سەيلىگاھلارنىڭ تارىخىنى، بىلىم خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان قىسسە، ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى، تەبىئىي پەن، جۇغراپىيە، ئېتنوگرافىيەگە ئائىت بىلىملەرنىمۇ ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن سىڭدۈرۈۋەتكەن.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

# دۇنيا ئەدەبىيات ئېقىملىرىغا نەزەر

## سىمۋولىزم ھەققىدە سوئال-جاۋابلار

1. سىمۋولىزم دېگەن نېمە؟

سىمۋولىزم يۈز يىلدىن بۇيانقى غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىدا ئەڭ بالدۇر پەيدا بولغان، تەسىرى ئەڭ چوڭ، تارقىلىشى ئەڭ كەڭ ئەدەبىيات ئېقىمىدۇر. سىمۋولىزم ئالدىنقى سىمۋولىزم ۋە كېيىنكى سىمۋولىزم دەپ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

سىمۋولىزم دېگەن بۇ ئاتالغۇ 1886-يىلى پەيدا بولغان. ئالدى بىلەن فرانسىيىلىك شائىر لېي گىل «سۆز-ئىبارىلەر تەتقىقاتى» دېگەن كىتابىدا، بودېلېردىن باشلانغان ئاۋانگارت يازغۇچىلارنىڭ شېئىرىيەت سەنئىتىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى خاھىش، يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا مۇقىملاشتۇرغان، مالارمى بۇ كىتابقا كىرىش سۆز يازغان. شۇ يىلى 15-سېنتەبىردە فرانسىيىدە ئۇزاق يىل ئولتۇراقلىشىپ قالغان يۇنانلىق ياش شائىر مورىس «فىگارو گېزىتى»دە «ئەدەبىيات خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، شۇ چاغلاردا سىمۋوللۇق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ شېئىر يازغان شائىرلارنى «سىمۋولىزمچىلار» دېگەن نام بىلەن ئاتاشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. مورىسنىڭ بۇ ئەدەبىيات خىتابنامىسى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە سازاۋەر بولغاچقا، شۇنىڭدىن باشلاپ فرانسىيىدە «سىمۋولىزم»دىن ئىبارەت بۇ ئەدەبىي ئېقىم رەسمىي مەيدانغا كەلگەن. ئەمەلىيەتتە بولسا مورىس سىمۋولىزم ئېقىمىنىڭ ئاساسچىسى ئەمەس. ئۇنىڭ تۆھپىسى يۇنانچە «symbol» سۆزىنى فرانسۇز تىلىغا ئېلىپ كىرىپ، بۇ ئېقىم ئۈچۈن «سىمۋولىزم» دېگەن نامنى قويۇپ بەرگەنلىكىدە. مورىس بۇ ئاتالغۇنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن 30 يىل ئىلگىرىلا سىمۋوللۇق ئىجادىيەت ئۇسۇلى پەيدا بولغان ئىدى. 1857-يىلى فرانسىيىلىك ياش شائىر بودېلېر (1821 — 1867) «رەزىللىكنىڭ گۈلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئېلان قىلىپ، سىمۋولىزم ئۈچۈن ئاساس سالغان. «رەزىللىكنىڭ گۈلى» فرانسىيە ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ئاجايىپ مۆجىزە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، فرانسىيە ئەدەبىيات تارىخىدىن ئورۇن ئالغان، شۇنداقلا دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان خاسىيەتلىك ۋەقەگە ئايلانغان. بودېلېر ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ئۇلۇغ ئەربابقا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنى مەركەز قىلغان يېڭى بىر ئەدەبىيات ئېقىممۇ دەرھال شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بودېلېرنىڭ ئاساسلىق ئەگەشكۈچىلىرىدىن ۋېرلىن، رىمبود، مالارمى قاتارلىق يازغۇچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغان سىمۋوللۇق ئەسەرلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ بودېلېر بىلەن يانمۇ يان تۇرغان. شۇنداق قىلىپ، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، يەنى 1886-يىلدىن 1891-يىلغىچە بولغان ۋاقىت بۇ ئېقىمنىڭ تازا گۈللەنگەن مەزگىلى بولغان. 19-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن كېيىن، سىمۋوللۇق شېئىرلار غەربىي ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكىدىكى ھەر قايسى

ئەللەرگە تارقاپ، ئۇ يەرلەردە نۇرغۇن قەدىناس دوستلىرىنى تاپقان. ئۇ كىشلەر يەنە 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان كېيىنكى باسقۇچتىكى سىمۋولىزمنىڭ تايانچ كۈچلىرىدىن بولۇپ قالغان. بىراق ئالدىنقى سىمۋولىزم فرانسىيەدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، كېيىن قەدەممۇ قەدەم پارچىلىنىپ كەتكەن. 1891-يىلى سىمۋولىزم ئېقىمى «ئەدەبىيات خىتابنامىسى» نىڭ ئاپتورى. بولغان مورىس بىرىنچى بولۇپ سىمۋولىزم ئېقىمىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان ھەمدە «رومىن ئېقىمى» دەپ ئاتالغان بىرخىل ئەدەبىياتنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى يۇنان ۋە رىملىقلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان، بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا رىمبود، ۋېرلىن، مالارمى قاتارلىقلار ئارقا-ئارقىدىن ۋاپات بولغان. باشقا نۇرغۇن سىمۋولىزمچى شائىرلارمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن يېڭى تەرەققىيات.نىشانلىرىنى تاللىۋېلىپ، سىمۋولىزمدىن ئىبارەت سەنئەتنىڭ مىزانلىرىنى تاشلىۋەتكەن. ئالدىنقى باسقۇچتىكى سىمۋولىزم بىر ئەدەبىي ئېقىم بولۇش سۈپىتى بىلەن 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئەمەلىي جەھەتتە يىمىرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىرخىل ئەدەبىيات ئېقىمى ھېسابلانغان ئالدىنقى باسقۇچلۇق سىمۋولىزم فرانسىيەدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مالارمى قاتارلىق داڭلىق شائىرلارنىڭ تەسىرى ۋە رولى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالدىنقى باسقۇچتىكى سىمۋولىزم 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ فرانسىيە چېگرىسىدىن چىقىپ، غەربىي ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكىغىچە كېڭىيىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىغا كەلگەندە كېيىنكى باسقۇچتىكى سىمۋولىزم گۈللەنگەن ئىدى.

كېيىنكى باسقۇچتىكى سىمۋولىزم گۈللەنگەن مەزگىلدە فرانسىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، روسىيە، ئىتالىيە، ئىسپانىيە، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە شەرق قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا تارقىلىپ، تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان دۇنياۋى ئەدەبىي ئېقىمغا ئايلانغان.

## 2. سىمۋولىزم قانداق بەدىئىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە؟

سىمۋولىزم ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتقا پۈتۈنلەي قارشى بولغان ئەدەبىي ئېقىم بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىدەك روشەن بەدىئىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، سىمۋولىزم ئېقىمى ئەنئەنىۋى رېئالىزمدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچتى. ئۇ رېئالىزمنىڭ شەيئىلەرنى بايان قىلىشتىكى بارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، كىشلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى تاشقى ماددىي دۇنيانى تەسۋىرلەشتىن سىمۋوللۇق نەرسىلەر ئارقىلىق مەنىۋى دۇنيانى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بېرىشكە ھەم ئابستراكت ئۇقۇملارغا جانلىق ماددىي شەكىل تۈسىنى بېرىشكە قاراتتى. شائىر مورىس ئېنىق قىلىپ: «شائىرلار قەلبىتىكى < ئەڭ يۇكسەك چىنلىق >نى تېپىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئابستراكت بولغان شەكىل تۈسىنى بېرىش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. سىمۋولىزمچىلار سەنئەت ھەرگىزمۇ رېئاللىقنىڭ تەقلىدى ئەمەس، بەلكى رېئاللىقنىڭ قايتا يارىتىلىشى. شائىر بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق سۇبيېكتىپ ھېسسىياتنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئوبيېكتنى يارىتىش كېرەك، دەپ قارىغانىدى.

كېيىنكى سىمۋولىزم شائىرى ۋالېر ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە رېئاللىققا، تاشقى دۇنيادىكى ئەمەلىيەتكە سەل قاراپ، قەلبىتىكى چىنلىقنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت

بەرگەن، ئۇ ئەسەرلىرىدە ھەمىشەم ھېسسىيات بىلەن ئەقىلنى، ئۆزگىرىش بىلەن مەڭگۈلۈكنى، تەن بىلەن روھنى، ھاياتلىق بىلەن ماماتلىقنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدىغان پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى ئىپادىلىگەن. ئەنگلىيىلىك سىمۋولىزم شائىرى ئېلىوت زور تەسىرگە ئىگە بولغان «قەھەتچىلىك» دېگەن ئەسىرىدە، ئەنئەنىۋىي تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىن ياكى ئابستراكت ۋەز-نەسىھەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان كونكرېت ھەم روشەن ئوبرازلار ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا سىمۋوللۇق بىشارەت بەرگەن. ئۇ سىمۋوللۇق ئەپسانە ۋە رىۋايەتتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ غەرب كاپىتالىزم دۇنياسىدىكى ئىقتىسادىي ئاللاقزادىلىك، تېررورلۇق ۋە مەنىۋى بوھراندىن بىشارەت بەرگەن، شۇنداقلا يەنە خىرىستىيان قۇتقازغۇچىلىرىنىڭ سىرلىقلاشتۇرۇش ئىدىيىسىدىن بىشارەت بەرگەن. شائىر ئەسەردە ھەرخىل سىمۋول، ئىستىئارە ۋە دارىتمىلاش قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، كىشىلەرنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بەرگەن.

ئىككىنچى، سىمۋولىزم ئەنئەنىۋى رومانتىزمدىن پۈتۈنلەي پەرقلەندى. ئۇ ھېسسىياتنى بىۋاستە ئىپادىلەشكە قارشى تۇرۇپ، سىمۋوللۇق بىشارەت بېرىشنى، يەنى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق مەركىزىي ئىدىيە، باشقا شەيئى ۋە يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدىن بىشارەت بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. سىمۋولىزمنىڭ پېشۋاسى بودېلېرنىڭ «رەزىللىكنىڭ گۈلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى سىمۋولىزمغا ئاساس سالغان نادىر ئەسەر بولۇپ، شائىر توپلامدىكى شېئىرلاردا رومانتىك يازغۇچىلارنىڭ ئەنئەنىسگە ۋارىسلىق قىلىپ، شېئىرىيەتنى ئەڭ يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى رومانتىزم شائىرلىرىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغانىدى. ئۇ، شېئىرنى ساپ ھالەتتىكى «قەلب» نىڭ مەھسۇلاتى ئەمەس، بەلكى رېئاللىق ۋە تاشقى ماددىي دۇنيا بىلەن ئالاھىدە باغلىنىشلىق بولغان باشقا بىر دۇنيانىڭ مەھسۇلاتى دەپ قارىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، دۇنيا بىر مۇرەككەپ، كۆرگىلى بولمايدىغان گەۋدە، شۇنداقلا تەسۋىرىي ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بىر لۇغەت بولۇپ، ئەتراپتىكى دۇنيانىڭ چىنلىقىنى ئىپادىلەش شېئىرنىڭ مەقسىتى بولماستىن، بەلكى پروزىنىڭ مەقسىتىدۇر. شېئىرنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى تېخىمۇ چىنلىق ھېسابلانغان، يەنى باشقا بىر دۇنيادىكى پۈتۈنلەي چىن بولغان نەرسىدۇر. شائىرنىڭ «باشقا بىر دۇنيا» دېگىنى تاشقى دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا، تەبىئەت بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا، ئىنسانلارنىڭ ھەرخىل ھېس-تۇيغۇلىرى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يوشۇرۇن، ئىچكى ۋە ئۆز ئارا ماسلاشقان باغلىنىشتۇر.

ئۈچىنچى، سىمۋولىزم دەللىچىلىك بىلەن ناتۇرالىزمغا قارشى تۇرۇپ، سۇبيېكتىپ بىلىشنىڭ رولىغا ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇرنىڭ ئىجادچانلىق رولىغا ئەھمىيەت بەردى. سىمۋولىزمچىلار 19-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغا كەلگەندە، شەكىل جەھەتتە، كونت ۋەكىللىكىدىكى دەللىچىلىك پەلسەپىسى ۋە زولا ۋەكىللىكىدىكى ناتۇرالىزم ئەدەبىياتىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. چۈنكى دەللىچىلەر ھەمىشە شەيئىلەر ئوتتۇرىسىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى مېخانىك ھالدا ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغاچقا، بۇ ئۇسۇل بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان چوڭشەنچە دۇنياسىنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايتتى. ناتۇرالىزمچىلارنىڭ نەزەرىيىسى بويىچە ئېيتقاندا، يازغۇچىلار شەيئىلەرنى

كۆزنىشى، قاتتىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن پاكىتلار ئارقىلىق شەيئىلەرنى ئىسپاتلىشى، يەنى مۇھىتنىڭ ئىنسانغا بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىشى شەرت. ئەمما ناتۇراللىستلار تەكىتلەۋاتقان مۇھىت ئۇقۇمىدا مۇھىتنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى يوققا چىقىرىلغان بولۇپ، ھەممە نەرسە بىئولوگىيە ۋە مەلۇم تۇرمۇش ئامىللىرىغا باغلاپ قويۇلغانىدى. زولا يازغۇچى ئالىم بولۇشى كېرەك، پروزىنىڭ ۋەزىپىسى ئىلمىي فىزىئولوگىيىنى تولۇقلايدىغان، ئىلمىي فىزىئولوگىيىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەرسىنى ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. بىراق بۇ خىل «ئىلمىي تەتقىقات» ئىنسان پىسخىكىسىنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى نەزەردە تۇتماي، پەقەت فىزىئولوگىيىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغاچقا، بۇ خىل قاراش بىلەن تەبىئەتتىن تاشقىرى بولغان ھەقىقىي ۋە چىن نەرسىنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايتتى. شۇڭا سىمۋولىزمچىلار بۇنداق ئۇسۇللارغا قارشى تۇرۇپ، سەنئەت، بولۇپمۇ شېئرىيەتتە سىمۋوللۇق ۋاستىلاردىن پايدىلانغان ۋە ئۇنىڭغا تايانغاندىلا، ئاندىن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان مۇرەككەپ، كۆرگىلى بولمايدىغان گەۋدىنى، يەنى باشقا بىر دۇنيادىكى تېخىمۇ چىنلىق ھېسابلانغان نەرسىنى ئىپادىلەپ بېرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ مۇقىملاشتۇرىدۇ. روسىيىلىك شائىر بىريۇسوۋ (1873-1924) مۇ: «...ھەقىقىي سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە كونكرېت مەزمۇنىنىڭ ئارقىسىغا باشقا نەرسە، تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان نەرسە يوشۇرۇنغان بولىدۇ، ئۇلار (سىمۋولىزمچىلار) روشەن بەدىئىي ئوبرازلار بىلەن مۆئەييەن ھادىسىلەرنى ئىپادىلىمەي، ھەممىسى كىنايىلىقى كۈچلۈك بولغان سىمۋوللۇق ۋاستىلەر بىلەن يوشۇرۇن ۋە چوڭقۇر بولغان ھادىسىنى ئىپادىلەيدۇ» دەپ ئېيتقانىدى. يۇقۇرىدىكىلەردىن كۆرۈنۈشكە بولىدۇكى، سىمۋوللۇق شېئرىيەتنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى، مەلۇم ئوي-پىكىر ياكى خىيالنى ئىپادىلەيدىغان سۆز-ئىبارىلەرنى تاللاپ ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، شەيئىلەر ئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلەش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت.

تۆتىنچى، سىمۋولىزمچىلار شېئىرنىڭ مۇزىكىلىقىنى تەكىتلىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى كوندىلىك تۇرمۇشتىكى خۇشاللىق بىلەن ھەسرەت، كۈلكە بىلەن غەزەپ بولماستىن، بەلكى تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئىچكى سىر ياكى ئادەتتىكى شەيئىلەرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان «بىردىنبىر ھەقىقەت» بولغاچقا، ئادەتتە ئۇلار شەيئىلەرنىڭ ئېنىق لېنىيىسى ۋە مۇقىم ئىزناسى بويىچە ئىپادىلەش ئېلىپ بارمايدۇ ھەمدە شەيئىلەرنىڭ نوقۇل ھالەتتىكى يارقىنلىقى، مۇرەككەپلىكى، غۇۋا ۋە مۇجمەللىكىگىمۇ ئىنتىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىنتىلىدىغىنى ئىنسان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئەڭ نازۇك ھېس-تۇيغۇنى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بېرىش. ئۇلار ئىپادىلەيدىغان ھېس-تۇيغۇ مۇرەككەپ، ئەگرى-توقاي، غۇۋا، ئۆزگىرىشچان بولغاچقا، مۇزىكىدىكى ئۆزگىرىشچانلىقنى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىدۇ. سىمۋولىزمچىلار شېئىردا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى بەدىئىي ئوبراز بولماستىن، بەلكى مۇزىكىلىق بەلگە-ئالامەت دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار «يوقالسۇن شېئىردىكى روشەن مەنتىق، ياشىسۇن ئاھاڭدىكى سىرلىق مەنە» دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئەمما شېئىرنىڭ مۇزىكىلىقى نوقۇل مېخانىكىلىق ئاھاڭ بىلەن ئەمەس، شېئىرنىڭ ئىچكى رىتىمى ۋە قانۇنىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. شوپېنخوئېرنىڭ قارىشىچە، سەنئەت مۇزىكىدۇر، سەنئەت مۇزىكىلىق بولغاندىلا، ئاندىن شەيئىنىڭ ماھىيىتىگە ئىچكىرىلەپ كىرگىلى بولىدۇ. خېلى بۇرۇن، يەنى 19-ئەسىرنىڭ

40-يىللىرىدىلا ئامېرىكىلىق شائىر ئېدگار ئالەنپو (1809-1849) مۇزىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ، شېئىرنىڭ تەجرىبىدىن ئۆتكەن تۇراقسىزلىقى ۋە ھەرىكەتچانلىقىنى ئىپادىلەش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىن ئەنگلىيىلىك پاتېر (1839-1894) «بارلىق سەنئەت مۇزىكىغا توغرىلىنىشى كېرەك» دېگەن. فرانسىيىلىك ۋېرلىن (1844-1896) مۇ شېئىر ئەڭ ئالدى بىلەن مۇزىكىلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك، دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ «شېئىر سەنئىتى» ناملىق ئەسىرىدە: «ھەممە شەيئىلەر ئىچىدە ئېھتىياجلىقى مۇزىكا»، «يەنىمۇ ئېھتىياجلىقى مۇزىكا، مەڭگۇ ئېھتىياجلىقى مۇزىكا» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

بەشىنچى، سىمۋولىزمچىلار شېئىرنىڭ كۈچلۈك سىرلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشىنى تەشەببۇس قىلدى. بودېلېر گۈزەللىككە تەبىر بېرىپ: «گۈزەللىك دېگەن قىزغىنلىق، غەمكىنلىك ھەم غۇۋا-تۇتۇقلۇققا ئىگە بولغان، كىشلەرنىڭ ئويدانراق ئويلىنىپ كۆرۈشىگە سەۋەب بولىدىغان نەرسە»، يەنى «سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق گۈزەللىكتۇر» دېگەنىدى. بودېلېرنىڭ قارىشىچە، غۇۋا-تۇتۇقلۇق بىر خىل ئېستېتىك قاراش بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ شېئىرنىڭ مەنىۋى مۇھىتقا قارىتا دەسلەپكى بىر خىل ئىزدىنىشى ۋە ئىنتىلىشى ئىدى. ۋەھالەنكى كېيىنكى سىمۋولىزمچىلار غۇۋالىق-تۇتۇقلۇقنى گۈزەللىك چۈشەنچىسى دەپ قارىماي، باشقىچە يول تۇتتى، ئۇلار شائىرنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى غۇۋالىق-تۇتۇقلۇق بولماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بولغان ئومۇمىي ھەققىتى ۋە مۇتلەق ئىرادىسى، يەنى بىرخىل دىنىي سىرلىقلاشتۇرمىچىلىقتىن ئىبارەت بولغان نەرسە دەپ قارىدى. چۈنكى بۇ مەزگىلگە كەلگەندە، شېئىردىكى سىرلىق ئامىللار سېزىم ئارقىلىق بىلگىلى بولىدىغان نەرسە بولماستىن، بەلكى ئىنسانلار چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان مۇتلەق بىرخىل نەرسىدىن ئىبارەت بولۇپ قالغانىدى. جۈملىدىن بۇ چاغدا ھەرخىل دىنلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئېتىقادى، ئىدىيىسى، ئەخلاقى ۋە غايىسىنى بىر تالاي سىمۋوللۇق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ تەشۋىق قىلىۋاتاتتى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا كېيىنكى سىمۋولىزمچىلار مۇ دىنىي سىرلىقلاشتۇرمىچىلىقتىن ئىبارەت مەنىۋى مۇھىتنى سىمۋوللۇق ئۇسۇلنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى ئىزدىدى. بېلگىيىلىك سىمۋولىزم دراماتورگى مېتېرلىنكى: «كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي مەنىسى سېزىش ئارقىلىق بىلگىلى بولىدىغان بۇ دۇنيا بولماستىن، بەلكى كۆرگىلى، ئاڭلىغىلى بولمايدىغان، سەزگۈدىن تاشقىرى بولغان سىرلىق ئالەمدە» دەپ كۆرسەتتى. ئىرلاندىيىلىك يېتس: «سىمۋولىزمنىڭ مەقسىتى كىتابخانىنى دىنسىزلىقنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئاللاھ بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ماكاندا ھەرىكەتلەندۇرۇشتىن ئىبارەت» دەپ ھېسابلىدى. دېمەك، بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، كېيىنكى سىمۋولىزمچىلار ئەدەبىي ئىجادىيەتتە غۇۋالىق-تۇتۇقلۇققا ئىنتىلمەي، كىشلەرنى ئاللاھقا چوقۇندۇرۇشنىڭ يولىنى ئىزدىگەن ئىدى.

## 3. بودېلېر قانداق يازغۇچى؟

چارلېس بودېلېر 1821-يىلى 9-ئاپرېل پارىژدا دۇنياغا كەلگەن. دادىسى دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، 1789-يىلىدىن 1794-يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان

فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىغا قاتناشقان. كېيىن فرانسىيە داشۆسىدە پەلسەپە ۋە ئىلاھىيە تشۇناسلىق كەسپىنى ئۆگىنىپ، 18-ئەسىردىكى مەرىپەتچى مۇتەپەككۇرلەرنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ دادىسى 60 ياشقا كەلگەندە ئىككىنچى قېتىم توي قىلىپ، 62 ياشقا كەلگەندە بودلېر تۇغۇلغان، بودلېر ئالتە ياشقا كىرگەندە، يەنى 1827-يىلى ئۇنىڭ دادىسى ۋاپات بولغان، ئاپىسىمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ئىدىيىسى كونسېرۋاتىپ، ھەرىكىتى ئەكسىيەتچى بىر ھەربىي ئەمەلدار بىلەن توي قىلىۋالغان. ئۆگەي دادىسى ياش بودلېرنىڭ مىجەز-خۇلقى، خاراكتېرى ۋە مىسكىن كۆڭلىنى چۈشەنمەي، ئۇنىڭغا قاتتىق قوللۇق قىلاتتى. گەرچە ئۆگەي دادىسىنىڭ سوغۇق، قوپال مۇئامىلىسى ياش بودلېرنىڭ قەلبىدە نەپرەتلىك ئىز قالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئازاب-ئوقۇبەت ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاپىسىنىڭ مېھرى-مۇھەببىتى ئۇنىڭ مىسكىن، مەيۈس كۆڭلىنى سۆيۈندۈرەتتى. بودلېر ئاپىسىنىڭ تۇرمۇش جەھەتتىكى ئاجىز ۋە ئىلاجسىز ئورنىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ، ئۆگەي دادىسى ھەربىي سەپتىن قايتقاندىن كېيىن، بۇ ئائىلىدىن ئايرىلىپ سەرسان تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئۇ دەسلەپتە لىئوندىكى ياتاقلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە، كېيىن پارىژدىكى لوئى ئىمپېرىيە ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. ئۇ ناھايىتى زېرەك، قابىلىيەتلىك، ئوقۇشتا ئەلا بولسىمۇ، لېكىن ھەرىكەتتە تىنىمسىز، ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىشقا ھەۋەس قىلىدىغان، مەكتەپنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامىغا ئېتىبارسىز قارايدىغان ئوقۇغۇچى بولغاچقا، مەكتەپ تەشكىلى ئۇنىڭ بۇخىل مىجەز-خۇلقىنى ياقتۇرماي مەكتەپتىن چېكىندۈرىدۇ. 18-19 ياشلىق بودلېر مەكتەپتىن ئايرىلىپ، يەنە ئىشسىز، سەرگەردان تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇ مەزگىلدە پارىژ ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ئەيش-ئىشرەتلىك قالايمىقان دۇنيا بولغاچقا، پارىژنىڭ بۇ خىل چىرىكلىك ئەھۋالى جەمئىيەتنى ۋە كىشىلەرنى ئەمدىلا چۈشىنىشكە باشلىغان بودلېرغا ئىنتايىن يامان تەسىر قىلىدۇ. بۇ خىل مۇھىتتا چوڭ بولۇش بودلېرنىڭ كېيىنكى روھىي ھالىتى ۋە ئىجادىيەت كەيپىياتىغىمۇ تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەبەدىي مىسكىنلىك تەقدىر تۇيغۇسى ھەمدە بىر خىل كېسەللىك روھىي ھالەت پەيدا قىلىدۇ. بۇ يىللاردا بودلېر ھاياتلىق يولىنىڭ جاپالىق ۋە ئازابلىق بولۇشىغا قارىماي بېرىلىپ كىتاب ئوقۇيدۇ. ياش رەسساملار، ئەدەبىياتچىلار بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىدۇ. ئاتاقلىق رومانتىك شائىر گوتېر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ قابىلىيەتلىك شاگىرتىغا ئايلىنىدۇ. كىشىلەر ئۇنى «تەنناز ئەدىب» دەپ ئاتىشىدۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە بودلېر ئۆز دادىسىدىن قالغان 75 مىڭ فرانك پۇلغا تەڭ كېلىدىغان مىراسقا ئىگە بولۇپ، تۇرمۇشى ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر پروتكا ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا بەتخەجلىك قىلىپ، قولىدىكى پۇلدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، تۇرمۇشى يەنە قىيىنلىشىدۇ. نەتىجىدە 1844-يىلى ئۆگەي دادىسى بىلەن ئاپىسى بىر ئادەمنى گۇۋاھچى قىلىپ ئۇنىڭغا ھەر ئايدا 200 فرانك بېرىپ تۇرىدىغان بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئاشۇ ئازغىنا ئىقتىساد بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ بىر ئۆمۈر غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ.

تۇرمۇشنىڭ ئازاب-ئوقۇبىتى، رەھىمسىزلىكى بودلېرنىڭ قەلبىدە ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا غەزەب، نەپرەت ۋە نارازىلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلغاچقا، ئۇ باشىنىن-ئاخىر

بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرى ۋە ئەخلاق-قائىدىلىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۆز سىنىپى ئىدېئولوگىيىسىنىڭ مەنىۋى كىشەنلىرىدىن ئادا-جۇدا بولۇپ، لىرىك شېئىرلارنىڭ خىيالىي دۇنياسىدىكى تەڭلىك، باراۋەرلىك ۋە مېھرىبانلىقتىن بەھرىمەن بولماقچى بولدى. رېئاللىققا بولغان نارازىلىق، قارشىلىق كۆرسىتىش بودلېر ئىدىيىسىنىڭ يادروسى بولۇپ، 1848-يىلى پارتلىغان فرانسىيە ئىنقىلابى ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بولغان قارشىلىقىنى يەنىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئويغاتتى. ئۇ پارىژ ئىشچىلىرى بىلەن بىللە قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتناشتى، سەبداشلىرى بىلەن بىرلىكتە گېزىت چىقىرىپ، قارشىلىق كۆرسىتىش روھى ئۇتكۈر بولغان ماقالىلەرنى يېزىپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ روھىغا ئىلھام بەردى. بىراق ئۇ بىر ھەقىقىي ئىنقىلابچى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. 1851-يىلى ئەكسىيەتچى بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىلى لوئى بوناپارت سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، ھاكىمىيەتنىڭ مېۋىسىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، بودلېرنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى نابۇت بولۇپ، ئىنقىلابتىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزدى. ئۇ ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ئىچىدە نېمە قىلىشىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدى. بۇ خىل روھىي ھالەت ئۇنىڭ كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى ھەم ئېستېتىك قاراشلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە يازغان خاتىرىلىرى ۋە خەت-چەكلىرى قاتارلىقلاردا بەزى ئۈچىغا چىققان بىمەنە ھەم ئەكسىيەتچى نەرسىلەرمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ پۈتكۈل ئىدىيە ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىغا ئۆچمەنلىك قىلىش بىلەن بىللە يەنە بەزى ساغلام، تەبىئىي ۋە دائىملىق بولغان نەرسىلەردىنمۇ يىرگىنىدۇ.

بودلېرنىڭ ئىنقىلابتىن كۈتكەن ئۈمىدى يوققا چىققاندىن كېيىن، ئۇ، شېئىرنى قورال قىلىپ، رېئاللىقنى، جەمئىيەتنى، مەۋجۇت ھادىسىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى ھەم ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1852-يىلدىن باشلاپ يېڭى ۋە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ ئارقا-ئارقىدىن نۇرغۇن شېئىر، ئون پارچە ئوبزور ۋە كۆپلىگەن تەرجىمە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇ، خېلى ئۇزۇن يىل جاپالىق ئىزدىنىش، كۆزىتىش، ئىجاد قىلىش ۋە قايتا-قايتا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئاخىرى 1857-يىلى ئۆلمەس نادىر شېئىرلار توپلىمى — «رەزىللىكنىڭ گۈلى» نى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە نەسرىي شېئىرلار توپلىمى — «پارىژنىڭ غېمى»، «سۈنئىي جەننەت» نى ھەمدە ئەدەبىيات ۋە گۈزەل سەنئەت ئوبزورلار توپلىمى — «بىر تەرەپلىملىك ئېستېتىكا»، «رومانتىك سەنئەت» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. بىراق جاپالىق ئىجادىيەت، غورىبەتچىلىك بودلېرنىڭ سالامەتلىكىنى زەئىپلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭدا ئېغىر دەرىجىدە يېگانىلىك ۋە ئۈمىدسىز كەيپىيات پەيدا قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ 1866-يىلى بېلگىيىگە بېرىپ بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە لېكسىيە سۆزلەشكە تەييارلىنىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشۈپ، تىلى تۇتۇلۇپ سۆزلىيەلمەس بولۇپ قالدى. 1867-يىلى فرانسىيىگە قايتىپ كېلىپ، شۇ يىلى 31-ئاۋغۇست 46 يىللىق ئازاب-ئوقۇبەت، زىددىيەت، قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە چۈشكۈنلۈك بىلەن تولغان ھايات مۇساپىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ پارىژدا ۋاپات بولدى.

4. « رەزىللىكنىڭ گۈلى » قانداق ئەسەر؟

1857-يىلى فرانسىيەدە نامى ئانچە مەلۇم بولمىغان ياش شائىر بودېلېرنىڭ « رەزىللىكنىڭ گۈلى » ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان پەۋقۇلئاددە يېڭىلىق بولۇپ، سىياسىي ساھە ۋە شېئىرىيەت مۇنبىرىنى خۇددى بىر زەمبىرەك ئوقى ياكى بىر ئاجايىپ شەيئىدەك ئالاقزادە قىلىۋەتكەن. ئارقا-ئارقىدىن ئوبزورلار ئېلان قىلىنىپ، بەزىلەر بۇ شېئىرلار توپلىمىنى مەدھىيىلىسە، بەزىلەر ئەخلاق مىزانلىرىغا نۇقسان كەلتۈرگەن، دىنغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان، دەپ ئەيىبلىگەن. ئەمما ئاپتور بىلەن شېئىرلار توپلىمىنىڭ شان-شۆھرىتى ھەممە يەرگە تارقالغان. شۇ چاغدا سەرگەردانلىقتا يۈرگەن ۋىكتور ھيوگو دەرھال خەت يېزىپ: شېئىرلار توپلىمى — « رەزىللىكنىڭ گۈلى » فرانسىيە شېئىرىيىتىگە « يېڭى تەۋرىنىش » ئېلىپ كەلدى، دېگەنىدى. يازغۇچى ئاراگول: « ھېچقانداق بىر شائىر كىشىلەردە بودېلېردەك قىزغىن كەيپىيات قوزغىيالمىغانىدى » دەپ كۆرسەتكەن. شائىر ۋالېرى « ئوچيۈز بەتكە يەتمىگەن بۇ بىر كىچىك كىتابچە ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ نەزەرىدە ئەڭ مەشھۇر، ئەڭ كەڭ تارقالغان ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن بىر قاتاردا قويۇلماقتا » دېگەن. ۋالېرى يەنە بودېلېر ئۈستىدە توختىلىپ: « ئۇ شەرەپلىك ھالدا يۇقىرى پەللىگە چىقتى، ئۇ بولغاچقىلا فرانسىيە شېئىرىيىتى ئاخىرى دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتتى » دېگەن، رىمبود: « بودېلېر — ھەقىقىي خۇدا » دەپ كۆرسەتكەن. گىئورگى ئېلئوت: « بودېلېر بارلىق دۆلەتلەردىكى شائىرلارنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئۈلگىسى » دېگەنىدى. يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان، « رەزىللىكنىڭ گۈلى » ناملىق شېئىرلار توپلىمى فرانسىيە ئەدەبىيات تارىخىدا ھەم پۈتكۈل غەرب ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆزىنىڭ غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، سىمۋولىزم ئېقىمىنىڭ مۇقەددەس نامىسىغا، شۇنداقلا پۈتۈن مودېرنىزم ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچى ئەسەرگە ئايلانغان. كىشىلەر بۇ شېئىرلار توپلىمىنى بارغانسىرى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۇنى بەدىئىي ماھارىتى ئىنتايىن يۇقىرى ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنمۇ ئىنتايىن باي بولغان بىر ئەسەر دەپ ھېسابلىماقتا.

« رەزىللىكنىڭ گۈلى » 1857-يىلى نەشر قىلىنىپ، ئۇنىڭغا جەمئىي 100 شېئىر كىرگۈزۈلگەن. نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، قانۇن ئورگانلىرى ئالتە شېئىرنى زەھەرلىك دەپ قاراپ، توپلامدىن چىقىرىپ تاشلاشنى بۇيرۇق قىلغان. 1861-يىلى شائىر توپلامنى ئىككىنچى قېتىم نەشرگە تەييارلىغاندا، يېڭىدىن 32 شېئىرنى قوشۇپ جەمئىي 126 شېئىرنى نەشر قىلدۇرغان. شائىر ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى نەشرگە جەمئىي 157 شېئىر كىرگۈزۈلگەن. پۈتۈن توپلام كىرىش سۆز ئورنىدىكى « كىتابخانلارغا » دېگەن بىر شېئىردىن تاشقىرى ئالتە بابتىن تەشكىل تاپقان.

1-باب: « غايە ۋە غەمكىنلىك » بولۇپ، ئاساسەن قارىمۇ قارشىلىق، زىددىيەت ئىپادىلەنگەن. بۇ باب « خۇداغا تەشەككۇر ئېيتىش كومېدىيىسى »، « سىمپاتىك » قاتارلىق 85 شېئىردىن تەشكىل تاپقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە « سىمپاتىك » دېگەن شېئىر مەشھۇر بولۇپ، شېئىردا تەبىئەت دۇنياسى بىر بۇتخانىغا ئوخشىتىلىدۇ، سىمۋوللۇق ئورمانلار كىشىلەرگە مېھرى-مۇھەببەت بىلەن قارايدۇ، يىراق-يىراقلارغا سوزۇلغان ئەكس سادالار يىراق يەرلەردە ئۆز ئارا بىرلىشىپ-سىڭىشىپ كەتكەندەك، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل ھىد-پۇراقلار، ھەر خىل رەڭ-كۆرۈنۈشلەر ۋە ئاۋازلارمۇ ئۆز

ئارا بىرلىشىپ-سىڭىشىپ كېتىدۇ.

2-باب: «پارىژنىڭ مەنزىرىسى» بولۇپ، شائىرنىڭ ئازاب چېكىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا بارغانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بولغانلىقى ئىپادىلەنگەن. بۇ باب «ئاق قۇ»، «يەتتە بوۋاي» قاتارلىق 18 شېئىردىن تەشكىل تاپقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئاق قۇ» مەشھۇر بولۇپ، شېئىردا قەپەستىن قاچقان بىر ئاق قۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ، قۇرۇپ-قاغجىراپ كەتكەن بىر ئېرىقنىڭ بويىغا كېلىپ چۈشكەنلىكى، ئىچكىلى سۇ تاپالماي ئۆز يۇرتىدىكى گۈزەل كۆللەر ۋە ئۆستەڭلەرنى ئەسلەپ: «ئاھ، سۇلار، سىلەر قاچان ئاقىسىلەر؟ ئاھ، گۈلدۈرماما، سىلەر قاچان گۈلدۈرلەيسىلەر؟» دېگەنلىكى، بويۇنلىرىنى سوزۇپ رەھىمسىز ئاسمانغا قارىغانلىقى ۋە خۇداغا لەنەت ئوقۇغانلىقى يېزىلغان.

3-باب: «شاراب» بولۇپ، شائىر بۇنىڭدا «سۈنئىي جەننەت» تىن ئىبارەت بىر خىيالىي مۆھتە ياراتقان، بۇ باب «ئەسكى-تۈسكى تەرگۈچىلەر ھارىقى»، «غېرىبنىڭ ھارىقى»، «ئاشىق-مەشۇقنىڭ ھارىقى»، «قاتىلنىڭ ھارىقى» قاتارلىق بەش شېئىردىن تەشكىل تاپقان.

4-باب: «رەزىللىكنىڭ گۈلى» بولۇپ، بۇ باب «جىنايەتنامىغا كىرىش سۆز»، «قانلىق فونتان» قاتارلىق 16 شېئىردىن تەشكىل تاپقان. شائىر بۇ شېئىرلاردا رەزىللىكتىن ۋە كىشىلەرنى ئالدايدىغان ھاراقتىن ياردەم سورايدۇ. شائىر بەزىدە بەدەنلىرىدىن قاننىڭ خۇددى فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ-يۇ، ئەمما بەدەنلىرىنىڭ ھېچقانداق يېرىدىن قان چىقىۋاتقان جاراھەتنى تاپالمايدۇ.

5-باب: «قارشىلىق كۆرسىتىش» بولۇپ، بۇ باب «پادىشاھ پېترنىڭ ئاسىيلىقى» قاتارلىق توققۇز شېئىردىن تەشكىل تاپقان. بۇ شېئىرلاردا ئۈمىدسىزلىك، غەمكىنلىك ۋە چۈشكۈنلۈككە دۇچار بولغان شائىرنىڭ ئاسىيلىق قىلىشقا قاراپ ماڭغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

6-باب: «ئۆلۈم» بولۇپ، بۇ باب «كەمبەغەللەرنىڭ ئۆلۈمى» قاتارلىق ئالتە شېئىردىن تەشكىل تاپقان. بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ باشقا بىر دۇنياغا بېرىپ «ساياھەت» قىلغانلىقى، ئۆلۈمنى «تەسەللى تېپىش»، «ھاياتلىقنىڭ مەقسىتى»، «بىردىنبىر ئارزۇ-ئۈمىد» دەپ ھېسابلىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

«رەزىللىكنىڭ گۈلى» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئالاھىدە بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا شائىر بودلېرنىڭ زۇلمەتلىك قاراڭغۇ جەمئىيەتكە بولغان قاتتىق غەزەپ-نەپرىتى ئىپادىلەنگەن، شائىر ئۆزىنىڭ بۇ شېئىرلار توپلىمى ئۈستىدە توختىلىپ: «مەن بۇ ئېچىنىشلىق كىتابىمغا ئۆزۈمنىڭ پۈتۈن ئېتىقادىمنى، پۈتۈن يۈرەك قېنىمنى، پۈتۈن مېھرى-مۇھەببىتىمنى، پۈتۈن ئۆچمەنلىكىمنى كىرگۈزدۈم» دېگەنىدى. شائىرنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى پەۋقۇلئاددە بولۇپ، ئۇ، كىچىكىدىن باشلاپلا كەمبەغەللىك ئىلكىدە غەمكىن، مىسكىن تۇرمۇش كەچۈرگەچكە، ئەينى ۋاقىتتىكى فرانسىيە جەمئىيىتىگە قارىتا كۈچلۈك غەزەپ-نەپرەتتە بولغان. ئۇنىڭ دىلى بىر قانچە ئىشتىن قاتتىق ئازار يېگەنلىكى ئۈچۈن، پۈتۈن ھاياتى قان-زەرداپ ئىچىدە ئۆتكەن ۋە شۇ قانلىق جاراھەت ھېسابىغا «رەزىللىكنىڭ گۈلى» دىن ئىبارەت بۇ شېئىرلار توپلىمىنى يازغان.

ئىككىنچىدىن، «رەزىللىكنىڭ گۈلى» شۇ ۋاقىتتىكى زۇلمەتلىك فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ ئەينەن كۆرۈنۈشىدۇر. شائىر جەمئىيەتنى، كىشىلەرنى زەئىپلىشىپ كەتكەن،

زامان كېسەلگە مۇپتىلا بولغان دەۋردە ئۆسۈپ يېتىلگەن بولۇپ، بۇ دەۋردە سىياسىي جەھەتتە 2-جۇمھۇرىيەت لۇئى فىلىپ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان، ئارقىدىنلا 2-جۇمھۇرىيەتنىڭ ئورنىنى ئىككىنچى ئىمپېرىيە ئىگىلىگەنىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسى بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ، خەلق ئاممىسى بارغانسېرى نامراتلىشىپ كەتكەنىدى. بۇخىل ئەھۋالدىن نارازى ۋە بىزار بولغان شائىر بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىش، تەنقىد قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللانغان. ئەڭ ئاخىرىدا شائىر شېئىرنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ بىرلىككە كەلگەن، تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە كەڭ بولغان مەنىۋى يېڭى دۇنيا يارىتىش ئىرادىسىگە كەلگەن. «رەزىللىكنىڭ گۈلى» قايتا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، شائىر ئاپىسىغا يازغان خېتىدە: «بۇ كىتاب كەلگۈسىدە بارلىق شەيئىلەردىن بىزار بولۇش ۋە يىرگىنىشنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ قالىدۇ» دېگەنىدى.

ماتېرىيال جەھەتتە شائىر دەۋر روھىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىنى، يەنى غەلىبە قىلغان بۇرژۇئازىيە بىلەن ئۇنىڭ بىر قەدەر راستچىل، زېرەك زىيالىيلىرى، ھەقىقەتكە تەشنا بولۇۋاتقان ھەققانىي كىشىلەر ۋە ھاياتقا زور ئۈمىد-ئىشەنچ بىلەن قاراۋاتقان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەت ۋە كۈرەشنى چىڭ تۇتقان، بۇخىل زىددىيەت ۋە كۈرەش دەۋرنىڭ كېسەللىك ھالىتىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، شائىر بودېلېرنىمۇ غەمكىنلىك، مىسكىنلىك كېسىلىگە گىرىپتار قىلغان. شۇڭا «رەزىللىكنىڭ گۈلى» نى غەلىبە قىلغان بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقى ۋە چىرىكلىكىدىن بىزار بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۈمىد-ئىشەنچىسىنى يوقاتقان زېھنى ئۆتكۈر، ئاق كۆڭۈل بىر ئەۋلاد ياش زىيالىيلارنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە غەزەپ-نەپرىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ.

«رەزىللىكنىڭ گۈلى» نىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتىمۇ ئادەتتە ئاز ئۇچرايدۇ. ۋېكتور ھيوگو بۇ ھەقتە: «رەزىللىكنىڭ گۈلى» مەيلى مەزمۇن، مەيلى شەكىل جەھەتتە بولسۇن، فرانسىيە شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ، يېپيېڭى شېئىرىيەت پادىشاھلىقىنى ياراتتى، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان مەنزىلگە يەتكۈزدى، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئېچىپ بەردى، دېگەنىدى. توپلامنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىدەك تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ:

بىرىنچى، ئۇنىڭدا ئومۇمىيۈزلۈك ھەم گەۋدىلىك ھالدا سىمۋوللۇق ۋاستە قوللىنىلغان، شائىر ئىما-ئىشارەت، سىېلىشتۇرۇش، گەۋدىلەندۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئاساسىي ئىدىيىنى ئىپادىلىگەن. شائىر بەزىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ زور ھادىسىلەرنى ئەڭ كىچىك، ئەڭ كۆلكىلىك قىلىپ ئىپادىلىسە، بەزىدە رېئاللىقتىكى ئەرزىمەس كىچىك ئىشلارنى زور دەرىجىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈپ كۆرسەتكەن.

ئىككىنچى، شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى يېڭى بولۇپ، شائىر بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئىككى ياقلىملىققا ئىگە بولىدۇ، دەپ قارىغاچقا، ھادىسە ۋە شەيئىلەرنى تەسۋىرلەشتە ھەمىشە تاشقى دۇنيادىن ئىچكى دۇنياغا ئۆتۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئادەم قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ئىچكىرى قاتلاملىرىدىكى ئاسانلىقچە بىلگىلى بولمايدىغان ئەڭ نازۇك، ئەڭ نەپىس، ئەڭ گۈزەل پىكىرنى، ھېس-تۇيغۇنى قېزىپ

(ئاخىرى 38-بەتتە)

## كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن

پاتىگۈل سالى

# خىجىللىق

( ھېكايە )

مېنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە قايسى بىر ماقالىنى ئۆتۈپ بولۇپ، ئۆزىمىز خالىغان تېمىدا بىر پارچىدىن ماقالە يېزىپ كېلىشنى تاپشۇردى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خىيال سۈرۈشكە باشلىدىم. قايسى تېمىدا يازسام بولار؟ توغرا، مەھەللىمىزدىكى ياشانغان، ئىگە-چاقىسى يوق ئايال نىساخاننىڭ كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ، ئۆيلىرىنى تازىلاپ بەردىم. پات-پات تاماق ئەكىرىپ بېردىمەن. شۇنى يازاي. بىراق بۇنداق قىلسام ساۋاقداشلارنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىپ يېزىپتۇ، دەپ مازاق قىلىشى تۇرغانلا گەپ، شۇڭا بۇ ئويۇمدىن يالتايدىم. خېلى ئويلىنىپمۇ كاللامغا يازغۇدەك بىر نەرسە كەلمىدى. ئىلاجىسىز دادامنىڭ گېزىت-ماتېرىيال قويىدىغان جايىغا قول سالدىم. قولۇمغا چىققان «قەشقەر گېزىتى»دىكى بىر ماقالىنى ئوقۇشقا كىرىشتىم. بۇنىڭدا يۇرتىمىزدىكى كىچىك سۇ ئامبىرىنىڭ كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەنىدى. مەن گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتىم ۋە دەرھال قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

ئەتىسى مۇئەللىم تاپشۇرۇق دەپتەرلەرنى بىر-بىرلەپ يىغقىلى تۇردى. مەنمۇ ئەتراپىمغا بىر قاراۋېتىپ، مەغرۇرانە قىياپەتتە تاپشۇرۇق دەپتىرىمنى مۇئەللىمگە سۇندۇم.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە مۇئەللىم تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىمىزنى تارقىتىپ بەردى ۋە مېنى ئالاھىدە ئىغىزغا ئېلىپ ماختىدى. دەپتەرگە «ساۋاقداش ئالىيە، ماقالىڭىز ياخشى يېزىلىپتۇ. سۇ ئامبىرىنىڭ قىياپىتىنى خۇددى ئۇستا رەسسامدەك ئىنتايىن ياخشى سۈرەتلەپ بېرىپسىز. سىز مۇشۇ تىرىشچانلىقىڭىزنى جارى قىلدۇرۇپ، داۋاملىق مەشىق قىلىپ تۇرسىڭىز كەلگۈسىدە چوقۇم تالانتلىق بىر قەلەم ئىگىسى بولۇپ چىقىسىز» دەپ يېزىپتۇ. پارتىداش ساۋاقدىشىم ئەركىن مېنىڭ دەپتىرىمنى قولىغا ئېلىپ مۇئەللىمنىڭ خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن:

— ۋاھ قالتىسقۇ، كەلگۈسىدىكى

ئاتاقلىق يازغۇچى خانىم، — دېدى. بۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي سۆزىمۇ ياكى مەسخىرىسىمۇ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى.

1-ئىيۇن بالىلار بايرىمى ھارپىسىدا بىز كۆرزۈكلارغا بۆلۈنۈپ بايرامنى خاتىرىلەش پائالىيتى ئۆتكۈزمەكچى بولدۇق. مەن ئەدەبىيات كۆرۈزۈكىغا ئايرىلغاچقا، ماڭا شېئىر يېزىش تاپشۇرۇلدى.

دەرستىن چۈشۈپ ئۆيگە بېرىپلا ئۇدۇل ھېلىقى خەزىنىگە قول سالدىم. قولۇمغا بىر ژۇرنال چىقتى. ژۇرنالنىڭ بەتلىرىنى قويماي ئاختۇرۇپ چىقتىم. «ئوقۇتقۇچىمەن» دېگەن تېمىدا يېزىلغان بىر شېئىر كۆڭلۈمگە تازا ياقتى. شۇنىڭ بىلەن دەرھال «يېزىقچىلىق»قا كىرىشىپ كەتتىم. «ئوقۇتقۇچىمەن» دېگەن تېمىنى «ئوقۇغۇچىمەن»-گە ئۆزگەرتتىم. بەزى مىسرالاردىكى ئوقۇتقۇچىغا ئائىت سۆزلەرنى ئوقۇغۇچىغا ئائىت سۆزگە ئۆزگەرتتىم. شۇنىڭ بىلەن «شېئىرىم» پۈتتى.

مانا، تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن مىنۇتلارمۇ يېتىپ كەلدى. ساۋاقداشلار ئۆزلىرى يازغان شېئىر، نەسىرلىرىنى ئوقۇماقتا. نۆۋەت ماڭا كەلدى. مەن ھاياجان ئىچىدە شېئىرىمنى ئوقۇپ تۈگەتتىم ۋە مۇئەللىمگە قارىدىم. ئېمىشقىدۇر مۇئەللىمنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ مېنىڭ تەقەززالىق ئىچىدە قاراپ تۇرغىنىمنى بىلىپ، بېشى بىلەن ئولتۇرۇش ئىشارىسى قىلدى. مەن گاراڭ ھالەتتە ئۆز جايىمغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

پائالىيەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇئەللىم باشقا ساۋاقداشلارنى قويۇپ بېرىپ، مېنى ئېلىپ قالدى. مۇئەللىمگە نېمە بولغاندۇ، ئۇ مېنى نېمىشقا يالغۇز ئېلىپ قالدىغاندۇ، يا شېئىرنى كۆچۈرۈۋالغانلىقىمنى بىلىپ قالغانمىدۇ. مەن ھەم ۋەھىمە ھەم تېڭىرقاش ئىچىدە مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىمەن.

— ئالىيە، بايا ئوقۇغان شېئىرنى ئۆزىڭىز يازدىڭىزمۇ؟ — دېدى مۇئەللىم. مەن مۇئەللىمگە تىكىلىپ قاراشنىمۇ جۈرئەت قىلالماي:

— ھەئە، ئۆزۈم يازدىم، — دېدىم.

— راست گەپ قىلىڭ قىزىم، كىچىك ۋاقتىڭىزدىن باشلاپ بۇنداق يامان يولغا كىرىپ قالسىڭىز كېيىنچە تېخىمۇ چوڭ خاتاغا يول قويىسىز. مەن سىزنىڭ ئۆتكەنكى ماقالىڭىزگە قاراپ، سىزدىن چوقۇم تالانتلىق بىر قەلەم ئىگىسى چىقىدۇ، دەپ قارىغانىدىم. بىراق، بۈگۈنكى ئىشىڭىز قاملاشمىدى. بۇ شېئىر «ئوقۇتقۇچىمەن» دېگەن تېمىدا قايسى بىر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان. سىز بەزى جايلارنى ئازراق ئۆزگەرتىپلا بۈگۈنكى پائالىيىتىمىزگە كۆتۈرۈپ كەپسىز. باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە چاڭ سېلىش ياخشى ئىش ئەمەس. سىز تىرىشىپ مەشىق قىلسىڭىز چوقۇم ئىلگىرىلىيەلەيسىز. بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىڭ، — دېدى.

مەن مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا نىزا-نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم.

— مۇئەللىم، مەن خاتا قىپتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق بولمىغۇر ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، — مەن شۇنداق دەپلا ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتىم.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

**مەتمىنھاجى مۆلجەرى**

# ئېزىتقۇ

## (ھېكايە)

ئۇ گىلەم ئۇستىدە ئۇياقتىن-بۇياققا توختىماي دومىلايتتى. گاھ تامنى مۇشتلىسا، گاھ قورسىقىنى تۇتۇپ زوڭ ئولتۇرۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئاغزى قۇرۇپ، كېكىردەكلىرى تارتىشىپ، پۈتۈن بەدىنى سۇسىزلىنىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ئەمدى كىيىم-كېچەكلىرىنى يىرتىشقا باشلىدى...

سىرتتىن كىرىپ كەلگەن ئانىسى ئۇنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ، ئالدىراپ قىزىنىڭ يېنىغا كەلدى:

— قىزىم، نېمە بولدۇڭ؟ قورسىقىڭ يەنە ئاغرىۋاتامدۇ؟ بىردەم بەرداشلىق بەر، ئوڭشىلىپ قالىسەن، — ئانا شۇنداق دېگىنىچە يۇمشاق قوللىرى بىلەن قىزىنىڭ ھېلى يۈزىنى، ھېلى چېكىسىنى سىلايتتى، ئۇۋۇلايتتى. قىزىنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرىغا چىدىماي ئانىلىق مېھرى بىلەن قۇچاقلايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياش قىزىنىڭ مەڭزىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ چېكىسىدىن چىققان تەر تامچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئېقىشقا باشلىدى.

ئايخان ئانا يالغۇز قىزى زۆھرەنى كىچىكىدىنلا نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىپ تولىمۇ ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلدى. بىراق ئەمدىلا تولۇقسىزنىڭ 3-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان زۆھرە جەمئىيەتتىكى ياشلار بىلەن ئارىلىشىشقا باشلىدى. ئۇ كۈندىن-كۈنگە شوخلىشىپ، تېخىمۇ ئەركە بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارىلاشقان ئادەملىرى ساپلا يولدىن چىققان قىز-يىگىتلەر ئىدى. دادىسى ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىپ گەپ ئاڭلىتالماي ئاچچىق يۈتۈپ، ئۆتكەن يىلى قازا قىلدى. ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ بىر-بىرلەپ ئوقۇشقا كەتتى. ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى. شوخلۇقىدىنمۇ قالمىدى. ئاخىرى «ئاق ئالۋاستى»نىڭ قارا چاڭگىلىدا ئەنە شۇنداق مۇجۇلۇشقا، قىينىلىشقا باشلىدى.

ئۇ ئۇيان-بۇيان تولغىناتتى، چىرقىرايتتى، كىيىملىرىنى يىرتاتتى. ئانا چىداپ تۇرالمىدى. يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن قوشنىسىنىڭ دوختۇر ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، دەررۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە يۈگۈردى.

دوختۇر ئايال قىزنى كۆرۈپلا ئەھۋالنى چۈشەندى. ئۇ بۇنداق ئىشلارنى تالاي قېتىم كۆرگەن، زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرگە ئۇنى چەكمەسلىك توغرىسىدا تەربىيە بەرگەن ۋە ئۆز قولى بىلەن بىرنەچچە «بىمار»نى داۋالىغانىدى. ئۇ ئۆرۈلۈپلا چىقىپ كەتتى ۋە بىر پەستىن كېيىن ئىككى دانە شېشە قۇتىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— بۇ ئەڭ ياخشى خۇمار توختىتىش دورىسى، — دېدى ئۇ ئانىغا چۈشەندۈرۈپ، — قىزلىرىنىڭ خۇمارى تۇتقاندا بۇ دورىنى ئىچسۇن ياكى بولمىسا مېنى چاقىرسىلا. ناۋادا بۇ دورا كار قىلمىسا ئوكۇل ئۇرىمىز.

— نېمە، خۇمارى تۇتقاندا؟

ئانا دوختۇر ئايالنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمىگەندەك ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېتىپلا قالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

راھىلە توختى

# نەسىرلەر

## سۈكۈت

سەن سۆزلىگەندە مەن سۈكۈت ئىچىدە ئاڭلاپ ئولتۇرغانىدىم. بىراق مەن سۆزلىگەندە ئىزسىز ھالدا غايىب بولدۇڭ. سۆزلىرىمنىڭ ئەكس ساداسى مېنى يۇتۇۋەتتى. مەن شۇنىڭدىن باشلاپ باشقا بىر دۇنيادا ئۈن-تىنسىز ياشاۋەردىم. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى سۆزلەشنى بىلمەيدىغان تىلسىزغا ئايلىنىپ قالدىم.

## ئوغرى

مەن تۇيدۇرماستىن سېنىڭ يۈرىكىڭنى ئوغرىلىۋالغانىدىم. بىراق ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىمنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قانداق ۋاقىتتا ئوغرىلاپ كېتىلگەنلىكىنى بىلمەي قاپتىمەن. مەندىمۇ چوڭ ئوغرىنىڭ بارلىقىنى بىلگىنىمدە سېنىڭ يۈرىكىڭنى ئوغرىلىغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم.

## ئىزھارسىز سۆيگۈ

كۆزلىرىڭدىن چاقنىغان ئۆتكۈر نۇر يۈرىكىمنى تېشىپ ئۆتتى. مەن قىپقىزىل قان تامچىلاۋاتقان يۈرىكىمنى تۇتقىنىمچە ۋىسال ئازابىدا پۇچۇلىنىپ، سەن كەتكەن تەرەپكە مەجنۇنلارچە تەلمۈردۈم. ئاھ... سەن كەتتىڭ. مېنىڭ يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ كەتتىڭ. سەرسانلىقتا قالغان ساپ ئەقىدەمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ئارقاڭغا بىر قېتىم قايرىلىپ قويمىدىڭ! سەن كەتتىڭ. شۇ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىدىڭ. سۈكۈتلىرىم قەلبىمدىكى ئوبرازىڭنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋەتتى. تېڭىرقىغان غۇرۇرۇم يۈرىكىم تۇغقان تۇنجى مۇھەببەتنى ئىلاجسىز دەپىن قىلىۋەتتى. ئىزتىراپ ئىچىدە تولغىنىۋاتقان يۈرىكىم ئىزھارسىز سۆيگۈنىڭ پەيلىشىدە ئاستا-ئاستا تىنچلاندى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

نۇرمۇھەممەت توخنىياز

## گۈل مۇھەببىتى

مەن ياشايمەن گۈللەرنى سۆيۈپ،
خۇش پۇراقلىق گۈللەر ئىچىدە.
گۈل ئىشقىدا كۆيىدۇ قەلبىم،
مەيلى كۈندۈز، مەيلى كېچىدە.

گۈلدۇر مېنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقۇم،
ئاڭا رىشتىم مەھكەم چىگىلگەن.
گۈل دۇنياسى بولغاچ دىيارىم،
گۈل سۆيگۈسى قەلبىمگە سىڭگەن...

## پارچىلار

ھۆرمىتىم بار ئىستىلى پاك رەھبەرگە،
قەلبى گۈزەل، سۆزى گويا كەۋسەرگە.

ۋۇلقان بولۇپ ئېتىلدۇ نەپرىتىم
تىلى شېكەر، ئەمما دىلى زەھەرگە.

* *

ئالەمگە تۇغۇلدۇم، مەن بىر ئەر بولۇپ،
چاقناي ئەل قەلبىدە زەر-گۆھەر بولۇپ.
چىقمىسام خەلقىمنىڭ كۈتكەن-يېرىدىن،
كەتمەمدۇ بۇ جىسمىم تۇپراق-يەر بولۇپ.

ئابدۇرېشىت تۇرۇپ

## شېئىر يازغان ئەمەل قىلالغاي

ئۆچمەن نۇرغۇن قىزلارغا ئەمما،
شېئىرىمدىلا يازىمەن بۇنى.
قەۋەت ئامراق بىر قىزغا پەقەت،
جاندىن ئەزىز كۆرىمەن ئۇنى.

ئەپسۇس، مېنى سۆيمەيدۇ ئۇ قىز،
شېئىرىم، سۆزۈم ئوخشاش بولمىغاچ.
يىرگەنسىمۇ مەندە نە ئامال،
يۈرەك دائىم ئوخشاش سوقمىغاچ.

مەخمۇت سىدىق

## نېمىشقا

دەريا بول، دېڭىز بول ۋە ياكى ئېرىق،
ئوندىمۇ سېنىڭدىن سۇ ئىچىپ تېرىق.
مەنپەئەت بەرمىگەن كۆلچەك سۇيىدەك،
تۇرۇپسەن نېمىشقا يۈزلىرىڭ سېرىق؟...

ئىلياس ئابلىمىت

## دەيمەن

ۋەتەندىن ئۆزگىنى زىنھار نىگار دەپ سۆيمىسەم دەيمەن،
ۋاپاسىزنىڭ ئوتىدا كۆل بولۇپ ھېچ كۆيمىسەم دەيمەن.
ۋەتەن بار، بار مېنىڭ بەختىم، ۋەتەنگە بارلىقىم تەقدىم،
تىلىم گال بولسىمۇ چاممىم يېتىشىچە كۈيلىسەم دەيمەن.

ئابدۇكېرىم ئابدۇخالىق

## سەھرادىكى ئاشۇ ھويلاڭدىن...

سەھرادىكى ئاشۇ ھويلاڭدىن،
مەن ئايلىنىپ ئۆتتۈم نەچچە رەت.
ئايدىن ئەنداز ئالغان يۈزۈڭنى،
كۆرسەتمىدىڭ ئەمما بىر نۆۋەت.

سەھرادىكى ئاشۇ ھويلاڭغا.
كۆزلىرىمنى تىكىپ قارايمەن.
ھىدلىرىڭنى يىراق شامالدىن،
ئەلمۇرۇپ ئاي، كۆڭگە قارايمەن.

ئايلار ئۆتتى، باقمىدىڭ قىيا
باھار كۈلگەن قىران پەسلىمگە.
ئېيت، سەھرانىڭ گۈزەلى قاچان
يېتەلمەيمەن سېنىڭ ۋەسلىڭگە؟

## پارچە

مەن پەقەت بىلىمگە قىلىمەن ھەۋەس،
بولغاچقا ئۇ مەڭگۈ خوراپ تۈگىمەس.
ئۆگەنسەم ياشلىقتا ئىلىم ۋە ھېكمەت،
چاللىقتا بولمايمەن ئەسلا خارۇخەس.

ئابلىمىت رەخمىتۇللا

## يەكشەنبە

بۈگۈن يەنە يەكشەنبە كۈنى،
خىياللىرىم كەڭلىكتە ئاسمان.
تاپالمىدىم ئىزدەپمۇ سېنى،
ياتىقىڭدا ئىزلىرىم سەرسان.

كېزىپ چىقتىم كوچىلارنىمۇ،
سەزگۈلىرىڭ مەن بىلەن ھەردەم.
يۈرىكىمدە ئىشتىياق-سۆيگۈ،
نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمدە بىر غەم.

ئېيتقىنا ئەي ئوماق پەرىشتەم،
ئەگەشتۈرۈپ كەتتىمۇ شەيتان.
بۈگۈن ئاخشام سايەڭنى كۆرسەم،
تارقىلارمۇ كۆڭلۈمدىن تۇمان.

مۇھەممەتئىمىن تۇرسۇن

## بول پەخەس

مەنزىلىڭ قالدى قاياقتا ئىزلە، تاپ،
ئىككى نان تاپساڭ بىرىدە چالما داپ.
يوللىرىڭدا كۆپ ئورەك ھەم تىك داۋان،
بول پەخەس، سال قامچا ئاتقا، ئۆرلە، چاپ.

لۇتپۇللا روزى

## سېنى كۆتۈپ تۇرامدۇ؟

(شائىر ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

ئوغلۇم تىرىش، ئوقۇماي باش قاشلىساڭ بولامدۇ؟
ھەۋەس ئۈچۈن ئالدىنىپ دەرس تاشلىساڭ بولامدۇ؟
دوستۇڭ دەرستە ئەلاچى، بەسلەشمىسەڭ بولامدۇ؟
دەۋر ئالغا يۈكسەلدى، ياندا شمىساڭ بولامدۇ؟
ئىلگىرلەشتىن ئەيمىنىپ، يانپاشلىساڭ بولامدۇ؟

تاڭدىن بۇرۇن بىزلەرگە يوقتى ئوقۇش پۇرسىتى،
بىلمىسىز شۇ ئۆمۈرنىڭ بولسۇن نەدە لەززىتى،
ئوقۇ. بالام، كەلدى شاد ساڭا ئوقۇش پۇرسىتى،
تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ كەشپىياتنىڭ سۈرئىتى،
تەلىيمنى سىناي، دەپ چەك تاشلىساڭ بولامدۇ؟

قېتىرقىنىپ ئوقۇغىن، كۆڭۈل بەرمەي ئويۇنغا،
بولغاي ئاشىق بارچە ئەل، تىرىشچانلىق خۇيۇڭغا،
ئورۇن يوقتۇر جاھاندا، بىلىم سۆيمەس ھورۇنغا،
قەلەم ئالماي قولۇڭغا، قوشۇلماستىن قوشۇنغا،
ئىجادكارلار ئىشىغا كۆز تاشلىساڭ بولامدۇ؟

بولغاي سەرپ ئەل ئۈچۈن بار كۈچۈڭنىڭ ھەممىسى،
ئاپىرىن، دەپ ئېلىڭنىڭ كەلگەي ساڭا ھەۋىسى،
ئەل-ۋەتەن ئۈچۈن ئىشىڭنىڭ ھېچ بىلىنمەس جەبرىسى،
پات يېقىندا ئۈزگۈسى كۆكتە ئالەم كېمىسى،
شۇنچە پارلاق كەلگۈسى قىر ئاشمىساڭ بولامدۇ؟

ئىلھامى كېپ خالىسى سۇندى بۇ گۈل-چېچەكنى،
يېتەكلەشچۈن ئۆزىدەك سانسىز نوتا-كۆچەتنى،
يار تۇتمايمەن ئۆزۈمگە ئىلىم-پەندىن بۆلەكنى،
قايتا تۇردۇم بىلەكنى، تېڭشا قىزغىن يۈرەكنى،
يۈرىكىمنىڭ رېتىمى مىسرادىن كەم ئۇرامدۇ؟

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مامۇت زايىت

## قاھار جېلىلنى خاتىرىلەش يىغىنى

## ئۆتكۈزۈلدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئىقتىدارلىق يازغۇچى، قابىلىيەتلىك مۇھەررىر مەرھۇم قاھار جېلىلنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن 1994-يىلى 15-دېكابىر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ زالىدا خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

يىغىنغا ئەدەبىيات-سەنئەت، نەشرىيات، ئاخبارات، پەن-تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى چېن خۇڭبو، بىرلەشمىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى، بىرلەشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئىمىن ئەھمىدى، شەكەن ئوگالباي، ساغا قاتارلىقلار ۋە مەرھۇمنىڭ دوست-بۇرادەرلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ھەم تەكتۈشلىرىدىن بولۇپ 100 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىنغا بىرلەشمىنىڭ ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چىن بەيجۇڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا چېن خۇڭبو، قەييۇم تۇردى ھەمدە شەمس قۇمار، زوردۇن سابىر؛ ۋۇلىيە نزىك، ئابلىمىت سادىق، ئەخەت تۇردى قاتارلىقلار سۆز قىلدى. ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدە مەرھۇمنىڭ ھاياتى، ئىجادىيەت يولى ۋە پەزىلەتلىرى ئۈستىدە توختالدى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ۋە تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بەردى.

يىغىندا شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مەھەممەت ئەيسا قاھار جېلىلنىڭ ئىجادىيەت يولى ھەققىدە ئىلمىي ماقالە ئوقۇدى. ئىمىن ئەھمىدى، ماھمۇد زەيدى، مەتىمىن بارى قاتارلىق شائىرلار مەرھۇمغا بېغىشلىغان مەرسىيىلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. ماخمۇتجان ئىسلام شائىر جاببار ئەمەتنىڭ مەرھۇمغا ئاتاپ يازغان مەرسىيىسىنى ئوقۇدى. قاھار جېلىلنىڭ يېقىندىن نەشىردىن چىققان «قىساس» ناملىق رومانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى — شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى ھوشۇر ئەخمەت يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە روماندىن بىر نەچچىنى تەقدىم قىلدى.

(ئۆز خەۋىرىمىز)

## قايغۇلۇق خەۋەر



ئاتاقلىق مەتبۇئاتچى، پېشقەدەم شائىر، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى، بىرلەشمىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئابلىز نازىرى 1994 - يىلى 8 - دېكابىر داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 70 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

يولداش ئابلىز نازىرى 1925 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1942 - يىلى سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرۈپ، 1943 - يىلغىچە ئۈرۈمچى 6 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1943 - يىلدىن 1946 - يىلغىچە ئۈرۈمچى مەركىزىي ئۇيۇشمىسىنىڭ «مەدەنىيەت» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولغان. 1947 - يىلدىن 1948 - يىلغىچە غۇلجا بايانداي ھەربىي مەكتەپنىڭ خوجىلىق بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1948 - يىل ئىيۇندىن 1950 - يىلغىچە ئىلى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا، 1950 - يىلى فېۋرالدىن ئىيۇلغىچە «شىنجاڭ گېزىتى»دە مۇھەررىر بولغان. 1950 - يىل ئىيۇلدىن نويابىرغىچە ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەت كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1950 - يىل نويابىردىن 1980 - يىلغىچە «شىنجاڭ گېزىتى»دە مۇھەررىر، گورۇپپا باشلىقى، بۆلۈم مۇدىرى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر، پارتكومىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1980 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىرلەشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، 1989 - يىلدىن 1994 - يىل دېكابىرغىچە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ 4 -، 5 -، 6 -، 7 - نۆۋەتلىك ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش پەن، مائارىپ - مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

ئابلىز نازىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئازادلىقتىن ئىلگىرىلا باشلانغان. ئۇ ھېكايە، نەسىر، شېئىرلىرى ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى پاش قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا مەدھىيە ئوقۇغان. ئازادلىقتىن كېيىنكى شېئىرلىرىدا قايناق ھېسسىيات بىلەن ئازادلىقنى، يېڭى تۇرمۇشنى كۈيلىگەن. ياشلارنى ئىلىم - مەرىپەتكە ئۈندىگەن. بەزى شېئىرلىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ مۇكاپاتلانغان. 1976 - يىلى «چېچەك پەسلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان.

يولداش ئابلىز نازىرى بىر ئۆمۈر خەلق ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز ئىشلىدى. پارتىيە، خەلق ئىشلىرىغا سادىق بولدى. ئۇ خىزمەتتە ئەستايىدىل، تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، كەمتەر، پاك، دىيانەتلىك، چىقىشقاق، ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئىدى.

بىز بۈگۈن بىر سۆيۈملۈك شائىرىمىزدىن، قابىلىيەتلىك مۇھەررىر ۋە تەشكىلاتچىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئابلىز نازىرىنىڭ ۋاپاتى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىز ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش.

يولداش ئابلىز نازىرى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات!

# مارك تۋېننىڭ سودىگەرچىلىك

مارك تۋېن — ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ساتىرىك يازغۇچىسى. ئەمما ئۇ هاياتىدا ئىككى قېتىم سودىگەرچىلىك قىلىپ، ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ بولغان.

مارك تۋېننىڭ بىرىنچى قېتىملىق سودىسى خەت بېسىش ماشىنىكىسىغا مەبلەغ سېلىش بىلەن باشلانغان.

1880-يىلى مارك تۋېن 45 ياشقا كىرگەنىدى. شۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ يېزىقچىلىقتا تاپىنىپ ئازراق بېيىغان. بىر كۈنى پېككى ئىسىملىك بىر كىشى مارك تۋېنغا: «مەن بىر خىل خەت بېسىش ماشىنىكىسىنى تەتقىق قىلىۋاتىمەن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم چوڭ. مەھسۇلاتىم بازارغا سېلىنسا، پۇل دېگەن دەريادەك ئېقىپ كېلىدۇ. هازىر ئاخىرقى تەجرىبە خىراجىتىدىن قىسىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. كىمكى مەبلەغ سالسا، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ ئالىدىغان پايدىسى ھەددى-ھېسابسىز بولىدۇ» دەيدۇ.

مارك تۋېننىڭ ئەسلىدىنلا يوقلاڭ خىياللارغا بېرىلىدىغان ئەيىبى بار ئىدى، پېككىنىڭ سۆزى ئۇنىڭ خام-خىياللىرىنى يېلىنجىتىۋەتكەن. ئۇ تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن 2 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى خەت بېسىش ماشىنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساشقا مەبلەغ قىلىپ سالغان.

بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن پېككى مارك تۋېننى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلغان هالدا: «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمغا ئاز قالدى، ئاخىرقى پۇلغىلا قاراپ قالدىم» دېگەن. مارك تۋېن ئۇنىڭغا يەنە پۇل بەرگەن. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن پېككى مارك تۋېننى يەنە يوقلاپ كېلىپ، بۇرۇنقىدەكلا يېقىنچىلىق بىلەن «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمغا ئازلا قالدى، ئەڭ ئاخىرقى پۇلنىلا قاراپ قالدىم» دېگەن. هايت-ھۇيت دېگۈچىلا يەتتە يىل ئۆتۈپ كەتكەن. «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئاز قالغان» خەت بېسىش ماشىنىكىسى يەنىلا پۈتمىگەن. مارك تۋېن بارماق ساناپ ھېسابلاپ كۆرۈپ، يىگىرمە نەچچە مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى پېككىگە ئىشىنىپ قولىدىن چىقىرىپ قويغانلىقىنى بايقىغان. ئۇ زادى تاقەت قىلىپ تۇرالماي، پۇل سوراپ كەلگەن پېككىدىن زادى قاچان ھەقىقىي تۈردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىنى سورىغان.

پېككى يەنە سۆزمەنلىك قىلىپ، بۇ قېتىم «ھەقىقىي تۈردە» مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىنلاشقانلىقىنى، مارك تۋېن «ئەڭ ئاخىرقى» 3 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى بەرسىلا ماشىنىكىسىنى جەزمەن پۈتتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. قورسىقى كۆيۈپ تۇرغان مارك تۋېن: «يىگىرمە نەچچە مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى دوغا تىكىۋەتكەن يەردە يەنە 3 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى خەجلىسەم نېمە بوپتۇ؟! خەت بېسىش ماشىنىكىسىنى تەتقىق قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسىلا، نەچچە ئون مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى مەبلىغىمنى نەچچە ھەسسىلەپ، نەچچە ئون ھەسسىلەپ قايتۇرۇۋالايمەنمۇ» دەپ ئويلىغانىدى.

مارك تۋېن بۇ «ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت»نىڭ يەنە ئۇزاققىچە سۆرۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ بۇ ئىشقا 45 يېشىدا مەبلەغ سالغاندىن تارتىپ چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەن 60 ياشلىق بوۋايغا ئايلانغانغا قەدەر

خەت بېسىش ماشىنكىسى يەنىلا تەتقىق قىلىپ ياسىلىپ چىقىلمىغان. بۇنىڭغا جەمئىي 150 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى پۇل كەتكەن. مارك تۋېن ئەمدى ھەرگىز ئەخمەق بولماسلىق قارارىغا كەلگەن. لېكىن، پېككى مارك تۋېننى يەنە ئالداپ كەتكەن. بىر كۈنى مارك تۋېنغا بىر شۇم خەۋەر كەلگەن: باشقا رىقابەتچىلەر خەت بېسىش ماشىنكىسىنى كەشىپ قىلىپ چىققان ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرگەن. مارك تۋېن مەبلەغ سالغان، تېخى «تەڭشىلىۋاتقان» خەت بېسىش ماشىنكىسى ئەمدى بازارغا سېلىنىشمۇ پۇلغا يارىمايتتى. مارك تۋېن پەقەت شۇ چاغقا كەلگەندىلا قاتتىق بېيىشتىن ئىبارەت شېرىن چۈشىنىڭ يوققا چىققانلىقىنى، 190 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىنى بىلگەن. ئەمما ئۇ ھۆرمىتى ۋە پۇلىنى زادىلا قايتۇرۇۋالالمىدى.

مارك تۋېننىڭ ئىككىنچى قېتىم سودىگەرچىلىك قىلىشى نەشرىيات شىركىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان.

50 ياشقا كىرگەندە مارك تۋېننىڭ نام-شۆھرىتى تېخىمۇ ئاشقان. ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ نەشر قىلىنىش كىرىمىنىڭ كۆپىنچىسى نەشرىيات سودىگەرلىرىنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقى، يەنە كېلىپ بۇنىڭ ئۇندىن بىرنىلا ئۆزى ئالالايدىغانلىقىغا قاراپ، مارك تۋېندا: «نېمىشقا ئۆزۈم بىر نەشرىيات شىركىتى قۇرۇپ، ئۆز ئەسەرلىرىمنى مەخسۇس نەشر قىلىپ تارقاتمايمەن» دېگەن خىيال پەيدا بولغان، لېكىن ئۇ نەشرىيات شىركىتى قۇرۇش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئەمەس ئىدى، ھەتتا ئەقەللىي مالىيە بىلىمىنىمۇ ئۇقمايتتى. شۇڭا ئۇ 30 ياشلىق جيەنى ۋېبوستىنى شىركەتنىڭ دىرېكتورلۇقىغا تەكلىپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئارقىدىن قەرز ئېلىپ 20 باسما ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، تۇپلەش ئورنىدىن يەتتىنى قۇرۇپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ساتقۇچى ياللىۋېلىپ، ئىشقا كىرىشىپ كەتكەن.

مارك تۋېننىڭ ئۆزى نەشر قىلغان تۇنجى كىتابى — «خاكىبېل فىننىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى»، ئىككىنچىسى — «گېنېرال گرانتنىڭ ئەسلىمىسى» دېگەن كىتاب بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ باش قەھرىمانى گرانت ئامېرىكىنىڭ جەنۇب-شىمال ئۇرۇشىدىكى شىمال تەرەپنىڭ باش قوماندانى، لىنكولندىن كېيىن ئۇدا ئىككى قېتىم ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغان، ئامېرىكىلىقلارنىڭ قەلبىدىكى ئۇلۇغ شەخس ئىدى، ئەمما ئۇ ئاق سارايدىن ئايرىلىپ تەركىبىدۇنيا بولۇپ ياشىغاندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا چەكلىك ئامانەت پۇلى باشقىلار تەرىپىدىن ئالداپ كېتىلىپ، ھېچنېمىسى يوق قەلەندەرگە ئايلىنىپ قالغان. ئامېرىكىلىقلار بۇ سابىق زۇڭتۇڭنىڭ تەقدىرىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەچكە، بۇ كىتاب بازارلىق كىتاب بولۇپ، 640 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى پايدا بەرگەن. مارك تۋېن بۇ كىرىمدىن 420 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ھېلىقى سابىق زۇڭتۇڭنىڭ رەپىقىسىگە ھەدىيە قىلغان. 180 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى نەشرىيات شىركىتىگە بەرگەن. 40 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ئۆزى ئېلىپ قالغان. مۇشۇ 40 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ھېلىقى خەت بېسىش ماشىنكىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساشقا سېلىنغان ئەڭ ئاخىرقى مەبلەغ ئىدى.

مارك تۋېن بۇ ئىككى قېتىملىق تاسادىپىي غەلبىدىن ئېسەنكىرەپ قېلىپ، نەشر

قىلىش دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتكەن. ئۆيلەنگەن يەردىن دىرېكتور ۋىبوست ئۇنىڭغا قارىغاندا مالىيە-بوغالتىرلىق بىلىملىرىنى كۆپرەك بىلگەندىن باشقا تىجارەت باشقۇرۇشنى ئازراقمۇ بىلمەيدىغان بولۇپ چىقتى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە بىر ئايۇستا يەنە بىر ئايۇستىغا ئاجايىپ-غارايىپ، رومانتىك تۈسكە تولۇپ تاشقان يولىيورۇقلارنى چۈشۈرۈۋېرىدىغان، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ يولىيورۇقىدىكى سىرلارنى چۈشىنەلمەيدىغان، ئىككى تەرەپ مۇشۇ سەۋەبتىن ھەمىشە تاكاللىشىپ قالىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىققان. 3-يىلىغا كەلگەندە ۋىبوست يەنە ئىشلەۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، پېشىنى قېقىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن مارك تۋېن سودىغا بىۋاسىتە قول تىقىشقا مەجبۇر بولغان. ئەمما ئۇنىڭ ھېساب-كىتابقا قارىسىلا بېشى ئاغرىيتتى، پۈتكۈل نەشرىيات شىركىتىنى ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلىشىدىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. بۇ شىركەت نەشرىياتچىلىقنى ئاران ئون يىل داۋاملاشتۇرۇپ، 1894-يىلدىكى ئىقتىسادىي كرىزىستا ئۆزۈل-كېسىل غۇلاپ چۈشكەن. مارك تۋېن مۇشۇ سەۋەبتىن 94 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى قەرزگە بوغۇلۇپ، يۈزگە يېقىن كىشىگە قەرزدار بولۇپ قالغان.

## خاۋەرن «پارلاق يول»نىڭ يېڭىباشتىن نەشر قىلىنىشى ئۈستىدە توختالدى

خاۋەرنىڭ ئىجادىيەتكە كىرىشىپ 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يازغان ئىككىنچى رومانى — «پارلاق يول» تۆت قىسىمغا بۆلۈندۇ. ئۇنىڭ 3-قىسمى بىلەن 4-قىسمى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن تاشلاپ قويۇلغان. نەشر قىلىنغان ئالدىنقى ئىككى قىسمىنىڭ كىتابخانىلاردىن ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكىنىگىمۇ 20 يىلدەك بولۇپ قالغان. يېقىندا جىڭخۇا نەشرىياتى تۆت قىسىملىق «پارلاق يول»نى يېڭىباشتىن نەشر قىلماقچى بولغان، بۇ خەۋەر ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان، بەزى گېزىت-ژۇرناللار باشقىچە پىكىرلىرىنى بىلدۈرگەن. خاۋەرن بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى پەۋقۇلئاددە ھايات كەچۈرمىشلىرىگە نىسبەتەن مەندە قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن تەجرىبە-ساۋاق بار، ئەمما «پارلاق يول»نى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشقا چىن كۆڭلۈمدىن قايىل ئەمەسمەن. مەن بۇ رومانغا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت تەييارلىق قىلغان. مەن شۇ چاغدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يېزىلىرىنىڭ «تارىخى»نى يېزىپ چىقىپ، دېھقانلارغا «تەرجىمھال» تۇرغۇزۇش، شۇ ئارقىلىق بىرنەچچە مىڭ يىلدىن بېرى قۇمدەك چېچىلاڭغۇ ھالەتتە يەككە ئىشلەپ كەلگەن جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ قانداق قىلىپ قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا «تەشكىللىنىپ» كوللېكتىپ ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچىلەرگە ئايلانغانلىقىنى-كېيىنكى ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈش، يەر-جاھاننى زىل-زىلىگە سالىدىغان بۇ ئۆزگىرىشنى ئەينەن خاتىرلەش، بۇ مۆجىزىنىڭ ياراتقۇچىلىرىنى مەدھىيىلەشتەك ئۇلۇغۋار ئىرادىگە كەلگەنىدىم. «پارلاق يول» بىلەن «قۇياش ئىلىنتقان باھار» مېنى ئۆيلەنگەن يەردىن «سەككىز ئۇلگىلىك تىياتىر، بىر يازغۇچى» دېگەن «يۈكسەك ئورۇن»غا چىقىرىپ قويغان. بۇ «شان-شەرەپ» مېنىڭدەك بىر ياشنى

ھەقىقەتەنمۇ مەمنۇن قىلغان، قانائەتلەندۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە باشقىلارنىڭ بىلىشى ۋە ھېس قىلىشى تەس بولغان ۋەھىمە، ئەندىشە ھەم ئىچ پۇشقىنىمۇ مۇپتىلا قىلغان. ئەينى چاغدا «سول» ئىدىيىۋى ئېقىم ناھايىتى ئېغىر بولغاچقا، مېنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيەم ھەقىقەتەنمۇ بەزى تەسىرلەرگە ئۇچرىغان. ئەمما مەن «پارلاق يول» نى يېزىش داۋامىدا تۇرمۇشقا، ھېسسىياتىمغا، ئۆزۈمنىڭ بەدىئىي ۋىجدانىمغا ئىمكانقەدەر سادىق بولغان، گەرچە بۇ رومانغا ئاشۇ دەۋرنىڭ ساقلانغىلى بولمايدىغان تامغىسى بېسىلىپ قالغان ۋە ئۇنىڭدا نۇرغۇن كەمچىلىكلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق تۈزىتىش كىرگۈزمەيمەن... مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى مەسلىھەت ھەم تەنقىدلەرنى سەممىيلىك بىلەن كۈتۈشتىنلا ئىبارەت.

## يۈز يىل ئاۋۋالقى ھۆكۈما

پارىژ كوچىلىرى سانجاق-سانجاق ئادەم ۋە ماشىنا بىلەن تولۇپ كەتكەن، ھاۋا بۇلغانغان، كىيىم-كېچەكلىرى جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن ماكانسىزلار بىلەن قاتار كەتكەن ئاسمانپەلەك ئىمارەتتىكىلەر بىرگە ياشاۋاتقان... مانا بۇ دۇنيادىكى چوڭ شەھەر پارىژنىڭ ھازىرقى كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر كىشى مۇندىن يۈز يىل ئاۋۋاللا كۆرۈپ يەتكەن. بۇ كۆرۈنۈشلەر «20-ئەسىردىكى پارىژ» دېگەن ئەسەرنىڭ ئورىگىنالىدا خاتىرىلەنگەن.

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى فرانسىيىنىڭ مەشھۇر فانتاستىك يازغۇچىسى ۋېرنې. 1863-يىلى ۋېرنې «20-ئەسىردىكى پارىژ» ناملىق رومانىنى يېزىپ چىققان. شۇ چاغدا بۇ كىتابنىڭ نەشرىيات سودىگىرىگە بېرىلگەن ئورىگىنالى ناھايىتى تېزلا قايتۇرۇۋېتىلگەن. نەشرىيات سودىگىرى ئەسلىدە ۋېرنېنىڭ 20-ئەسىردىكى پارىژنىڭ كىشىگە ئۈمىد بېغىشلايدىغان، گۈزەل كۆرۈنۈشىنى سۈرەتلەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلغان، ئەمما يازغۇچىنىڭ دەھشەتلىك چۈشتەك بىر شەھەر مەنزىرىسىنى يورۇتۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان.

رومانىنىڭ باش قەھرىمانى نامرات ۋە ماكانسىز شائىر قىستا-قىستاڭ. ماددىي مەنپەئەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ شەھەردە ياشايدۇ. بۇ يەردە ئەنئەنىۋى، ئېسىل فرانسىيە مەدەنىيىتى خىلمۇخىل ئەرزان باھالىق، ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش پائالىيەتلىرىگە ئورۇن بېرىدۇ... بۇ كىتابنىڭ ئەڭ ئېسىل يېرى ئۇنىڭدىكى ھېكايىنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى ۋېرنېنىڭ 20-ئەسىردىكى پارىژغا بولغان يۈكسەك ئالدىن كۆرەرلىكىدە.

ۋېرنې بۇ رومانىنى يېزىۋاتقان چاغدا پارىژ كوچىلىرىدا ئېلېكترلەشكەن بىرلا كوچا چىرىغى بولغان، ئەمما ئۇ يۈز مىڭ دانە كوچا چىرىغىنىڭ 20-ئەسىردىكى پارىژنى يورۇتۇپ تۇرىدىغانلىقىنى (ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولغان)؛ پارىژدا 500 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكىدىكى بىر ماياكنىڭ قەد كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن مايا كنىڭ ئورنى دەل ھازىرقى ئېففېل تۆمۈر مۇنارىنىڭ ئورنىغا توغرا كەلگەن؛ ۋېرنې يەنە فاكسىمىللىق ئاپپاراتنىڭ پارىژدىكى سودا پائالىيىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان قورال بولۇپ قالىدىغانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغان...

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# مەرھۇم تاھىر جېلىلنىڭ
# ھاياتىدىن كۆرۈنۈشلەر



يېزىقچىلىق ئۈستىدە




بىر ھەۋەسكار بىلەن



زۇنۇن قادىر، تۇردى سامساقلار بىلەن



پىكىر ئالماشتۇرۇش




《塔里木》文学月刊(维吾尔文) TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：«塔里木»编缉部
出　　版：新疆人民出版社
排　　版：«博格达»电子排版中心
印　　刷：乌鲁木齐市印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅，零售：各地邮局所

1995-يىل 2-سان (408-سان)، 45-يىل نەشرى
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
(ئۈرۈمچى جەنۇبى دوستلۇق يولى 22-قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4816214)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، «بوغدا» ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا
بېسىلدى. ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国际标准刊号：ISSN 1002—9044 :خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى
国内统一刊号：CN 65—1010/I :مەملىكەت بويىچە بىرتۇتاش ژۇرنال نومۇرى
国外代号：M 4461　چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M 4461
邮发代号：58-66　定　价：2.40元　پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66-58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.40 يۈەن
邮政编码：830000 :پوچتا نومۇرى
广告许可证：新工商广字01005419号